
● يېڭى دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتقان «بوشلۇق شاھى» ئادىل ھوشۇر ●




# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANGCIVILIZATION

5
1997

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، ژۇرنىلىمىزنىڭ باش مۇھەررىرى، ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشيا بوغۇزىدىن ئۆتۈش پائالىيىتىنىڭ رىياسەتچىسى مۇھەممەت زۇنۇن ئەپەندى ئادىل ھوشۇر سەنشيا بوغۇزىدىن ئۆتۈش ئالدىدا مۇۋەپپەقىيەت تىلىمەكتە.



ئادىل ھوشۇر چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزىغا تارتىلغان سۇ يۈزىدىن ئېگىزلىكى 402 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 640.7 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات ئارغامچىدىن ئۆتمەكتە.

**شىنجاڭ مەدەنىيىتى** قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژورنال
46 - يىل نەشرى 1997 - يىل 5 - سان (ئومۇمىي 228 - سان)

# بۇ ساندا

## مەخسۇس ماقالە

مەدەنىيەت خىزمىتى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى لازىم ...... مۇھەممەت زۇنۇن 2

## ئادىل ھوشۇرغا بارىكاللا

ئۆچمەس ئىز، شانلىق مۆجىزە ........................ مۇھەممەت زۇنۇن 5
بىر ئەمەس مىڭ ئاپىرىن . . . . . . . . . . . (شېئىر) ........................ شۈكۈر يالقىن 8

## ئەدەبىيات گۈلزارى

«ئۇرۇمچىنىڭ چۈشى» گە تەبىر ........................ ساۋۇتجان ئابدۇقادىر 9
ف. نىتزى ئەسەرلىرىدىن ئەقلىيەلەر ........................ ئا. جالالىددىن، ب. ھېۋىزۇللا تەرجىمىسى 11
مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ...... توپلىغۇچى: ئې. خۇدابەردى 16

## مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى

خەۋەرلەر ........................ مېھرىئاي ياقۇپ، غەيرەت ئابدۇللا، زۇنۇن باقى 17
تەسىرات ۋە باھا ........................ ئا. مەخسۇت، ج. كامىل، م. ياقۇپ، ت. ئوبۇل، پ. ئابدۇرېھىم 24

## مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن

قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىن قىسقىچە بايان ........................ ئىمىن تۇرسۇن 27

## مۇھاكىمە

تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ ........................ ئەسەت سۇلايمان 35
بىزگە مەمتىلى ئەپەندىدەك ئوغلانلار كېرەك ........................ داۋۇت ئوبۇلقاسىم 50

## ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش

سەرخىللارنىڭ شاللىنىپ قېلىشى ........................ خې شىن 63
مەدەنىيەت ئېقىمىنىڭ ياتلىشىشى ........................ ئابدۇقادىر جالالىددىن 67

## سادا

بىزدىكى چاتما ناخشا روھى ۋە مەنىۋى ئىلاستىكا ........................ ئادىل ئابدۇرېھىم 74

## دانالار خەزىنىسى

ھايات ھەقىقەتلىرى ........................ تەييارلىغۇچى: د. قۇربان، م. يۈسۈپ 80

مۇقاۋىدا: يېڭى دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتقان «بوشلۇق شاھى» ئادىل ھوشۇر. ئالىم خالىددىن فوتوسى.
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن    مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)
مۇھەررىر ۋە كاتىپ: رىسالەت مۇھەممەت    بۇ قېتىم سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا كورېكتورى: قۇربان مامۇت

www.uyghurkitap.com



مەخسۇس ماقالە

# مەدەنىيەت خىزمىتى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى لازىم

مۇھەممەت زۇنۇن

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، پروفېسسور)

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش بۈيۈك ئىش بولۇش بىلەن بىللە، بىر قىسىم ئىنقىلاب باشقىدىن ئۇلۇغ ئىجادىيەت. ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى كۆپلىگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىپلا قالماستىن، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمۇ نۇرغۇنلىغان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. شۇڭا ئۇزاق مۇددەت ئىزدىنىشكە ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «قارار» ىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «ئىشىك سىرتقا كەڭ ئېچىۋېتىلگەن، دۇنيا يېڭى پەن - تېخنىكا ئىنقىلابى كۆتۈرۈلىۋاتقان ئەھۋالدا، قانداق قىلغاندا چەت ئەلنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەدەنىيەت ئەخلەتلىرىنىڭ تارقىلىشىنى توسۇپ ۋە تۈگىتىپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئېلىمىزنى ‹غەربلەشتۈرۈش›، ‹پارچىلاش، سۈيىقەستىگە تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇلار سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا ئەستايىدىل ھەل قىلىشقا تېگىشلىك تارىخىي مەسىلىلەردۇر». بۇنىڭغا قارىتا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈشىمىز لازىم. مەدەنىيەت خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، مۇنەۋۋەر مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، دۇنيانىڭ ئېسىل مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى پائال قوبۇل قىلىش ۋە ئەينەك قىلىش لازىم. سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆز قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، دەۋر روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، مىللىي ئۇسلۇب ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ بارغانسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق، غايە، پەزىلەت، قىممەت قارىشىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىنى

ئىلگىرى سۈرۈپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش لازىم.

سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىشنىڭ يولغا قويۇلۇشى، يۇقىرى پەن - تېخنىكا ۋە ئىلغار تېخنىكا بىلىملىرىنىڭ كىرگۈزۈلۈشى دۇنيادىكى ئېسىل مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئەينەك قىلىش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت ھازىرلاپ بەردى. بىراق بەزى پاسسىپ ۋە زىيانلىق نەرسىلەرمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ساقلانغىلى بولمايدىغان ھالدا سوقۇنۇپ كىردى. شۇڭا چەت ئەلنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى كىرگۈزۈش، ۋەتەننىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا مەدەنىيەت ئەخلەتلىرىنىڭ تارقىلىپ كىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈگىتىش، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ «غەربلەشتۈرۈش»، «پارچىلاش» سۇيىقەستىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، بولۇپمۇ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى خىزمىتى دۇچ كەلگەن مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى. بۇ ھال مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرىدىن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە مەركەزنىڭ بىر قاتار فاڭجېن - سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.



بىرىنچى، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى توغرا تونۇشىمىز، بۇ جەھەتتە مېڭىنى سەگەك تۇتۇشىمىز لازىم. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئېلىمىزگە قارىتا «غەربلەشتۈرۈش»، «پارچىلاش» سۇيىقەستى، چېگرا سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ چېگرا ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك قىلىش سۇيىقەستى ئۇزاققىچە داۋاملىشىدۇ. ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە سىڭىپ كىرىپ، مەدەنىيەت ۋە دىن نامى بىلەن قانۇنسىز دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشمۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ بولىدۇ ۋە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چەت ئەللەرنىڭ كۆپلىگەن مەدەنىيىتى تۈرلۈك تارقىلىش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت بازارلىرىغا كىردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى، كىتاب، گېزىت - ژۇرنال، سەنئەت ئويۇنلىرى ھەمدە بىر مۇنچە ئويۇن كارتۇشكىسى قاتارلىق مەدەنىيەت بۇيۇملىرى بار، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ياخشى، بەزىلىرى بولسا مەدەنىيەت ئەخلەتلىرى ياكى شاكاللاردىن ئىبارەت. بۇلار مەدەنىيەت بازىرىغا ئېغىر خىرىس قىلدى. بىز ئۇزاق مۇددەتكىچە بۇنداق نەرسىلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە تاقابىل تۇرۇشىمىز، قارشى تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. بۇ جەھەتتە، ئېچىۋېتىش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، دۇنيانىڭ ئېسىل مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى دادىللىق بىلەن قوبۇل قىلىش بىلەن بىللە، پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش، ھەممىنى ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ كەلمەسلىك كېرەك. چەت ئەلنىڭ مەدەنىيەت ئەخلەتلىرىنى ۋە جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ئېلىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىگە پايدىسىز بولغان نەرسىلەرنى چەكلەش ۋە قارشى تۇرۇش، مەدەنىيەت ئەخلەتلىرىنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈگىتىش، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ مەدەنىيەتتىن پايدىلىنىپ سىڭىپ كىرىپ «غەربلەشتۈرۈش»، «پارچىلاش» سۇيىقەستىگە قەتئىي تاقابىل تۇرۇش كېرەك.

ئىككىنچى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىكىنى ساقلاپ قېلىشىمىز لازىم. بۇ مۇستەقىللىك بىزنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزنى تولۇق نامايان قىلىپلا قالماي، ئۆزىمىزنىڭ يولىدا مېڭىپ، ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلىشى، بولۇپمۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئىلغار مەدەنىيىتى بولغان جۇڭگوچە مەدەنىيەتنى نامايان قىلىشى لازىم. بۇ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى بىلەن دەۋر روھىنى بىرلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئېلىمىز ئۇزاق مەدەنىيەت تارىخىغا، ئېسىل مىللىي مەدەنىيەتكە ئىگە. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يېڭى مەدەنىيەت - سەنئىتىنى

www.uyghurkitap.com


راۋاجلاندۇرۇشقا مىسلىسىز كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەردى، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرىدىغان كەڭ سەھنىگە ئىگە قىلدى. خەلق مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشكە چاقىرماقتا، ئەدەبىيات - سەنئەتمۇ خەلقنىڭ مۇنبەت زېمىنىدىلا يىلتىز تارتىپ چېچەكلەيدۇ.

ئۈچىنچى، مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى تىرىشىپ بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم. مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى ئادەتتىكى تاۋار بولماستىن، ئالاھىدە تاۋارلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، بازارنىڭ قىممەت قانۇنىيىتىگە ئاساسەن ئالماشتۇرۇلىدۇ. شۇڭا بىز بارلىق مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئادەتتىكى تاۋار دەپ قارىماسلىقىمىز لازىم. مەدەنىيەت - سەنئەت مەھسۇلاتلىرى ئادەتتىكى ماددىي تاۋارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ، مەنىۋى مەھسۇلاتنىڭ ماددىي ۋاستىسى، ئۇنىڭ قىممىتىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇش شەكلى ئەڭ مۇھىمى ئىجتىمائىي ئۈنۈمدە ئىپادىلىنىدۇ. مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى ئىجتىمائىيلىقتا ۋە ئىدېئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بىر بەزى غەرب ئەللىرىگە ئوخشاش ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىلا قوغلىشىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن كارى بولمايدىغان، مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ ياخشى ياكى يامانلىرىنى پەرقلەندۈرمەي ھەممىسىگە چوقۇنىدىغان ھەتتا غەربنىڭ مەدەنىيەت ئەخلەتلىرى ۋە چىرىك نەرسىلىرىنىمۇ دۆلىتىمىز ئىچىگە سۆرەپ كىرىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىقىمىز كېرەك. ھازىر مەدەنىيەت سېپىدە كۆرۈلگەن بىر مۇنچە يېڭى مەسىلىلەر، بولۇپمۇ مەدەنىيەت بازارلىرىدىكى ئۈن - سىن بۇيۇملىرى تىجارىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر دەل بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتىكى خاتا قاراشلىرى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان. بەزىلەردە «جاھان تىنچلاندى، دۆلەت دەرۋازىسى ئېچىۋېتىلدى» دەپ غەربنىڭ مەدەنىيىتىگە قارىغۇلارچە چوقۇنىدىغان ھەتتا «ئەجنەبىيلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەخلەتلىرى»گە ھەۋەس قىلىدىغان خاھىشلار پەيدا بولدى، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ۋە خاتا.

تۆتىنچى، ئېسىل مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزگە ۋە سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن مەدەنىيەتكە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىش لازىم. جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۆز تارىخىدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا شانلىق جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان. بىز ئۇنىڭ جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىپ، شاكىلىنى چىقىرىپ تاشلاپ، مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم. دۇنيانىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ۋە ئەينەك قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم. مەدەنىيەت تارماقلىرى ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھەر يىلى خەلق ئاممىسى ياقتۇرىدىغان بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى لازىم. بۇ ئەسەرلەر ئىدىيىۋى مەزمۇنى ساغلام، كىشىلەرنى ئالغا ئىنتىلدۈرىدىغان بولۇپلا قالماستىن، سەنئەت شەكلى جەھەتتە تېخىمۇ ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان، كۆپ خىللاشقان، مىللىيلاشقان، تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن بولۇشى كېرەك. مىللىي مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى، مۇنەۋۋەر نەپىس سەنئەتنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا يار - يۆلەك بولۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت سىرتىدىكى ئىلغار سەنئەت تارقىتىش ئۇسۇلىنى، يۇقىرى پەن - تېخنىكىلىق سەنئەت شەكلى ۋاستىلىرىنى زور كۈچ بىلەن كىرگۈزۈپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكا ۋاستىسىنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق سەنئەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك.



سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە سەنئەت ئىشلەپچىقىرىشى مۇرەككەپ مەنىۋى ئەمگەك. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىدىن خەلق ئاممىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىجادىيەت روھىنى ئۇرغۇتۇپ، تىرىشچانلىقى ۋە غەيرىتىنى، ئالىيجاناب سەنئەت ئەخلاقى ۋە پەزىلىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، كونا قاراشلار ۋە پۇلنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن خالىي بولۇپ، بارلىقىنى سەنئەتكە بېغىشلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «خەلق ئالدىدا جاۋابكار بولىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى باشتىن ئاخىر بوشاشماي كەڭ ئاممىغا يۈزلىنىشى، بەدىئىي جەھەتتە ئۆز ماھارىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، قولىنىڭ ئۇچىدا كەلسە - كەلمەس ئىشلەپ قويۇشتىن ساقلىنىشى، ئۆز ئەسىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئۈستىدە ئەستايىدىللىق ۋە تەلەپچانلىق بىلەن ئويلىنىشى، خەلققە ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇقلارنى تەقدىم قىلىشقا تىرىششى لازىم» دېگەنىدى. ھەر بىر ئەدەبىيات - سەنئەت خادىمى بۇ تەلىم ئارقىلىق ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈشى، كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىشى، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، «ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى» بولۇشقا ھەقىقىي مۇناسىپ كېلىدىغان ئەدەبىيات - سەنئەت جەڭچىلىرىدىن بولۇپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، رەڭگارەڭ گۈل چېچەكلەرنى ئېچىلدۇرۇشى كېرەك. (M2)



# ئۆچمەس ئىز

# شانلىق مۆجىزە

مۇھەممەت زۇنۇن

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ
نازىرى، ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشيا
بوغۇزىدىن ئۆتۈش پائالىيىتىنىڭ
يېتەكچىسى)

شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىنىڭ 26 ياشلىق مۇنەۋۋەر دارۋازى ئادىل ھوشۇر بۇ يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزىغا تارتىلغان سۇ يۈزىدىن ئېگىزلىكى 402 مېتر، ئۇزۇنلۇقى 640.7 مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات ئارغامچىدىن 13 مىنۇت 48 سېكۇنتتائۆتۈپ ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى كوچرەين 1995 - يىلى 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى دەل مۇشۇ يەردە ياراتقان 53 مىنۇت ئون سېكۇنتتائۆتۈشتەك دۇنيا جىننىس رېكورتىنى بىراقلا 39 مىنۇت 63 سېكۇنت ئالدىغا سۈرۈپ يېڭى دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتتى. ئۇ، بۇ دۇنياۋى مۆجىزە بىلەن ئۇيغۇر دارۋازلىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى نامايان قىلىپ جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۈچۈن قالتىس زور شان - شەرەپ كەلتۈردى. ئادىل ھوشۇرنىڭ يېڭى دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتقانلىقى جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ۋە مىللىي غورۇرىنى ئۇرغۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇلۇشىغا يوللانغان خاسىيەتلىك سوۋغات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئادىل ھوشۇر ھەقىقەتەن «بوشلۇق شاھى»، «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پەخرى» دەپ ئۇلۇغلىنىشقا ھەقلىق. ئۇنىڭ كاتتا تۆھپىسى، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، قەھرىمانلىق شىجائىتى، تەڭداشسىز جاسارىتى تارىخ سەھىپىسىدە چاقناپ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد نۇر چاچقۇسى!

1995 - يىلى 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى كانادالىق كوچرەين 53 مىنۇت ئون سېكۇنتتا چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزى بوشلۇقىدىن پولات ئارغامچىدا ئۆتۈپ دۇنيا جىننىس رېكورتىنى ياراتتى. بۇ خەۋەر پۈتكۈل دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى. خېلى كۆپ ۋەتەنداشلار ئۆز زېمىنىدا بىر چەت ئەللىكنىڭ دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتقانلىقىدىن ئەپسۇسلانغانىدى. شۇ چاغدا ئادىل ھوشۇر شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىنىڭ دارۋازلىق ئەترىتى بىلەن مەملىكەت بويىچە 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر

## ئادىل ھوشۇرغا بارىكاللا

www.uyghurkitap.com

ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كۈنمىڭغا كېتىۋاتاتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ مەردانىلىك بىلەن سېرىك ئۆمىكى رەھبەرلىكىگە:

— بىر چەت ئەللىك قىلغان ئىشنى بىز جۇڭگولۇقلار نېمە ئۈچۈن قىلالمايدىكەنمىز؟ ئۆزىمىزنىڭ زېمىنىدا ئۆزىمىز رېكورت ياراتساق نېمىشكە بولمايدىكەن؟ مەن كوچرەينگە جەڭ ئېلان قىلىمەن، — دېدى.

شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ بېشىدا شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىنىڭ دارۋازلىق ئەترىتى كۈنمىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ماھارەت كۆرسەتتى ۋە ئادىل ھوشۇر دارۋازلىق بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى جياڭ خۇڭ خانىم ئادىل ھوشۇرنى زىيارەت قىلدى. ئۇ، جياڭ خۇڭ خانىمغا سۆھبەت بايان قىلىپ مەردانە ھالدا:

— بىر چەت ئەللىك جۇڭگو زېمىنىدا دۇنيا جىنىس رېكورتىنى ياراتتى. مەن 40 مىنۇت ئىچىدىلا سەنشيادىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ رېكورتىنى يېڭىلاپ جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە شەرەپ كەلتۈرىمەن، — دېدى.

بۇ بىر تەڭداشسىز ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىرادىسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك خىتابنامىسى ئىدى. بۇ خەۋەر شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئارقىلىق چاقماق تېزلىكىدە پۈتكۈل جۇڭگو ۋە دۇنياغا تارقالدى. ئۇنىڭ بۇ قەيسەر ۋەتەنپەرۋەرلىك چۇقانى شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقان ھەر بىر جۇڭگولۇقنىڭ قەلبىدە چېقىلغان چاقماق بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ۋە مىللىي غورۇرىنى ئۇرغۇتتى؛ روھىغا روھ قوشۇپ، يېڭى كۈچ - جاسارەت ئاتا قىلدى.

سەنشياغا مېڭىشتىن بۇرۇن ئۇ ماڭا قىلغان خوشلىشىش سۆزىدە: «مەن بۇ قېتىم چاڭجياڭ سەنشيا بوغۇزىدىن چوقۇم غەلىبىلىك ئۆتۈپ تەڭرىتاغ ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرىدىغان قەھرىمانلىق جاسارىتىنى پۈتكۈل دۇنياغا نامايان قىلىمەن» دېدى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

ھەقىقەتەن بۇ قەھرىمان ئوغلان دېگىنىنى قىلدى!

1997 - يىل 22 - ئىيۇن ھەقىقەتەنمۇ خاسىيەتلىك كۈن بولدى. بۇ كۈندىكى جەڭگىۋار، سەلتەنەتلىك مەنزىرە تا بۈگۈنگىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ: سەنشيا كۈيمېن ئېغىزىدا ھاۋا ئوچۇق ئىدى. چاڭجياڭ دەرياسى مۇشۇ تار ئېغىزغا كەلگەندە تېخىمۇ ئۇلغىيىپ شىددەتلىك دولقۇنلاپ ئاقماقتا. ئىككى قاش سۇ يۈزىدىن 400 مېتردىن ئارتۇق كېلىدىغان ئېگىز چوققا. ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشيا بوغۇزىغا تارتىلغان پولات ئارغامچىدىن ئۆتىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان پۈتكۈل ۋەنشيەن خەلقى قوزغىلىپ كەتكەن. مىڭلاپ، ئونمىڭلاپ خەلق توپى سەنشيا بوغۇزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چوققىغا قاراپ ئاقماقتا. مەن، شىنجاڭ سېرىك ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مىجىت ساۋۇت ئادىل ھوشۇرغا ھەمراھ بولۇپ كۈيمېن چوققىسىنىڭ شىمالىغا قاراپ كېتىۋاتىمىز. مەن ئۇنىڭغا: «ئۇكام ئادىل، بۈگۈن - ھەل قىلغۇچ كۈن. يېڭى دۇنيا جىنىس رېكورتى بۈگۈن يارىتىلىدۇ. بەش - ئون مىنۇت بۇرۇن ئۆتسەڭمۇ يېڭى رېكورت دېگەن شۇ. تەمكىن - دادىل ماڭغىن» دەيتتىم. ئۇ ماڭا: «خاتىرجەم بولۇڭ ئاكا، خىزمىتىڭىز شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ سىز ماڭا مەدەت بېرىپ ئاتايىتەن كەپسىز. چوقۇم يېڭى رېكورت يارىتىمەن» دەيتتى. ئۇنىڭ روھىي ھالىتى شۇنچە كۆتۈرەڭگۈ، ئۆزى سالماق، قەدەملىرى مەزمۇت ئىدى. سەنشيا كۈيمېن چوققىسىنىڭ شىمالىي ئېغىزىغا 50 مېتر قالغان بوشلۇقتا ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشيا بوغۇزىغا تارتىلغان پولات ئارغامچىدىن ئۆتۈش پائالىيىتىگە قوماندانلىق قىلىش مۇنبىرى ياسالغانىدى. (بۇ قوماندانلىق مۇنبىرى ئەسلىدە كوچرەين سەنشيادىن ئۆتكەندە ياسالغانىكەن.) مەن ئادىل ھوشۇر بىلەن قوماندانلىق مۇنبىرى ئالدىدا ئۇنىڭغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەپ خوشلاشتىم. ئادىل ھوشۇر ئادەملەر توپى ئىچىدە داۋاملىق ئېگىز چوققىغا قاراپ ماڭماقتا. ئۇنىڭ بادام دوپپىسى كۈن نۇرىدا تېخىمۇ چاقناپ، خۇددى تاڭ سەھەردە ئېچىلغان ئاق لەيلىدەك جۇلالاپ تۇراتتى.

سەنشيا بوغۇزىنىڭ ئىككى قېشى ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم بۇ ھەيۋەتلىك تاغ ئېغىزىنى قاينام تاشقىنلىق بايرام تۈسىگە كىرگۈزدى. ئادەملەر توپى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك داۋالغۇپ «ئادىل!»، «ئادىل!» دەپ چۇقان - سۈرەن سالاتتى.

تارىخىي مىنۇتلار بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا، ھەممە ئادەم سائىتىگە قارايدۇ. بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 11 گە بەش مىنۇت قالغاندا مەن مۇنبەرگە چىقىپ: «ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشيا بوغۇزىدا پولات ئارغامچىدىن ئۆتۈش پائالىيىتى ھازىر باشلاندى» دەپ تەنتەنە بىلەن جاكارلىدىم. دۆلەت بايرىقى چىقىرىلدى، دۆلەت شېئىرى ئوقۇلدى. پۈتكۈل جامائەتنىڭ كۆزى زور ئۈمىد - ئىشەنچ بىلەن ئادىل ھوشۇرغا تىكىلگەنىدى. سائەت دەل 11 دە بېشىغا يارىشىملىق بادام دوپپا، ئۇچىسىغا ئوتقاشتەك قىپقىزىل رەققاس كىيىمى، پۇتىغا يۇمشاق قىزىل ئۆتۈك كىيگەن ئادىل ھوشۇر ئۇزۇنلۇقى 8.9 مېتر، ئېغىرلىقى 12.2 كىلوگرام كېلىدىغان تەڭشەكنى قولىغا ئېلىپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزىغا تارتىلغان سۇ يۈزىدىن ئېگىزلىكى 402 مېتر، ئۇزۇنلۇقى 640.7 مېتر، دىئامېتىرى 28mm كېلىدىغان پولات ئارغامچا ئۈستىگە دادىل قەدەم تاشلىدى. مەن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزمەيتتىم. ئۇ شۇنچە مەزمۇت، شۇنچە تېز قەدەم تاشلايتتى. كىشىنىڭ پولات ئارغامچا ئۈستىدە ئادەم ئۆتۈۋاتامدۇ ياكى بۈركۈت ئۇچۇۋاتامدۇ؟ دېگۈسى كېلەتتى. ئۇ ئالتە مىنۇتتىلا پولات ئارغامچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ بولدى. ئاخىرقى نۇقتىغا 60 مېتر قالغاندا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگەن ھالدا ئۇ پولات ئارغامچىدا يۈگۈردى ۋە ئاخىرقى نۇقتىغا يەتتى.

بۇ چاغدا ئەتراپنى تەنتەنە، قىقاس - چۇقان، گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى قاپلىدى. كىشىلەر بۇ باتۇر ئوغلاننى قىزىل گۈللەرگە ئوراپ باشلىرىغا ئېلىپ كۆتۈردى، ئاسمانغا ئاتتى. پۈتكۈل خەلق دېڭىز دولقۇنلىرىدەك دەۋرەپ: «ياشىسۇن جۇڭگولۇق»، «ياشىسۇن ئادىل» دەپ تەنتەنە قىلىپ شوئار توۋلىدى. كۈيمېن ئېغىزىنىڭ جەنۇبىي چوققىسىدا ئاجايىپ سەلتەنەتلىك مەنزىرە شەكىللەندى. يەنە بىر قېتىم دۆلەت بايرىقى چىقىرىلدى، دۆلەت شېئىرى ئوقۇلدى. دۇنيا

جىننىس رېكورتى كومىتېتى شاڭخەي باش شتابىدىن كەلگەن ۋاڭ ئەپەندى: «ئادىل ھوشۇر 13 مىنۇت 48 سېكونتتا سەنشىيا بوغۇزىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ كوچىرەيننىڭ رېكورتىنى بۇزدى» دەپ ئېلان قىلدى ۋە تەنتەنە بىلەن نەقمەيداندىلا دۇنيا جىننىس رېكورتى ئىسپاتنامىسىنى ئادىل ھوشۇرغا تاپشۇردى. سەنشىيا بوغۇزىدا جۇڭگودىن چىققان «بوشلۇق شاھى» مەيدانغا كەلدى؛ جۇڭگولۇقلار پۇخادىن چىقتى!

شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا، ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتۈش پائالىيىتىگە ئەزەلدىن سەممىي كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېييۈەنجاڭى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەت، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىرلارغا، جۈملىدىن ئادىل ھوشۇرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ۋە شىنجاڭدىن ئادىل ھوشۇرغا ھەمراھ بولۇپ بارغانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا خۇشخەۋەر يەتكۈزۈلدى.

ئادىل ھوشۇرنىڭ سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتۈش پائالىيىتىنى خەۋەر قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئاخبارات ئورۇنلىرىدىن 60 تىن ئارتۇق مۇخبىر قاتناشتى. دەل شۇ كۈنى ئۇرۇمچى ۋاقتى سائەت 12 دە شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى بۇ تارىخىي غەلىبىنى، بۇ يېڭى رېكورتنى تەنتەنە بىلەن پۈتكۈل دۇنياغا جاكارلىدى. دەل شۇ كۈنى ئادىل ھوشۇرنىڭ يېڭى دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتقانلىقى تارىخ بېتىگە يېزىلدى. ئادىل ھوشۇرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئاشۇ كۈن، ئاشۇ خاسىيەتلىك مىنۇتلار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپ قالدى. . .

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر لۇشۈن: «دۇنيادا ئەزەلدىن يول يوق ئىدى، كىشىلەر مېڭىپ يول ئاچقان» دېگەنىدى. ئادىل ھوشۇر ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈردى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى سېرك سەنئىتىنىڭ كارامىتىنى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيىتىنى نامايان قىلدى. بۇ، ئادىل ھوشۇرنىڭ كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەنگەنلىكىنىڭ، قېتىرقىنىپ مەشق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، ئەلۋەتتە.

دارۋازلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، ئاجايىپ قەھرىمانلىق، تەڭداشسىز جاسارەت ئىپادىلەنگەن باھادىرلىق سەنئىتىدۇر. ئادىل ھوشۇر تاغىسى زۇنۇن ئاخۇن، دادىسى ھوشۇر ئاخۇنلار بىۋاسىتە تەربىيىلىگەن 6 - ئەۋلاد دارۋاز بولۇپ، ئۇ ئالتە يېشىدا دارۋازلىقنى ئۆگەنگەن، سەككىز يېشىدا تۇنجى قېتىم، 10 يېشىدىن باشلاپ رەسمىي دارغا چىققان. 1985 - يىلىدىن بۇيان ئادىل ھوشۇرنى ئاساس قىلغان شىنجاڭ دارۋازلىق ئەترىتى مەملىكەتلىك 3 -، 4 -، 5 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە داردا ماھارەت كۆرسىتىپ ئۇدا ئۈچ قېتىم ئالتۇن مېدالغا ئېرىشكەن. ئادىل قاتارلىق بۇ قەھرىمان دارۋازلار يەنە بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، تيەنجىن، چېڭدۇ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە، ياپونىيە، تايلاند قاتارلىق دۆلەتلەردە نەچچە يۈز قېتىم ماھارەت كۆرسىتىپ تاماشىبىنلارنىڭ قالتىس ئالقىشى ۋە يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشكەن.

ئادىل ھوشۇر يەنە 1996 - يىلى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى گۇاڭجۇ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپى بىلەن «1996 - يىللىق خەلقئارا ئەجدىھا كېمىسى مۇسابىقىسى» غا ۋە گۇاڭجۇ شەھىرى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 2210 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقان ھەمدە گۇاڭجۇ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن جۇجياڭ دەرياسىنىڭ ئۈستىگە تارتىلغان ئۇزۇنلۇقى 240 مېتىر، ئېگىزلىكى 30مېتىر كېلىدىغان، ياندا ئارانلا تۆت تاللا چىگىتىش ئارغامچىسى بار، لىڭشىپ تۇرىدىغان پولات ئارغامچىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، جۇڭگودا پولات ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىپ دەريادىن ئۆتكەن جۇڭگولۇق تۇنجى گىگانت ئادەم بولۇپ قالغان.

بۇ يىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، يەنى سەنشىيادىن ئۆتۈشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن ئادىل ھوشۇر پولات ئارغامچا ئۈستىدە مېڭىشنى سىناق قىلىپ، ئۇن مىنۇتتىلا سەنشىيا بوغۇزىغا تارتىلغان پولات ئارغامچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ بولدى ۋە قىزىقارلىق ھەرىكەت، كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن ئارقىسىغا قايتتى. ئۆز ۋاقتىدا كوچىرەيننىڭ بۇ پولات ئارغامچىدىن ئۆتكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر بىر ئېغىزدىن: «ئادىلنىڭ 22 - ئىيۇندا كوچىرەيننىڭ دۇنيا جىننىس رېكورتىنى يېڭىلىشىدا گەپ يوق» دېيىشتى.


ئادىل ھوشۇر ئاخىرى دۇنياۋى كاتتا مۆجىزە ياراتتى!

ئادىل ھوشۇرنىڭ كوچىرەين ياراتقان دۇنيا جىننىس رېكورتىنى يېڭىلىغانلىقى توغرىسىدىكى بۇ ئالاھىدە خۇشخەۋەر خۇددى باھار گۈلدۈرماممىسىدەك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى، ھەتتا پۈتكۈل مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتتى، روھىنى ئۇرغۇتتى ۋە ئۇلارغا ئىلھام بەردى. ئۇنىڭ ئاسمان - پەلەك پولات ئارغامچا ئۈستىدە قىيىن ھەرىكەتلەرنى ئورۇنداپ، كوچىرەيىندىنمۇ تېز سۈرئەتتە سەنشىيا بوغۇزى ئۈستىدىن ئۆتكەنلىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ چەت ئەللىكلەر قىلالىغان ئىشنى قىلالايدىغانلىقىنى، بەلكى ياخشىراق قىلالايدىغانلىقىنى، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭمۇ سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىدە دۇنياۋى كارامەت يارىتالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. (M2)

ئۆتكۈر نىجات فوتوسى

ماشىنىستلار: ماشىنكىدا ئارزۇگۈل ئېلى، كومپيۇتېردا نۇرسۇنئاي يۇسۇپ (تەكلىپ قىلىنغان)

## بىر ئەمەس



# مىلىك ئاپىرىن


شۇكۇر يالقىن

جاھىل تولا جاھاندا، گەپ تولا ئالا - تاغىل،
ئۇيغۇر جاسارىتىدىن خەۋەرسىز نۇرغۇن غاپىل.
غەيۋەتكە ماھىر شەخسلەر گەپ ساتتى ھەر بۇلۇڭدا:
كوچرەينىگە جەڭ ئېلان قىپ ئاۋارە بوپتۇ ئادىل.
«ئالەمگە مەشھۇر تۇرسا كانادالىق شاھزادە،
بىزنىڭ ئۇيغۇر بالاڭزا تۇرالامتى تاقابىل؟»
چەتلىككە سەجدە قىلىش ئادىتىگە چوقۇنۇپ،
ياتقا ئېگىلىشىدۇ مىسلى تىلەمچى - سائىل.
ئارسالدى بولۇشتى بەزىبىرلەر گۇماندا،
ئاز - تولا ھەقىقەتكە گەرچە بولسىمۇ مايىل.
بېخىللىقىمىز تۇتۇپ پۇلنى بەكمۇ ئايىدۇق،
توسقۇنلۇقلار توغقۇزدى پۇل دېگەن پەسكەش ئامىل.
نە - نەلەرگە كەتمىگەن مىليون - مىليون ئاقچىلار،
دەل بۇ ئىشقا كەلگەندە، بولىۋالدۇقۇبىز جاھىل.
جاھالەت قانچە بولسا بولىۋەرسۇن ۋە لېكىن
ئەمەلىيەت غالىبتۇر، پاكىت ھەممىدىن ئادىل.
بۇ ھەقىقەتكە سەنشيا، چاڭجياڭ، ئۈچ بوغۇز گۇۋاھ،
چىجياشەن بىلەن بەيەن شاھىد ھەر ئىككى ساھىل.
تۆت يۈز مېتر ئېگىزدە پارقىرايتتى تىغدەك سىم،
قىل كۆۋرۈكتەك خەتەر يول، ئەمەس ئۇ يېسى كابىل.
ئەمما بىزنىڭ ئادىلغا ماھارەت مۇنبىرى ئۇ،
ئەلنى قايىل قىلالىسا، ئۇنىڭ مۇرادى ھاسىل.
ئاشۇ شاكىچىك ئوغۇل - ئاشۇ ئۇيغۇر يىگىتى،
پىلسىراتتىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتىغۇ دادىل!
ئەل قايىل، جاھان قايىل بۇ مەردانە جۈرئەتكە،
مۆجىزىدەك شەرەپكە پەقەت ئۇ بولدى نائىل.
بۇ بىر كارامەت ئەمەس، يا ئەپسانە مۆجىزە،
ياكى دۇئا كۈچىدا سامادىن بولغان نازىل.
پەقەت ئۇ دارۋاز ئىدى پەلەكنى بويسۇندۇرغان،
ئەنئەنىۋى سەنئەتكە ھەم ھېرىسمەن، ھەم كامىل.

كوچرەينىگە بىر ئاپىرىن، ئادىلغا مىڭ ئاپىرىن،
جىننىس رېكورتىغا ئۇ تەڭداشسىز بولدى داخىل!
ئەل خۇشال، جاھان خۇشال، تەنتەنە قىلار ئالەم،
خۇشال بولماي قالامدۇ ئىنسان دېگەن ھەر ئاقىل.
پەرۋاز قىلغىل ئۇيغۇرۇم، يۈكسەل يەنە يۈكسەككە،
بىر ئۆز بېكمەن ئۇيغۇرغا ۋىجدانىم بىلەن قايىل!

1997 - يىل 22 - ئىيۇن، ئۈرۈمچى (M1)

ئالىم خالىددىن فوتوسى



ئەدىب بۇ يىل 80 يېشىدا. ئادىل ئىسمائىل فوتوسى



# «ئۆرۈمچىنىڭ چۈشى» گە تەبىر

— ھۈسەيىن تاشنىڭ «ئۈرۈمچىنىڭ چۈشى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىدىكى شۇ ناملىق ھېكايە توغرىسىدا

ساۋۇتجان ئابدۇقادىر

كونىلاردا «كۆرگەن چۈشۈڭنى ئۈچ كۈنگىچە كىشىگە تىنما» دەيدىغان بىر گەپ بار. قارىغاندا بىز قەدىمكىلەرنىڭ باشقا گەپ - سۆزلىرى ئۇ قۇلىقىمىزدىن كىرىپ، بۇ قۇلىقىمىزدىن چىقىپ كەتسىمۇ، ئانچە ئېرەنشىمەي يۈرگىنىمىز بىلەن، بۇ گەپكە كەلگەندە ئالاھىدە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىش تۇتىدىغاندەك قىلىمىز. ئۈچ كۈن ئەمەس، ئۈچ يىل ھەتتا بىر ئۆمۈر كۆرگەن «شېرىن» چۈشلىرىمىزدىن مەست بولۇشۇپ، ياستۇقنى ئېگىز قىلىپ قويۇشۇپ، لېۋىمىزنى يالاپ يۈرۈشكە رازى بولۇشساقمۇ، بۇ «ھېكمەتلىك» گەپتىن يۈز ئۆرۈشكە، چۈشلىرىمىزنى ئېيتىشىپ تەبىر ئاڭلاشقا، ئۆزىمىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى ھالىتىمىزنى پەرەز قىلىشقا ئۈچ ئوخشايمىز. ئۆزۈڭدىن بېرى كۆرگەن چۈشلىرىمىزنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقىمىزنىڭ، رېئاللىققا ئايلىنىش ئالدىدا تۇرغان بۇ قورقۇنچلۇق چۈشلەردىن ئويغىنىپ كېتەلمەي، بارغانسېرى ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن مۈگدەۋاتقانلىقىمىزنىڭ ۋەجىمۇ شۇنىڭدىن بولسا كېرەك.

ئەل ئىچىدە «ھەر ئىشنىڭ نورمال بولغىنى ياخشى» دەيدىغان گەپمۇ بار ئىدى. كۆرگەن چۈشلىرىمىزنى بالدۇرراق ئېيتىشىپ تەبىر بېرىشسەك، ئۆز ئارا ھال - مۇڭ بولۇشساق بولاتتى. مۇنچىۋالا كەينىگە سۈرەپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوقتى، بىراق بىز ئۇنداق قىلالماي قالدۇق. ئېغىرلاشقان كالللىمىزنى ياستۇققا چىڭ چاپلاپ، ئاغزىمىزدىن شالىمىز ئاققان پېتى يوتقانغا مەھكەم يۆگەلدۇق. چۈش چېمپىيونلۇقىنى تالىشىۋاتقاندەك بەس - بەستە چۈشەشكە، چۈشەكەشكە باشلىدۇق...

خۇداغا مىڭ شۈكرى، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن بۇ قېتىم قېرىندىشىمىز ھۈسەيىن تاش بىر كۆرۈۋاتقان بۇ چۈشنى، بۇ غەلىتە جۆيلۈشنى يۈرەكلىك ھالدا ئاشكارىلىدى. بىز دۇدۇقلاپ قالدۇق، يۈزىمىز قىزاردى، لېۋىمىز بىلىنەر - بىلىنمەس پۈرۈشتىيۇ، لېكىن ئىچىمىزدە بۇنىڭ ھەقىقەتەن بىز كۆرۈۋاتقان چۈش ئىكەنلىكىگە ئاز - تولا بولسىمۇ قايىل بولدۇق. ئاتام زاماندىن باشلاپلا كۆرگەن چۈشكە تەبىر بېرىش ئادەت بولۇپ كەلگەنىكەن. بىراق نېمىشقىدۇر بۇ چۈشكە ۋاقتىدا تەبىر بېرىلمەي قالدى. بەلكىم تەبىرچىلەر چۈشنىڭ يامان تەرىپىنى ئويلاپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلمايلى دېيىشكەن بولسا كېرەك. ئەمدى بولار، بىز ھېلىمۇ خېلى ئۇزاق كۈتتۇق. ئارقىمۇ ئارقا ئۇزۇلدۇرمەي چۈشەۋەردۇق. كۆرگەن چۈشلىرىمىز كۆپىيىپ، رەڭگارەڭ تۈسكە كىرىپ كۆزلىرىمىزنى چاقايتقىلى، ئۆزىمىزنىڭ سېھىرلىك زەنجىرى بىلەن روھىمىزنى چىرمىغىلى تۇردى. مانا ئەمدى ئۇنىڭغا تەبىر بېرىدىغان، ئۆزىمىزنى دەڭسەيدىغان، قاباھەتلىك چۈش كۆرۈش كېسىلىدىن شىپا تاپىدىغان ۋاقتىمىزمۇ كېلىپ قالدى.

* * *

تۆت ئەتراپى يېشىللىق بىلەن پۈركەنگەن باغ ئىچى. قۇشلار يېقىملىق سايرىشىپ تۇرىدۇ. باغ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن كىچىك ئېرىقتا شوخشۇپ ئېقىۋاتقان زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ كىشىگە راھەت بېغىشلايدۇ... يارىشىملىق كىيىنگەن، ۋۇجۇدىدىن پاكىزلىق، كۈچ - قۇدرەت، غورۇر سۈزۈكلۈكى ئۇرغۇپ تۇرغان نەچچە جۈپ قىز - يىگىت بۇ يەردە ناخشا ئېيتىشماقتا:

مۇھەببەت شەنىگە دىلدىن مۇقەددەس بىر ناۋا ئەتتىم،
ساداقەت بىرلە پاكلىقنى ۋۇجۇدۇمغا راۋا ئەتتىم.
ۋىسالنىڭ يولىدا نۇرغۇن كۆرەلمەس ئادىمى مەلئۇن،
بۇ يولدىن قايتمىدىم ئەمما، يۈرەكىمنى يارا ئەتتىم.

ئاسمان - زېمىن لەرزىگە كەلدى. ناخشىنىڭ سېھرى ئەقىللەرنى لال قىلدى. كۈيچى قۇشلار كۈيلىرىنى توختىتىپ ئۇنىڭغا قۇلاق سالدى. بۇ ناخشا، بۇ مۇقەددەس كۈي خۇددى كۆكتىن چۈشكەن ئىلاھىي ئايەتتەك پاكىز دىللارنىڭ تەشنا

## ئەدەبىيات گۈلزارى

www.uyghurkitap.com

شەربىتىگە ئايلاندى. . .

. . . تۆت ئەتراپى يېشىللىق بىلەن پۈركەنگەن باغ، قۇشلار سايرىشىپ تۇرىدۇ. سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان. . . پاخپايغان چاچ، يېرىم يالىڭاچ بەدەن. . . بىر نەچچە جۈپ قىز - يىگىت هۇپپىدە ئېچىلغان گۈللەرنى چەيلەپ ئولتۇرۇشۇپ ناخشىسىنى باشلىدى:

مۇھەببەتنىڭ تەبىرى ئىشرەت،
قان بېرىدۇ ئاڭا پۇل پەقەت.
پەيزىنى سۈر پەقەت دۇنيانىڭ،
غورۇر دېگەن تاشلاندۇق ئەخلەت.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

ئاسمان - زېمىن سىلكىنىپ كەتتى. قۇشلار سەسكىنىش ئىچىدە چۇرۇلدىشىپ باغ ئىچىدىن يىراق - يىراققا قاراپ ئۇچۇشۇپ كېتىشتى. زۇمرەتتەك سۇلار خۇددى ئاشۇ ناخشىدەك بەدرەڭلەشتى. قىزغۇچ رەڭگە كىرگەن شەپەقتىن غەزەپلىك بىر سادا ياڭرىدى: «ئەي، روھىنى بۇلغاۋاتقان مەلئۇنلار، مۇھەببەتنى ئاياغ - ئاستى قىلىشما!» غەلىتە كىيىنىۋالغان بىر يىگىت ئەلەڭلەپ ئورنىدىن تۇردى. بېلىدىكى توڭگۇزنىڭ قۇلىقىغا ئوخشايدىغان كۆرۈمسىز پىچىقىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئاۋاز كېلىۋاتقان بوشلۇققا قارىتىپ شىلتىدى. . . نىهايەت! يىگىتنىڭ پىچاق تۇتقان قولى هاۋادا لەيلەپ قالدى، قولىدىن چۈشكەن پىچاق چاقماق تېزلىكىدە تۆۋەنلەپ ئۇنىڭ يۈرىكىگە سانجىلدى. ئېقىۋاتقان قانىنىڭ سېسىق هىدى ئەتراپنى بىر ئالدى. بىر توپ رەزگى چىۋىن ئاستا - ئاستا رەڭگى ئۆزگىرىۋاتقان بۇ تەنگە يوپۇرۇلۇشتى. . .

مانا بۇ - ئۈرۈمچىنىڭ، قەشقەر، خوتەن غۇلجىنىڭ چۈشى. مانا بۇ - مۇرات بىلەن گۈلپەرىنىڭ، مەيدىسىنى كېرىپ، ئۆزىنى ئالەمدە بىر ساناۋاتقان 90 - يىللاردىكى ئۇيغۇر قىز - يىگىتلىرىنىڭ چۈشى.

تۇرۇپ ئويلاپ قالىمەن. ئاتا - بوۋىلىرىمىز ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئادەملەركەن. ئۇلار گەرچە بىزدەك شىلەپە كىيەلمىگەن، رېستوران - رېستورانلاردا كېچە يۇ كۈندۈز هاڭرىشىپ يۈرەلمىگەن، قاقتى - سوقتى قىلىپ تاپقان هارام پۇل بىلەن بەزمىخانىلاردا كۆڭۈل ئاچالمىغان، هاياتتىكى ئىشرەت - لەززەتلەرنىڭ پەيزىنى سۈرەلمىگەن، توكىنىڭ خورىزىدەك سەككىز مىكىياننى كەينىگە سېلىپ، ئەلەم - تەشۋىشتە ئەخلەت دۆۋىلىرىدە چۆرگىلەپ يۈرەلمىگىنى بىلەن، بىزدىن كۆپ پەرقلىق هالدا ياشاپتىكەندۇق. ياشىغاندىمۇ ھەقىقىي ئادەمدەك ياشاپتىكەن. ۋاپا، ساداقەت، پاكلىق نۇرلىرىدا يۇيۇنۇپ، چىن مۇھەببەت شارابلىرىنى ئىچىشىپ تەنتەنە قىلىشىپتىكەندۇق. غېرىپ - سەنەم، رابىيە - سەئدىن، نۇزۇگۇم، تاشۋاي، سادىر پالۋانغا ئوخشاش ھەقىقىي مۇھەببەت، ئىنسانىي قەدىر - قىممەت، ئىپپەت - نومۇس، ئەركىنلىك ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاپ، شەرقتىكى ئۇلۇغ مىللەت «ئۇيغۇر» دېگەن نامغا مۇناسىپ ئىش قىپتىكەندۇق. لېكىن بىزچۇ؟ بىزنىڭ قولىغا قەلەمتۇراچنى ئېلىۋالسا ئۆزىنى پالۋان سانايدىغان، بىر رومكا قېقىۋېلىپ كۆيدۈم - پىشتىمغا تۈۋلاپ، ئالەمنى مالەم قىلىدىغان، مۇھەببەتنى كۆڭۈل خۇشى، ئىشرەت سورۇنى دەپ چۈشىنىدىغان، ئەركەكلىك ۋە ۋىجداننىڭ ئۆلچىمىنى هاراق - شارابتا ئۆلچەيدىغان يىگىتلىرىمىزچۇ؟ يۈز - كۆزلىرىنى ئالا - تاغىل بوياپ، چاچلىرىنى كېسىپ، تەنلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئۆزلىرىنى «شەرق گۈزىلى» دەپ ئاتاۋاتقان، ئۆزلىرىنىڭ قىزلىق بۇرچىنى، قەدىر - قىممىتىنى، ئار - نومۇسىنى تۆت تىيىنلىق ئەرزىمەس نەرسىلەرگە، ئويۇن - تاماشىغا تېگىشىپ، مىللەتنىڭ ئانىسى بولمىش خوتۇن - قىزلارنىڭ ئوبرازىغا داغ تەگكۈزۈۋاتقان قىزلىرىمىزچۇ؟ ئۇلار بىز ئۈچۈن «يېڭىچە مۇھەببەت»، «يېڭىچە ياشاش» شەكلىنى يارىتىپ، بىزنى «دۇنياغا تونۇتۇش» ئۈچۈن سەرسان بولۇۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇيغۇر تارىخىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى «غېرىپ - سەنەم» بولۇشقا تىرىشىۋاتامدىغاندۇ؟ مۇقەددەس تەڭرىتاغ ئېتىكىدە ئاتالمىش «ئۇيغۇر ۋېناس» لىرىنى يارىتماقچىمىدۇ؟؟؟. . .

بولدىلا، سۆزلىسەك گەپ جىق. ئىشقىلىپ، بىز خېلى ئۇزۇندىن بېرى چۈشلەر قايىنىمىغا غەرق بولۇپ كۆپ نەرسىلەرنى پەرق ئېتەلمەيدىغان بولۇپ قالدۇق، كۆزلىرىمىزنى چاپاق باسقىلى تۇردى. نېمىنىڭ گۈزەللىك، نېمىنىڭ رەزىللىك، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، قانداق ياشاشنىڭ بەخت هېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلەلمىدۇق. پەقەت يەپ - ئىچىش، ئويۇن - تاماشا قىلىش، بۇلغىنىش ئۈچۈنلا يارالغاندەك، تېتىقسىز كۈلكىلەرنى تولا كۈلۈپ، بۇ مۇقەددەس زېمىنىمىزنىڭ بېشىنى ئاغرىتتۇق. ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىنى قورۇندۇرۇپ قويدۇق. ئەخلاقىي مىزانلارنى، ئەقەللىي ئادىمىيلىك سۈپەتنى ئاياغ - ئاستى قىلىپ، «ئادەم» گە ئۇنچىۋالا ئوخشاپ كەتمەيدىغان غەلىتە مەخلۇققا ئايلىنىشقا باشلىدۇق.

پسىخولوگىيە ئىلمى چۈش كۆرۈشنى بىنورماللىق دەپ قارىمىسىمۇ تولا چۈش كۆرۈشنى ھەقىقەتەن سالامەتلىككە زىيانلىق دەپ قارايدۇ. بولدى، بەس! ئەمدى مۇنداق بىمەنا چۈشلەرنى كۆرۈشتىن توختايلى، چۈش كۆرگەندىمۇ پاكىز چۈشلەرنى كۆرەيلى. بۇنىڭ ئۈچۈن ناپاك تېنىمىزنى پاكىزلاپلا قالماي، ئەقىل كۆزىمىز ۋە روھىمىزنى پاكلاپ، ئۇخلاشتىن بۇرۇن پاسكىنىچىلىقتىن خالاس قىلىدىغان «ئايەت» لەرنى ئانچە - مۇنچە بولسىمۇ ئوقۇپ قويايلى!


* * *

قارلىغاچلارنىڭ قايتقىنى باھارنىڭ كەتكەنلىكىدىن بىشارەت. «ئۈرۈمچىنىڭ چۈشى» ئۇيغۇر قىز - يىگىتلىرىدىكى سۆيگۈ روھىنىڭ ئۆچۈشى، مانا بۇ «ئۈرۈمچىنىڭ چۈشى» گە بېرىلگەن تەبىر.

رەسسام: دىلشاد سابىت

---

ئاپتور: قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە ئاۋات يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M1)



# فېرىدرىخ نىتزى ئەسەرلىرىدىن ئەقلىيىلەر

مۆھتەرەم ئوقۇرمەن:

سىز ھەممە نەرسىنى كونىراپ كەتكەندەك ھېس قىلامسىز؟ سىز بىر كۈنلۈك، بىر ئايلىق ھەتتا پۈتۈن بىر يىللىق تۇرمۇشىڭىزدا تۇرمۇش قارشىڭىزغا يېڭىلىق ئېلىپ كېلىدىغان بىرەر شەيئى، بىرەر ھەرىكەت، بىرەر سۆزنى ئۇچرىتىپ ۋە ئاڭلاپ تۇرالامسىز؟ سىز ھايات يولىڭىزدىكى قايسى دوقمۇش ياكى قايسى پەشتاقنى ئۇنتۇمايسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟

ئادەم قىممەتنى قوبۇل قىلغۇچى ئەمەس، بەلكى قىممەتنى ياراتقۇچى. ئەگەر سىزنىڭ قىممەت قارشىڭىز پات - پات يېڭىلىنىپ تۇرسا، خاراكتېرىڭىز ئۆزىدىكى ئاجىزلىقلارنى تاشلاپ، ئېگىز بىر چوققىغا ئۆرلەپ، بۇ چوققىنىڭ كەينىدىكى بىپايان سۈزۈك دېڭىزغا نەزەر تاشلىسا، ئۇنىڭ غايىۋى دولقۇنلىرىدا يۇيۇنۇپ پاكلىنىپ تۇرسا، سىزگە ھەممە نەرسە يېڭى تۇيۇلىدۇ، قېنىڭىز قىزىپ تۇرىدۇ، ھەقىقىي ساغلاملىقتا ئېرىشىسىز، ھەرىكەت قىلغۇڭىز كېلىپ تۇرىدۇ. سىز ئۆزىڭىزدىكى كۆچنى سەرپ قىلغانسېرى شۇنچە ساغلام بولىسىز. ھەممە نەرسىلەر ئۈستىدە يېڭىباشتىن ئويلىنىپ، ئۇلارنى كونا، قاتمال، ئۆلۈك رامكىنىڭ ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقالايسىز. سىز دۇنيا ھەققىدە گويا تېخىچە ھېچنېمە دېيىلمىگەندەك، دۇنيانىڭ تەجرىبە قىلىنىپ بولمىغان يىپيېڭى گەۋدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز.

كىشىلەر قىلىشقا تېگىشلىك ھەممە سۆزلەرنى قىلىپ بولغاندەك تۇيۇلىدۇ. سىزنىڭچە، راست شۇنداقمۇ؟ سىزمۇ دۇنيا ئالدىدا ئېيتىشقا تېگىشلىك گېپىڭىزنى ئېيتتىڭىزمۇ؟ قايسى تىل، قايسى شەكىلدە ئېيتتىڭىز؟ تەسىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا بىر دىئالوگ (سۆھبەت) مۇناسىۋەتتى بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ ئادەتتە ئوچۇق ياكى پىنھان بولىدۇ، مۇئەييەنلەشمىگەن ياكى مۇئەييەنلەشكەن بولىدۇ، خۇددى ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتەك. ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى جىمجىت سۆھبەتنى بىز قانچىلىك چۈشەندۇق؟ بىز زادى ئۆزىمىزنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى قانچىلىك تەھلىل قىلدۇق؟ ھەر بىر مۇناسىۋەت ۋە دەقىقىدە بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ مەنىسى نېمە؟ سىز ئۆزىڭىزنىڭ ياشاش ۋە ئويلاش ھوقۇقىڭىزدىن ۋاز كەچمىگەن بولسىڭىزلا، دۇنيا ھەققىدە مۇستەقىل پىكىر قىلىشنى ياقتۇرىسىز. ئەگەر سىز غۇبارسىز كاللىڭىزنى ئەبجەق، كونا ئىدىيىلەرنىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا تاشلاپ بەرگەن بولسىڭىز، ئاددىي بىئولوگىيىلىك ئىنكاس دەرىجىسىدە ياشاۋېرىسىز - دە، ئالىي دەرىجىلىكلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلىسىز.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن بىر ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان بىر گىگانت كىشى شۇنداق جاكارلىغان:

«زەئىپلىك، قۇللۇق. . . مانا بۇلار بۈگۈنكى ئىنسان تەقدىرىنىڭ خوجايىنى بولۇۋالدى!»

ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ مەنىۋى قۇللۇقىڭىز بىلەن ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

بۇ گىگانت كىشى كىم؟

فېرىدرىخ نىتزى! ئۇ، نۇرغۇن يەڭگىل بۇلۇتلارنى تىزىدا ئولتۇرغۇزۇپ، سۇرلۇك ئەلپازدا تىكلىنىپ تۇرغان ئېگىز چوققا. ئۇ ھەمىشە گۈلدۈرماما ۋە چاقماق تىلىدا سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ كىتابلىرى يېزىق بىلەن ئەمەس، ئوت بىلەن نەشر قىلىنغان.

توغرا، بۇ كىشى فېرىدرىخ نىتزى (1844 ـ 1900). ئۇ، گېرمانىيىلىك مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە ئەدىب. ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com



«تراگېدىيىنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «ھوقۇق ئىرادىسى»، «شادلىق ئىلمى»، «ياخشى - يامانلىقنىڭ قىرغاقلىرى»، «ئەخلاق نەسەپنامىسى»، «زاراتاستىر شۇنداق دېدى» قاتارلىق ئۆتكۈر پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى ۋە شېئىرلىرى بار.

ئۇنىڭ تەسىرى مەدەنىيەت، دىن، سەنئەت، ئېتىكا، ئېستېتىكا قاتارلىق كەڭ ساھەلەرگە تۇتىشىدۇ. بىر ئەسىر مابەينىدىكى نۇرغۇن نادىر سەنئەتكار ئۇنىڭ سىرلىق، مەغرۇر تەسىرىدىن قۇدرەت تاپقان. پىكاسسو، ئالبېرت. كامۇس، بورخىس، ھېرمان. ھېسسىلارنىڭ قايسىبىرى ئۇنىڭدىن خالىي بولغان! ؟ غەرب يېڭى دەۋر ئۇسسۇلچىلىقىنىڭ پېشۋاسى بولغان ئېسادۇرا. دونكان خانىممۇ نىتزىنىڭ مەردانە ھېسسىياتىنى ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنىغا كۆچۈرۈپ، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى بىباھا خىسلەتلەرنى، ئەركىنلىكنىڭ مەپتۇنكار - گۈزەل پەرۋازىنى، كۆمۈلۈپ ياتقان ئىنسانىي قەدىر - قىممەتلەرنى ئۆزگىچە ھەرىكەت تىلى بىلەن سەھنىگە ئېلىپ چىققانىدى.

جۇڭگونىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئىسلاھاتچىلىرىمۇ نىتزىنىڭ سادىق مۇخلىسلىرى ئىدى. ئەڭ باشتا لياڭ چىچاۋ، ۋاڭ گوۋى قاتارلىقلار نىتزى ھەققىدە ماقالە يېزىپ، جۇڭگو ئوقۇرمەنلىرىگە تونۇشتۇرغان. لۇشۈن، گومورولارمۇ ياش دەۋرىدە نىتزىنىڭ ئەسەرلىرىنى قولىدىن چۈشۈرمىگەن. لۇشۈننىڭ «ياۋا گىياھ» ناملىق نەسرىي شېئىرلار توپلىمى بىلەن نىتزىنىڭ «زاراتاستىر شۇنداق دېدى» دېگەن ئاجايىپ ئەسىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسىڭىز، لۇشۈننىڭ سەھىپىلىرىدىن نىتزىنىڭ سايىسىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈسىز. تاغنىڭ كەينىدە تاغ دېگەن ئەنە شۇ.

نىتزى نېمە ئۈچۈن زوروُر بولۇپ قالدى؟ ئۇزۇن داۋام قىلغان فېئودالىزم جۇڭگولۇقلارنىڭ روھىنى قاتمۇ قات زەئىپلەشتۈردى. زىيالىيلار مۇستەقىل قەلبگە ئىگە باتۇر نىتزىنى كۆزگىچە كونا ئەخلاق رامكىسىغا قارشى تۇرۇشتىكى قورالىغا ئايلاندۇردى. لۇشۈننىڭ ئىگىلمەس، قەتئىي خاراكتېرى، زەرب بىلەن ئۇرۇلغان قامچىنى ئەسلىتىدىغان جۇشقۇن ئۇسلۇبى ئەلۋەتتە نىتزىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.

«زاراتاستىر شۇنداق دېدى» دېگەن ئەسەر نىتزىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى. ئۇ، ژانىرلىق خۇسۇسىيىتى ئۇنىۋېرسال ئەسەر بولۇپ، بىر قارىسىڭىز شېئىر، بىر قارىسىڭىز نەسر، بىر قارىسىڭىز ھېكايە. نىتزىنىڭ مۇكەممەل سىستېمىغا ئىگە پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئەنە شۇ بەدىئىي قاتلام ئىچىگە تەبىئىي سىڭىپ كەتكەن. نىتزى مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەڭ چوڭ تەسىرگە ئىگە نەسرىي شېئىر ئۇستازى بولۇپ قالدى. زاراتاستىر قەدىمكى شامان دىنىنىڭ ياراتقۇچىسى. نىتزى «تارىختا نىسبەتەن ھەممىدىن بۇرۇن ئەتراپلىق ھەم چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلغان» پارسلاردىن شۇ كىشىنى تاللىۋېلىپ، تامامەن غايىۋى، ئىدېئال شەخسكە ئايلاندۇرغان، ئۇنى ئۆزىنىڭ ۋەكالەتچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان.

ئۇنىڭغا يېقىنلاشسىڭىز قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان ئۆرلەش كۈچىنىڭ تومۇرىڭىزدا ئېقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسىز. ھازىرچە بىز نىتزىنىڭ ئىدىيىسى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ ئولتۇرمىدۇق. چۈنكى نىتزىنىڭ ئىدىيىسىگە پەقەت ئۇنىڭ ئەسەرلىرىلا ھەققىي ۋەكىللىك قىلىدۇ. بىز ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ مەنىۋى ئورگانلىرىغا مۇراجىئەت قىلىمىزكى، ئۆزىڭىزنىڭ كۆزى بىلەن كۆرۈڭ، ئۆزىڭىزنىڭ قۇلىقى بىلەن ئاڭلاڭ، ئۆزىڭىزنىڭ تىلى بىلەن سۆزلەڭ. شۇڭا، ھازىرچە ئىمكانىيىتىمىزگە يارىشا نىتزى ئەقلىيىلىرىدىن بىر قىسمىنى تالالاپ مەنىۋى ھوزۇرىڭىزغا سۇندۇق:

## - مۇھەررىردىن

پارسلار تارىختا نىسبەتەن ھەممىدىن ئەتراپلىق ھەم چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلغان مىللەت. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھەر قايسى مەدەنىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى مۇئەييەن بىر پەيغەمبەرنىڭ كۈچىدىن ئايرىلالمايدۇ. ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ مۇقەددەس ئەسىرى - ئۆزىگە تەۋە مىڭ يىللىق سۇلالىسى بولىدۇ.

* * *

سىلەر قۇرتتىن ئادەمگىچە بولغان ئۇزۇن يولنى بېسىپ ئۆتتۈڭلار، شۇنداق بولسىمۇ، نۇرغۇن تەرەپلەردە سىلەر يەنىلا قۇرت. بۇرۇن مايمۇن ئىدىڭلار، ئەمدى مايمۇنغا تېخىمۇ ئوخشاپ قالدىڭلار.

* * *

مەن روھىنى ئاياپ ئولتۇرمايدىغان، رەھمەت - تازىمنى بىجا كەلتۈرمەيدىغان ھەم قوبۇل قىلمايدىغان كىشىلەرنى سۆيىمەن، چۈنكى ئۇلار ئېلىپ قالمايلا بېرىۋېتىدۇ.

* * *

مەن ئاۋۋال ئىشلەپ ئاندىن سۆزلەيدىغان، ھەرىكىتى ۋەدىسىدىنمۇ چىڭ كىشىلەرنى سۆيىمەن. چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ تاكامۇللىقىنى ئىزدەيدۇ.

مەن كېلەچەكنى بېكىتىپ، ئۆتمۈشنى قۇتقۇزالايدىغان كىشىلەرنى سۆيىمەن. چۈنكى ئۇلار كۆز ئالدىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئۆلەيدۇ.

* * *

مەن شۇنداق كىشىلەرنى سۆيىمەن: گويا كۆكتىكى ئېغىر بۇلۇتتىن تامچىلىغان يامغۇردەك، گۈلدۈرمامىدىن بىشارەت بېرىپ، ئۆزى بىشارەتچى كەبىي غايىب بولىدىغان.

* * *

خۇدانى ئۇيلىغۇچىلار ۋە ئىزدىگۈچىلەرنىڭ كۆپى كېسەل. ئۇلار راست بىلەن يالغاننى پەرقلەندۈرەلەيدىغان دانىشمەنلەرنى، ئۆزىگە ئالاقىدار ئەخلاق - سەممىيلىكنى ئۆچ كۆرىدۇ.

* * *

ھەسەتخور ئادەم چايان، ئۇنىڭ نەشتىرى ئاخىرى ئۆزىگە سانچىلىدۇ.

* * *

ئادەم گۇناھ سادىر قىلغاندا پىكرى سوغۇققان بولىدۇ. لېكىن، ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن ھەر ۋاقىت ئېسىگە كېلىۋالىدىغان ئەسلىمىلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

* * *

ئەمدى رەزىللىكنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ كېسەل يۇقتۇرۇۋالغان ئادەممۇ رەزىللىشىپ كەتتى - ئۇ، ئۆزىنى ئازابلايدىغان نەرسىلەر ئارقىلىق باشقىلارنى ئازابلاشنى ئويلايدىغان بولدى.

* * *

بىز غەزەپ بىلەن ئەمەس، كۈلكە بىلەن ئادەم ئۆلتۈرىمىز.

* * *

بىز روھ يارىتالمىغانىكەنمىز، باشقا نۇرغۇن روھلارنى بايقىيالمايمىز.

* * *

مەغرۇرلار بىلەن پېقىرلار رەزىللىكنىڭ ئىچىدە ئۇچرىشىدۇ.

* * *

دۈشمىنىڭلاردىن نەپرەتلىنىڭلاركى، كەمسىتمەڭلار، دۈشمىنىڭلارنىڭ بارلىقىدىن پەخىرلىنىڭلار. شۇ چاغدىلا دۈشمىنىڭلارنىڭ ئۇتۇقى سىلەرنىڭ ئۇتۇقىڭلارغا ئايلىنىدۇ.

* * *

ياخشى ۋە يامان ھەققىدە ھەر بىر مىللەتتە ئۆزگە مىللەتلەر چۈشەنمەيدىغان ئىبارىلەر بولىدۇ. بۇ ئىبارىلەر ئۇلارنىڭ قانۇنلىرى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن يارالغان.

* * *

قارائلار، بۇ ئارتۇقچە ئادەملەرگە! ئۇلار كەشپىياتچىلارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى ۋە ئاقىللارنىڭ ئەگگۈشتەرلىرىنى ئوغرىلىۋېلىپ، ئۇنى مەدەنىيەت دەپ ئاتىۋالغان - بارلىق نەرسىلەر ئۇلارنىڭ قولىغا چىقسىلا ۋىرۇس ۋە ئاپەتكە ئايلىنىدۇ!

* * *

ھەممىسى تەختكە ئىنتىلىدۇ، بەخت - سائادەت تەختنىڭ ئۈستىدە باردەك. بۇ، ئۇلارنىڭ سارائلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. تەختنىڭ ئۈستىدىكىسى ئەمەلىيەتتە كىر بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى تەختنىڭ كۆپىنچىسى مەينەت نەرسىلەرنىڭ ئارىسىغا قويۇلغان.

* * *

بارلىق ئۇلۇغ نەرسىلەر بازار ۋە شۆھرەتتىن يىراق جايدىلا كۆز ئاچىدۇ، شۇڭا، يېڭى قىممەتنىڭ ياراتقۇچىلىرىمۇ كۆپ ھاللاردا شۇ يەردە بولىدۇ.

* * *

بىزنىڭ باشقىلارغا بولغان ئىشەنچىمىز ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچنىڭ كەم يەرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دوستلارغا بولغان موھتاجلىقىمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقىدۇر.

* * *

ھەر قانداق بىر مىللەت ئۆز قىممىتىگە توغرا باھا بېرەلمەيدىكەن، ئۇ مەۋجۇت بولۇشتىن قالىدۇ.

* * *

مىللەت ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولماقچى بولىدىكەن، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان قىممەت ئۆلچىمىگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

* * *

بىر مىللەت ياخشى دەپ قارىغان نۇرغۇن ئىشلار دائىم باشقا مىللەتلەرنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرايدۇ.

* * *

«ئاتا - ئانىلارنى ھۆرمەتلە، ئۇلارغا چىن قەلبىڭدىن بويسۇن». بىر مىللەت مۇشۇنداق بىر ئالاھىدە لەۋھەنى ئۆز كىشىلىرىگە تونۇتالىلىقى ئۈچۈن گۈللىنىشنى باشتىن ئاخىر ساقلاپ كەلمەكتە.

* * *

ئابرويغا ئىنتىلگەن ئادەم، ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق ۋاقىتتا ۋاز كېچەلىشى كېرەك. ئۇ، قىيىن بىر سەنئەتنى ئايان قىلىش بولۇپ، ۋاقتىدا چېكىنىش سەنئىتىدۇر.

* * *

بىز ئۆزىمىزگە چېقىلغانلارغا ئادالەتسىز بولماستىن بەلكى چېقىلمىغانلارغا ئادالەتسىزلىك قىلىمىز.

* * *

ئاتىسىنىڭ يوشۇرغانلىرى پەرزەنتىدە ئايان. مەن دائىم پەرزەنتلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۇلارنىڭ ئاتىسىنىڭ ئېيتمىغان سىرلىرىنى بايقايمەن.

* * *

ئۆزىگە بويسۇنمىغانلار باشقىلارغا بويسۇنىدۇ.

* * *

چۈشەنگەنلىرىمىز بەكلا ئاز بولغاچقا، دۆتلەرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمىز، بولۇپمۇ دۆت قىزلارنى!

* * *

چۈقان - سۈرەنچى دوستلار، ماڭا ئىشىنىڭلار! ئەڭ زور ئىش - چۈقانلىق ۋاقتىمىزدا ئەمەس، بەلكى سۈكۈناتلىق ۋاقتىمىزدا يۈز بېرىدۇ.

* * *

بۇ دۇنيا يېڭى چۈقان كەشپىياتچىلىرىنى بويلاپ ئايلانمايدۇ، يېڭى قىممەت ياراتقانلارنى بويلاپ جىمجىت ئايلىنىدۇ.

* * *

ئىرادە ھەممىگە نىجادلىق بېرىدۇ. بىراق، نىجادچىنى قەپەزگە مەھكۇم قىلغان نەرسە نېمە؟

* * *

كىمىكى كىشىلەر ئارىسىدا قاغجىراپ كەتمەسلىكنى ئويلىسا، قاچا تاللىماي سۇ ئىچىشنى ئۆگىنىشى كېرەك؛ كىمىكى كىشىلەر ئارىسىدا پاكلىقنى ساقلاپ قالماقچى بولىدىكەن، مەينەت سۇنى قانداق ئىشلىتىپ ئۆزىنى يۇيۇشنى بىلىشى كېرەك.

* * *

ئەڭ ئېگىز چوققىغا چىققان ئادەم كىشىلىك دۇنياسىدىكى راست، يالغان تراگېدىيىلەرگە قاراپ كۈلىدۇ.

* * *

كىشىلەرنى قەتئىيلىككە ئۈندەيدىغان ھەر قانداق نەرسىنى مەدھىيىلەڭلار!

* * *

ئۆزىنى يوقىتىشنى بىلىش ھەممە نەرسىگە سىڭىپ كېتىشنىڭ ئېپى.

* * *

ئادەم ئەڭ قەيسەر ھايۋان بولغاچقا، باشقا ھايۋانلارنى بويسۇندۇرالىغان.

* * *

بىر ئادەمنىڭ ھاياتقا بولغان تونۇشى قانچە چوڭقۇر بولسا، ئازابقا بولغان چۈشەنچىسىمۇ شۇنچە چوڭقۇر بولىدۇ.

* * *

ئادەم ئۆز قەلبىدە پەقەتلا پەرزەنتى ۋە خىزمىتىنى سۆيىدۇ.

* * *

مۇلايىملىق قانچە بولسا، ئاجىزلىقىمۇ شۇنچە بولىدۇ.

* * *

ئالدى بىلەن ئۆزىنى سۆيەلەيدىغان ۋە ئۆزىدىن نەپرەتلىنەلەيدىغان ئادەم بولۇڭلار!

* * *

كىم يۇگۇرۇشكە قادىر بولالىسا، قېچىپ قۇتۇلالايدۇ.

* * *

ساختا ئەقىل - پاراسەت بارلىق قول مىجەز، قېرى ۋە ئاجىزلىغان دانىشمەنلەرنىڭ، بولۇپمۇ دىندارلارنىڭ بارلىق بىمەنە، ئەسەبىي قىلمىشلىرىنىڭ ئاتىلىشىدۇر.

* * *

كىشىگە بويسۇنغان ئادەم چوقۇم ئۆزىگە ئىشەنمەيدۇ.

* * *

ئاھ، قېرىنداشلار، ھازىرغىچە بىز سەييارىلەر ۋە كېلەچەك ھەققىدە خام خىيالدىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمىدۇق.

* * *

شانۇ - شەۋكەتلەر كەلگەن يېرىڭلاردا ئەمەس، بارماقچى بولغان يېرىڭلاردا بولسۇن.

* * *

سەن بىر ئادەمگە ئۇچۇشنى ئۆگەتەلمەسەڭ، چۈشۈشنى ئۆگەت!

* * *

بەزىدە ئەرزىگىدەك دۈشمەننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قېشىدىن چاندۇرماي ئۆتۈپ كېتىشمۇ باتۇرلۇقتۇر!

* * *

ئىنسانلار ھەممە ھايۋانىيلىقنى باشتىلا ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. مانا بۇ، ئىنسانلارنىڭ مەخلۇقلار ئارىسىدىكى زىيادە ئازابىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

* * *

خۇشاللىق ئىلىپ كەلمىگەن ھەقىقەتنى ساختا دەڭلار!

* * *

توي قىلىشىڭلار تېز بولغاچقا، ئاجرىشىڭلارمۇ شۇنچە تېز.

بىراق، نىكاھنىڭ بۇزۇلۇشى ئۇنىڭ زورلىشى ۋە ئالدىشىدىن ياخشى! بىر ئايال ماڭا شۇنداق دېگەن: «توغرا، مەن نىكاھنى بۇزدۇم. چۈنكى، نىكاھ مېنى بۇزغان.»

* * *

يەر تەۋرەش نۇرغۇن يېڭى بۇلاقلارنى ئاشكارىلىغان. ھەمىشە قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ ھالاكىتىدىن يېڭى بۇلاقلار ئېتىلىپ چىقىدۇ.

* * *

پىكىر بار يەردە دۇنيا گۈلىستان.

* * *

ھەر بىر روھنىڭ ئۆزىگە خاس دۇنياسى بار، ئۇ، باشقا روھقا نىسبەتەن تامامەن باشقا دۇنيا.

* * *

ئادەملەر ئۇچۇن تراگېدىيە، كاللا سوقۇشتۇرۇش، ئۆلۈم جازاسى قاتارلىقلارنى كۆرۈش ئەڭ خۇشاللىق. ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۇچۇن قۇرۇپ چىققان دوزىقى گوياكى بۇ دۇنيادىكى جەننىتى.

* * *

ئىنسان ئۆزىگە قارىتا ئەڭ ۋەھشىي ھايۋان.

* * *

مەن ساغلام دېھقاننى ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ سۆيۈملۈك ھېس قىلىمەن. قوپال، چېچەن، جاھىل، تەۋرەنمەس كىشىلەر ئالىيجانابلىقنىڭ ئۈلگىسى.

* * *

دېھقان كۆز ئالدىمىزدىكى ئەڭ ياخشىسى، بۇنداقلار بەگنىڭ ئورنىدا تۇرۇشى كېرەك! لېكىن ھازىرقى ۋاقىت چاكىنا ئادەملەرنىڭ زامانى بولۇپ قالدى. مەن بۇرنۇمدىن يېتىلەشنى خالىمايمەن. چۈنكى ئاۋام ئەسكى - تۈسكىلەرنىڭ دۈۋىسى.

* * *

بۇ توپتا ھەممە نەرسە بار، ئەۋلىيا بىلەن ئالدامچى، مۇتىۋەر بىلەن كاززاپ ھەمدە نوھنىڭ كېمىسىدىكى بارلىق جانىۋارلار.

* * *

پادىشاھلارمۇ ساختا ھەم ياسالما بولۇپ كەتتى. ئەجدادلىرىنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن شان - شەرەپلىرىگە پېتىپ قېلىپ، ئەڭ ھاماقەت، ھىيلىگەر، مەنسەپپەرەس كىشىلەرنىڭ مېدالىغا ئايلىنىپ قالدى.

* * *

ئىنسان تەقدىرىدە، غالىبلارنىڭ ئەڭ ئالىي كىشىلەردىن بولالماسلىقىدىنمۇ ئارتۇق بەختسىزلىك بولماس. ئۇ چاغدا ھەممە نەرسە ساختا، بۇرمىلانغان، بىمەنە بولۇپ كېتىدۇ.

* * *

نۇرغۇن ئىشلارغا نىسبەتەن بىلمەسلىك چالا بىلگەندىن ئارتۇق. ئۆزى ئۇچۇن سارالڭ بولۇش، باشقىلار بەرگەن ئەۋلىيالىقتىن ئارتۇق!

* * *

روھ ھاياتىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلىشى.

* * *

مەن ئۆزۈم ئۇلۇغ ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان. ھازىر ئەڭ ئۆتكۈر كۆزلەرمۇ ئۇلۇغ نەرسىلەرنى تونۇيالمايدۇ، چۈنكى بۇ ئاۋام دەۋرى.

* * *

بۇ، ئاۋامنىڭ دەۋرى. ئۇلۇغ ۋە ئەرزىمەس ئادەملەرنى كىم پەرق ئەتسۇن؟ كىممۇ ھەقىقىي ئۇلۇغلۇقنى ئىزدەپ تاپسۇن؟ بەلكىم، ساراڭلار تاپار - پەقەت ساراڭلا ھەقىقىي ئۇلۇغلۇقنى ئىزدەپ تاپالايدۇ.

* * *

كىم مەندىن ئۆتۈپ كېتىدىكەن، مەن ئۇنىڭ تەلىماتىنى ئۆگىنىمەن.

* * *

ھازىرقىلار ئىچ ئاغرىتىشنى ئەخلاق دەپ تونۇيدۇ، ئۇلار سەلتەنەتلىك بەختسىزلىك، كۆرۈمسىزلىك ۋە مەغلۇبىيەتلەرنى ھۆرمەت قىلىشنى قىلچە بىلمەيدۇ.

* * *

ئىلگىرى بىز ئەرزىمەس كىشىلەرنى توغرا دەپ قارىغانىدۇق، شۇڭا، كېيىن ئۇلارغا ھوقۇقنىمۇ تاپشۇرۇپ بەردۇق. ئەمدى ئۇلار: «پەقەت ئەرزىمەسلەر ياخشى دېگەن نەرسىلا ياخشىدۇر» دەپ بار ئاۋازى بىلەن تەرغىب قىلماقتا.

كۆز ئالدىمىزدىكى ھەقىقەتنىڭ كۆپىنچىسى، ئاشۇ ئەرزىمەسلەرنىڭ پىرىدىن قالغان نەسىھەتلەردۇر. ئاشۇ غەلىتە ھۆكۈما ۋە ئەرزىمەسلەرنىڭ قانۇنى ئۆزىنى «مەن ھەقىقەت» دەپ ئاتايدۇ.

* * *

ئىچ ئاغرىتىشتىن ساقلان! چۈنكى، نۇرغۇن جاپاكەش (شور پىشانە)، گۇمانخورلار، ئۈمىدسىزلەر، مەستانىلەر ۋە توڭغاقلارنىڭ ھەممىسى قېشىڭغا كېلىۋالىدۇ.

* * *

بېرىش - بىر خىل سەنئەت - ئۇ، ياخشىلىقنىڭ ئەڭ ئۇچىغا چىققان، ئەڭ زىل سەنئىتى.

* * *

ئەگەر مەندە ئالاھىدىلىك بار دېيىلسە، ئۇ دەل ھېچ قانداق چەكلىمىدىن قورقماسلىق.

* * *

نام - ئاتاق بىر خىل نىقاب.

* * *

مەن دائىم ھەقىقەتكە تەقلىد قىلىمەن، ئۇ مېنى كاچاتلايدۇ. بەزىدە يالغان سۆزلىمەكچى بولىمەن، نەتىجىدە، ھەقىقەتنى ئاشكارىلاپ چىقىمەن.

* * *

بۈگۈنكى كۈندە پەقەت ئەرزىمەسلەرلا ھۆكۈمران بولغاچقا، ئۇلار تەقدىرگە تەن بېرىش، كەمتەر بولۇش، زېرەك بولۇش، ئەپلىك بولۇش قاتارلىق چاكىنا ئەخلاقلارنى تەرغىب قىلماقتا.

* * *

ئايالارچە، قۇللارچە نەرسىلەر، بولۇپمۇ چۈپرەندە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىنى قولۇمغا ئالسام دەيدۇ.

* * *

ئەي يۈكسەك كىشىلەر، ئاشۇ ئەرزىمەس ئەخلاق، ئەرزىمەس چېچەنلىك، جاھانسازلىق، گۇرۇھۋازلىق، بىچارە راھەتپەرەسلىك ۋە «كۆپ سانلىقلارنىڭ بەخت - سائادىتى» دېگەنلەردىن ھالقىپ كېتىڭلار.

* * *

ھەقىقىي مۇستەھكەم كىشى قورقۇشنى بىلىدۇ، ئەمما ئۇنى يېڭەلەيدۇ، ئۇ ھەمىشە ھاڭلارغا مەغرۇر ھالدا كۆز تاشلايدۇ.

* * *

مېنىڭ ئەقىل - پاراسىتىم جۇغلانغىلى ئۇزاق بولدى،

ئۇ، بۇلۇتقا ئوخشاش بارغانسېرى جىمىپ، قارىيىپ كەتتى. كەلگۈسىدە چاقماق ياندۇرىدىغان ئەقىل - پاراسەتنىڭ ھەر قاندىقى شۇنداق بولىدۇ.

* * *

كۈچۈڭ يەتمەيدىغان ئىشقا ئۇرۇنما - زورلاپ قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىدە ساختىلىق بار. بولۇپمۇ ئۇلار ئۇلۇغ ئىشلارنى نىيەت قىلغاندا! چۈنكى، ئاشۇ ساختا پۇل چىقارغۇچى ھىيلىگەرلەر ۋە رولچىلار كىشىلەرنى ئۇلۇغ ئىشلاردىن گۇمان قىلدۇرىدۇ - تاكى ئەڭ ئاخىرىغا بارغاندا ئۇلار ئۆزىگىمۇ ساختىلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ھەتتا تۈرلۈك كۆپتۈرمە سۆزلەر، ھەددىدىن زىيادە ئەخلاقىي ھەرىكەت ۋە ساختا قىلمىشلار بىلەن ئۆزىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئاھ، يۈكسەك كىشىلەر، پەخەس بولۇڭلار! چۈنكى، سەممىيلىكتىنمۇ ئارتۇق قىممەتلىك نەرسە يوق.

بۈگۈنكى كۈن ئاشۇ چاكىنا ئاۋامغا تەۋە ئەمەسمۇ؟ ئەمما، ئۇلار نېمىنىڭ ئۇلۇغ، نېمىنىڭ ئەرزىمەس، نېمىنىڭ ئادالەت، نېمىنىڭ سەممىيلىك ئىكەنلىكىنى پەقەت چۈشەنمەيدۇ - ئۇنى ھەمىشە نادانلىق بىلەن بۇرمىلايدۇ، ئۆزى ھەم ئۆزگىنى مەڭگۈ ئالدايدۇ.

* * *

ئەي يۈكسەك كىشىلەر، ئەزىمەتلەر! بۈگۈنكى نەرسىلەرگە ئىشەنمەڭلار! سەۋەبىنى دەپ ئولتۇرۇشىڭمۇ ئورنى يوق! چۈنكى، بۇ كۈن چاكىنا ئاۋامغا مەنسۇپ.

ئاشۇ چاكىنا ئاۋام ئۆگىنىۋالغان ئاساسسىز ئېتىقادنى كىممۇ قائىدە سۆزلەش يولى بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلىيالىسۇن!

* * *

ئالدانماڭلار ھەم ئالدىماڭلار! قوشناڭلار كىم؟ گەرچە «قوشناڭلار ئۈچۈن باش قاتۇرغان» دەك كۆرۈنسەڭلارمۇ، لېكىن، بەربىر ئۇلار ئۈچۈن ئىجاد قىلالمايسىلەر.

* * *

پەقەت خىزمەت ۋە ئىدارىلا ھەقىقىي «قوشناڭلار». ساختا باھالارغا ئالدانماڭلار!

* * *

ئەي يۈكسەك كىشىلەر، ياراتقۇچىلار! تۇغۇلماقچى بولغانلار كېسەلدىن خالىي بولالمايدۇ. تۇغۇلۇپ بولغانلار پاكىز ئەمەس.

ئاياللاردىن سوراپ بېقىڭلار - تۇغۇت شادلىق پەيزىنى سۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس. ئازاب مىكيانىنى قاقاقلىتىدۇ، شائىرنى سۆزلىتىدۇ.

سىلەر ياراتقۇچىلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن مەينەتلىكلەر بار، چۈنكى، سىلەر ئانا بولۇشتىن خالىي ئەمەس.

ئاھ، نۇرغۇن مەينەت نەرسىلەر بوۋاق بىلەن تەڭلا دۇنياغا كېلىدۇ! نېرى كەت! يەڭگىگەن ئادەم ئۆز روھىنى پاكلىشى كېرەك!

* * *

ئەجدادلار قالدۇرغان ئەخلاقنى بويلاپ مېڭىڭلار! ئەگەر ئەجدادلارنىڭ ئىرادىسى سىلەرنى ئېلىپ بىرلىكتە يۈكسەلمىسە، قانداق يۈكسىلەلەيسىلەر؟

* * *

تەلەپ قانچە يۇقىرى بولسا، مۇۋەپپەقىيەتمۇ شۇنچە ئاز بولىدۇ. سىلەر يۈكسەك كىشىلەر مەغلۇبلاردىن ئەمەسمۇ؟

روھلۇق بولۇڭلار، مەغلۇبىيەتنىڭ كارى قانچىلىك؟ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئاز ئەمەس! كۈلۈشنى ئۆگىنىڭلار! باشتىنلا راسا كۈلۈشۈڭلار كېرەك ئىدى.

ئەي، ئەمگىكى زايا كەتكەنلەر، مەغلۇبىيەتنىڭ ھەيران قالغۇدەك نەرى بار! ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچىكى ۋۇجۇدۇڭلاردا تىركىشىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟

ئىنسانىيەتنىڭ ئاشۇ ئەڭ يىراق، ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ يۈكسەك ھاياتى ۋە كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان كۈچى سىلەرنىڭ قازىنىڭلاردىن تېشىپ چىققان ئەمەسمۇ؟

* * *

گۈزەل نەرسىلەر ئۆزىنىڭ مەقسىتىگە ئۇدۇل بارغان ئەمەس. ئۇلار مۈشۈكتەك تۈگۈلۈپ، كەلمىش بەختىنى پەس ئاۋاز بىلەن سۆزلەيدۇ. - گۈزەل نەرسىلەر كۈلمەكتە.

* * *

قاخشال شاخ ۋە غازاڭلاردىن نەپرەتلىنىدىغان ئاشۇ كەپسىز، ئاقكۆڭۈل بوران روھىغا ئاپىرىن! ئۇ، ساسلىق ۋە ياتاق ئۈستىدە ئوينايدۇ. گويا تەكشى ئوتلاق ئۈستىدە ئوينىغاندەك.

* * *

قورقۇش بىزدىكى تاساددىپىيلىك، باتۇرلۇق، تەۋەككۈلچىلىك ۋە نامەلۇم نەرسىلەرگە بولغان قىزىقىش - ئومۇمەن قەيسەرلىك، مېنىڭچە پەقەت مۇشۇلا ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل ئىپتىدائىي تارىخى.

ئىنسانلار ئەڭ ياۋايى ۋە ئەڭ باتۇر ھايۋانلارغا ھەسەت قىلغان، تەلپۈنگەن، ئۇلارنىڭ روھىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. شۇنداق قىلىپ، ئادەم بولغان.

بۇ قەيسەرلىك ئاخىرىدا ئىنتايىن چەبدەسلىشىپ، ئادەمنىڭ مەنىۋىلىكى ۋە ئىلمىيلىكى كۆچەيگەن.

* * *

سۈكۈت قىلىش ئۇنىڭ زېرەكلىكى، چۈنكى شۇنداق قىلغاندىلا خاتالىق يۈز بەرمەيدۇ.

ئازابنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل شادلىقتۇر، قارغىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر خىل بەخت تىلەشتۇر؛ قاراڭغۇنىڭ ئۆزى بىر خىل كۈندۈزدۇر - نېرى كېتىڭلار! بولمىسا، پەيلاسوپنىڭ ساراڭلىقىنى چۈشىنىپ قالىسىلەر.

---

خەنزۇچىدىن: **ئابدۇقادىر جالالىددىن** تەرجىمىسى

پەقەت مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم يۈك بولغاندا
بىلىمەن شۇندىلا ئېغىرلىقىڭلارنى

* * *

ھەقىقەت -
بىر قىز دۇرخالاس.
تارتىنچاقلىقىدا يوشۇرۇنغان ھىيلىگەرلىكى.
ئېرىشمەكچى بولغىنىغا
كۆڭلىدە سان بار.
رەت قىلار ئۇ، يالغاندىن،
ئۇ كىمگە باش ئېگەر؟ - مەجبۇرلىغانغا!
شۇڭا زورلۇق كېرەك،
رەھىمسىز بولۇڭلار ھەي ئاقىللار!
مەجبۇرلاڭلار ئۇنى
بۇ تارتىنچاق ھەقىقەتنى -
ئۇنىڭ بەختى ئۈچۈن.
ئۇ بىر قىزدۇر خالاس

* * *

ئادەت ئىككى قولىمىزنى كالامپاي، كاللىمىزنى دۆت قىلىپ قويىدۇ.

* * *

نېمىشقا بىزنى ئۆزى ئۈچۈن، باشقا ھەممە كىتابلاردىن ۋاز كەچتۈرۈۋېتەلەيدىغان بىرەر كىتاب يوق؟

* * *

ماختاش ۋە ئەيىبلەشتىن باشقا بىز ئۆزىمىزنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىمىزنى بىلمەيمىز.

* * *

ساڭا نىسبەتەن ئەڭ چوڭ خەتەر نېمە؟
- ھېسداشلىق.

---

خەنزۇچىدىن: **پولات ھېۋىزۇللا** تەرجىمىسى (M1)

www.uyghurkitap.com

# مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىيات سەنئەت توغرىسىدا ئېيتقانلىرى



شائىر شېئىر يېزىۋاتقان چاغدا يا بۇرۇندىن قېپقالغان توشقانغا، ياكى قوغلاپ كېتىۋاتقان بۆرىگە ئوخشىشى كېرەك. شائىر ئارىلىقتىكى ھالەتتە تۇرغاندا ھەقىقىي شېئىر يارىتالمايدۇ.

**- رەسۇل ھەمزەتوپ**

ئەڭ ئۇلۇغ شائىر ھەرگىزمۇ ئەڭ ياخشى ئىجاد قىلغان شائىر ئەمەس، بەلكى ئەڭ كۆپ ئىلھام بېرەلىگەن شائىردۇر. ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى بىرلا قاراپ كۆرۈۋالغىلى بولمايدۇ. ئۇ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى سىزنىڭ ئىزدىنىشىڭىزگە، چۈشىنىشىڭىزگە، تەتقىق قىلىشىڭىزغا قالدۇرىدۇ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى سىزنىڭ ئورۇندىشىڭىزغا قالدۇرىدۇ.

**- ۋىتمان**

خەلق ئۆزىنى بىلىش مەقسىتىدىلا ئۆزىنىڭ شائىرلىرىنى يارىتىدۇ.

**- يېۋتىشېنكو**

ئەگەر جورجى بۇش بىلەن سادام ھۈسەيىن شېئىر ئوقۇغان بولسا، پارس قولتۇقى ئۇرۇشى يۈز بەرمىگەن بولاتتى.

**- ئوكتاۋىئوپاز**

زىياناش ھاشاراتنىڭ ئادەمنى چېقىشى ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ يامانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ھاياتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈندۇر. تەنقىدچىلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزغا ئەمەس، قېنىمىزغا موھتاج.

**- نېتزى**

* شېئىر - شائىردىن تىنماي ئىزدىنىشنى كۈتىدۇ. ھەر بىر شېئىر بىر تەلەپ، بىر ئىلتىجا ۋە بىر سوراق.

* شېئىر - مۇقەددەس دىئالوگ، شائىر سوئال قويىدۇ، ئوقۇرمەن ئۇنىڭغا ئۈن - تىنسىز جاۋاب بېرىدۇ.

* شائىر - ئويغاتقۇچى، شائىر - ماياك، شائىر - ئەسكەر، شۇنداقلا شائىر سىرلىق ھالدا تەقدىر ئاچقۇچىنى ئىگىلىۋالغان خوجىدۇر.

**- ئالېكساندىرىي**

ئالەم (كائىنات) گويا سىمۋوللاشقان ئورماندۇر. ئادەم قەلبى ئالەم بىلەن سەزگىلى بولمايدىغان بىر خىل يوشۇرۇن ۋاسىتە ئارقىلىق باغلانغان. شائىرنىڭ ۋەزىپىسى ئەنە شۇ «ئوبرازلىق يېزىق لوغىتى» نى ئوقۇپ چۈشىنىپ، ئالەم بىلەن قەلبىنىڭ يوشۇرۇن باغلىنىشىنى ئىنسانىيەتكە ئېچىپ بېرىشتۇر. شۇڭا، شېئىر تەبىئەتكە تەقلىد قىلىش بىلەنلا قانائەتلەنمەسلىكى، مۇھىت، مەنزىرە تەسۋىرى ئارقىلىق ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىغا كىرەلىشى، شەخسنىڭ تۇيغۇسى (ماددا بىلەن ئادەم قەلبىنىڭ بىر - بىرىگە ئۆتۈشچانلىقى) نى «تەرجىمە» قىلىپ بېرىشى كېرەك.

**- چارلىز بودلېر**

ئىلگىرى ئاياللار پۈركەنچە ئىچىدە، شېئىرىيەت بولسا ئوچۇق ئىدى، ئەمدى ئاياللار ئوچۇق يۈرۈپتۇ، شېئىرىيەت بولسا پۈركەنچىگە كىردى.

**- رەسۇل ھەمزەتوپ**

* شېئىرىيەت ھاياتنىڭ تىنىم تاپماس ۋە قۇدرەتلىك ھەرىكىتى، ئىنسانىيەتنىڭ يۈكسەك روھىنىڭ جەۋھىرى، دۇنيانىڭ ئەلۋەك ۋە گۈزەل ئەكس ساداسى.

* بىز ئوقۇغان ھەر بىر ھەقىقىي ياخشى شېئىر - چىنلىق، ئېزگۈلۈك، گۈزەللىكنى خۇشال - خۇراملىقتا تولۇپ تاشقان ھالدا يىگىباشتىن يەنە بىر قېتىم بايقاش؛ ئىنسانىيەت ياراتقان ئەقىل - پاراسەتنى يەنە بىر قېتىم مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە مەدھىيىلەش، شۇنداقلا يەنە بىر قېتىملىق كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ئۆز - ئۆزىنى بايقاشتۇر.

* ئاۋادا سىز ھەر قانداق بىر ياخشى شېئىرغا قىزىقمىسىڭىز، ئۇ سىزگە قىلچە تەسىر قىلمىسا، ئۇ چاغدا بۇ سىزنىڭ ھاياتتىن بەزگەنلىكىڭىزنى، ئىنسانىيەت ۋە دۇنيادىن بەزگەنلىكىڭىزنى، شۇنداقلا ئۆزىڭىزدىنمۇ بەزگەنلىكىڭىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

* شېئىرىيەت پەلسەپىگە ئوبراز بىلەن ھايات بەرسە، پەلسەپە شېئىرىيەتكە چوڭقۇرلۇق بىلەن جان ئاتا قىلىدۇ.

* مەنا ئاشلىقتا، ئەسەر ئاشلىقتىن پىشۇرۇلغان تاماقتا، شېئىر ئاشلىقتىن ئېچىتىپ ياسالغان شارابقا ئوخشايدۇ.

**- شياۋشۇ**

شېئىردا چوقۇم ئاجايىپ سۆزلەر بولۇشى كېرەك، ئەمما ھەممىسىلا ئاجايىپ بولۇپ كەتسە ئەمەلىيەتتە ئاجايىپ بولماي قالىدۇ. چۈنكى تۈپتۈز يولدا كېتىۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت كۆزگە چېلىققان نەرسىلا كىشىنى ھەيرەتكە سالالايدۇ.

**- ليۇ شىزەي**

شائىر خۇددى دراما تورگقا ئوخشاش تەۋرەنمەس ئەمەلىيەتچىلىككە، ھەسرەتتى تۈگىمەس ئىشتىياققا، يانىي دۇنياغا يۈكسەكلىكتىن نەزەر تاشلاپ ئاسمانۇ زېمىندىن ھالقىپ كېتىدىغان خىيالىي چۈشلەرگە موھتاج. بۇ ئىشتىياق ئىلمىسىز، ئادانلارچە مەھلىيالىق بولماستىن، بەلكى ئاقىللارنىڭ چەكسىز زور ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتىدۇر. بۇ خىيالىي چۈشلەر پاسسىپ، ئۈمىدسىز يىمىرىلىش بولماستىن، بەلكى دانىشمەنلەرنىڭ ھايات - ماماتنىڭ سىرىنى ئىزدەش يولىدىكى تەپەككۇرىدۇر.

**- شياۋ شۆ**

ھەقىقەت ئىلاھلىقتا ئوخشايدۇ، ئۇ بىزنىڭ ئۇنى بىۋاستە بىلىۋېلىشىمىزغا ھەرگىز يول قويمايدۇ، بىز ئۇنى پەقەت ئەكس نۇر، ئوخشىتىش، سىمۋوللارنىڭ ئىچىدىلا كۆرەلەيمىز.

**- گيوتى**

* پارلاق ئەكس نۇر، ئاجايىپ ئوخشىتىش، بەدىئىي سىمۋوللار - شېئىرىيەت ئىنتىلىدىغان ۋە ئۇ موھتاج بولغان ئامىللاردۇر. ھايات ئەكس نۇر ئىچىدە تەۋرىنىپ تۇرىدۇ، ھەقىقەت ئوخشىتىشلاردا چاقناپ تۇرىدۇ، «ئىلاھلىق» سەنئەتكە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ.

* شائىر يەنە دىندىن كۈچلۈك قىزغىنلىق، چوڭقۇر ئىدراك، پەلسەپىدىن ھايات پاراستى ۋە ئالىم ئېگى ئېلىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك.

**- شياۋ شۆ**

يازغۇچىنىڭ ماھارىتى ئىنتايىن ئىخچام سۆز ئارقىلىق ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادىلەپ بېرەلىشىدە.

**- لاۋشې**

---

توپلىغۇچى: ئېزىزجان خۇدابەردى (M1)



شىنجاڭ 3-نۆۋەتلىك مەدەنىيەت-سەنئەت بايرىمىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سەھىپە

## شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 76 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن

# شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى داغدۇغىلىق باشلاندى

### ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئابلەت ئابدۇرېشىت تەبرىك نۇتقى سۆزلىدى، ۋاڭ لېچۈەن، ھامىدىن نىياز، جانابىل، جاڭ ۋېنيۆ، جۇشېڭتاۋ، ئەسقەت كەرىمباي، جىن يۈنخۇي قاتارلىقلار باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى

«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى مېھرىئاي ياقۇپ خەۋىرى: شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 76 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلگەن شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن كېيىن شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا داغدۇغىلىق باشلاندى.

مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ لېچۈەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامىدىن نىياز، جانابىل، جاڭ ۋېنيۆ، جۇشېڭتاۋ، ئەسقەت كەرىمباي، جىن يۈنخۇي، خەلچەم ئىسلام، لى فېڭزى، ۋۇدۇنفۇ، خۇجيايەن، يۈسۈپ مۇھەممىدى. تۆربايىر، شۈي پېڭ، ماسۇنلياڭ، ئامىنە غاپپار، جاڭ خېڭ، يۈسۈپ ئەيسا، ئىبراھىم روزى، ماۋېخۇا، دىيار قۇماش، خەن يۈۋېن، مىجىت قۇربان، سۇلايمان نىيەتقابىل، سامىڭ، پاشا ئىشان، چېن جۇڭ، بوتاي، جۇجيەنفەن، خۇجاۋجاڭ، ئىسمائىل تىلىۋالدى، ۋاڭ گۈيجېن قاتارلىقلار قاتناشتى.

مۇراسىمدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت تەبرىك نۇتقى سۆزلەپ مۇنداق دېدى: پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 76 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەۋاتقان، پۈتۈن دۇنيادىكى جۇڭخۇا پەرزەنتلىرى دۆلىتىمىزنىڭ شياڭگاڭغا ئىگىلىك ھوقۇقى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى ئالقىشلاۋاتقان ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس پەيتتە شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى بۇ يەردە داغدۇغىلىق باشلاندى. شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمىنى ئۆتكۈزۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت - سەنئىتىنى نامايان قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىمىز ۋە مىللىي ئىپتىخارىمىزنى ئىپادىلەپ، شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلىشىمىز، ئۇلۇغ پارتىيە ۋە ۋەتەننى قىزغىن مەدھىيىلىشىمىز چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن بۇ قېتىملىق مەدەنىيەت -

مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى
(1997-يىل 2-سان، ئومۇمىي 25-سان)

www.uyghurkitap.com

سەنئەت بايرىمىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ ئەزەلدىن «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دېگەن نامغا ئىگە. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ھەر مىللەت خەلقى شىنجاڭنى ئورتاق ئېچىپ ۋە گۈللەندۈرۈپ، شانلىق ھەم پارلاق، ئۆزگىچە مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەت يارىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت خەزىنىسىنى بېيىتىپ كەلدى، ئازادلىقتىن بۇيان ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش، خەلقنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ترىشىپ كۆرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. بىز مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمىتىدە جەزمەن خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشى ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىپ، ئېسىل ئەسەر يارىتىش ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، مەنىۋى مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، خەلققە ئەڭ ئېسىل مەنىۋى ئوزۇق تەقدىم قىلىپ، ئىككى باسقۇچلۇق ئىستراتېگىيىلىك نىشانىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك مەنىۋى كۈچ، جامائەت پىكرى ۋە ئىدىيىۋى كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا تۆرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

مۇراسىم باشلىنىشتىن بۇرۇن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مەلۇم قىسىمدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر ۋە ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم ئىدارە، ئورگان، مەكتەپلەردىن كەلگەن ئاممىا «خەلق» سارىيىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا داپ - دۇمباق چېلىپ، ئەجدىھا ئۇسسۇلى، شىر ئويۇنى ئويناپ، مەشرەپكە چۈشۈپ، بۇ قېتىملىق مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمىنىڭ باشلانغانلىقىغا قىزغىن تەنتەنە قىلدى. باشلىنىش مۇراسىمىدا ئاۋۋال 14 ئورۇندىن كەلگەن خور ئۆمىكى بىرلىكتە «ۋەتەنگە مەدھىيە»، «بىزنىڭ شىنجاڭ ئەڭ گۈزەل»، «100 يىل» قاتارلىق خورلارنى ئورۇندىدى. سانجى، ئاقسۇ، ئىلى، قىزىلسۇ، بايىنغولىن، قەشقەر قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلار ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئارتىسلىرى «باھار ھەققىدە ھېكايە»، «قۇملۇق ئوغلانى»، «قاراقۇرۇمدىكى قار ئۇچقۇنى»، «بوستانلىقتىكى بۇلبۇل»، «گۈزەل ماكاندا گۈزەل تۇرمۇش» قاتارلىق ناخشا - ئۇسسۇللارنى ئورۇنداپ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

باشلىنىش مۇراسىمىدا يەنە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ بۇ نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمىغا ئەۋەتكەن تەبرىك تېلېگراممىسى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

# ئىتتىپاقلىق كاتتا مەرىكىسى

## - شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدىن خاتىرە

«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى مېھرىئاي ياقۇپ خەۋىرى: 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى بايرام تۈسىگە كىردى. ھەر مىللەت ئاممىسى شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىدىن چەكسىز ئىپتىخارلىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 76 يىللىقىنى قۇتلۇقلاپ، زەپەر تەنتەنىسىگە چۆمدى.

بۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن شىنجاڭ «خەلق» سارىيىدا رەڭگارەڭ بايراقلار جەۋلان قىلىپ، رەڭمۇ رەڭ شارلار كۆكنى قاپلاپ، بۇ يەرگە ئالاھىدە گۈزەل تۈس كىرگۈزگەندى. دەل سائەت بىر يېرىمدا (ئۈرۈمچى ۋاقتى) رىياسەتچى شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا ناغرا - سۇناي، داپ - دۇمباق ساداسى ياڭراپ، ئەتراپنى لەرزىگە سالدى. 200 كىشىلىك ياڭگېر دۇمباق ئەترىتى «خەلق» سارىيىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا ئۇزاققىچە داقا - دۇمباق چېلىپ ئېچىلىش مۇراسىمىنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. «توققۇز ئەجدىھا ۋە 40 شىر ئويۇنى» ئورۇندىلىپ، مەيدانغا بايرام تۈسىنى بەخش ئەتتى. ئاخىرىدا مىللىي ئەنئەنىۋى مەشرەپ باشلانغاندا يۈزلىگەن قىز - يىگىتلەر زوق - شوق بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەيدان تېخىمۇ شاد - خۇراملىققا چۆمدى.

«خەلق» سارىيىنىڭ ئىچى تېخىمۇ قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەندى. سەنئەت بايرىمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئاتاپ تەييارلانغان سەنئەت نومۇرلىرى كۆرسىتىلىشكە باشلىندى. 2000 كىشىلىك خور ئۆمىكىنىڭ ئورۇندىشىدىكى «ۋەتەنگە مەدھىيە»، «بىزنىڭ شىنجاڭ ئەڭ گۈزەل» قاتارلىق خورلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلىدى. ئارقىدىنلا ئورۇندالغان «باھار ھەققىدە ھېكايە»، «باھارمايىسى»، «باھار دولقۇنى» قاتارلىق ئۇسسۇللۇق ناخشىلار تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە باشقىچە جەلپ قىلدى. ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان «قۇملۇق ئوغلانى»، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان «تۇلپار ناخشىسى»، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان «پەرۋاز قىل قىرغىز»، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان «ساۋزۇرىڭ»، قەشقەر ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان «گۈزەل ماكاندا گۈزەل تۇرمۇش» قاتارلىق نومۇرلار قويۇق مىللىي تۈس ئالغان بولۇپ، ئىنتايىن يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئورۇندالدى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان «قارا قۇرۇمدىكى قار ئۇچقۇنى» ناملىق كوللېكتىپ ئۇسسۇل يارقىن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، ئېپىزوت، ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا ئىنتايىن تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرىنىڭ قەيسەر ئىرادىسى ۋە قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەسلىكتەك ئالىيجاناب پەزىلىتىنى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بەردى. شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل

ئۆمىكى ئورۇندىغان، ھەر مىللەت خەلقى شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىگە تەنتەنە قىلىۋاتقانلىقىنى ئىزھار قىلىدىغان «100 يىللىق ئىنتىزارلىق ۋە شادلىق» ناملىق ئۇسسۇللۇق ناخشىدا تالانتلىق ياش ناخشىچىلاردىن ئىززەت ئېلياس، ئابدۇللا ئابدۇرېھىم قاتارلىقلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ياڭراتتى. ھەر مىللەت ئارتىسلىرى بۇ ياڭراق ناخشا ساداسىغا تەڭكەش بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشتى... تاماشىبىنلار ئۇلارغا گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئويۇن تۈگەش بىلەن سەھنىگە چىقىپ بارلىق ئارتىسلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇدى.

شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا ئاتاپ تەييارلانغان بۇ نومۇرلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاساسىي تېما قىلىنغان بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيىنى، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيۈش، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش روھىي قىياپىتى؛ شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەش ۋە پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. بۇ نۆۋەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغۇسى!

## شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى تۇنجى بولۇپ چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل «مۇقام يۇرتىدىكى يېڭى كۈي»نى كۆرسەتتى

### ئابلەت ئابدۇرېشىت، خەلچەم ئىسلام، يۈسۈپ ئەيسا قاتارلىقلار ئويۇننى كۆردى

«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى مېھرىئاي ياقۇپ خەۋىرى: شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى باشلانغان تۇنجى كۈنى (7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى) كەچتە قەشقەر ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانىسىدا چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل «مۇقام يۇرتىدىكى يېڭى كۈي» نى ئورۇنداپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئابلەت ئابدۇرېشىت، خەلچەم ئىسلام، يۈسۈپ ئەيسا قاتارلىقلار ئويۇننى كۆردى.

پەردە ئېچىلىشى بىلەن سەھنىدە ئوينالغان دولان ياشلىرىنىڭ جۇشقۇن، شوخ ئۇسسۇلى تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. قويۇق مىللىي ۋە يەرلىك پۇراققا ئىگە، بەدىئىيلىكى يۇقىرى، نەپىس ناخشا - ئۇسسۇللارنى كۆرگەن تاماشىبىنلار ئارقا - ئارقىدىن گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى، ھەتتا ناخشا - مۇزىكا رىتىمىغا تەڭكەش قىلىپ چاۋاك چېلىپ، مەمنۇن بولغانلىقىنى ئىپادىلىدى ۋە ھاياجىنىنى باسالماي قالدى. سەھنىدىكى «ئىشچان يىگىتلەر»، «پاختىكار قىزلار» قەدىمكى دىياردىكى مېھنەتكەش خەلقنىڭ ئوبرازىنى يارقىن ئىپادىلەپ بەردى.

«ئىگىلىك يارىتىش ناخشىسى»، «گۈزەل ماكاندا گۈزەل ھايات»، «قەدىمكى دىياردىكى يېڭى كۈي» دىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپقان چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل - «مۇقام يۇرتىدىكى يېڭى كۈي» مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، شەكلىنىڭ خىلمۇ - خىللىقى، زامانىۋىلىقى، ئەنئەنىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشتى.

## شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولغان مۇنەۋۋەر كىنو فىلىملىرىنى قويۇش پائالىيىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك باشلىنىپ كەتتى

«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى مېھرىئاي ياقۇپ خەۋىرى: شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولغان مۇنەۋۋەر كىنو فىلىملىرىنى قويۇش پائالىيىتى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك باشلىنىپ كەتتى.

بۇ قېتىم قويۇلىدىغان «ئەپيۇن ئۇرۇشى»، «ئېلىشىش»، «ھەربىينىڭ ئايالى»، «دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمى»، «لېي فېڭدىن ئايرىلغان كۈنلەردە»، «كۆڭ فەنسېن»، «مېنىڭمۇ دادام بار»، «ئانىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى» قاتارلىق 26 كىنو فىلىمى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى ئەمەلىي دەرسلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ پائالىيەتنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كىنو فىلىم قويۇش - تارقىتىش شىركىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان.

www.uyghurkitap.com

## «دېھقان روھى» كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالدى

«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى مېھرىئاي ياقۇپ خەۋىرى: 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كەچتە ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانىسى ئادەم بىلەن لىق تولغان بولۇپ، بىرەرمۇ بوش ئورۇن قالمىغانىدى. ئويۇن باشلىنىشتىن بۇرۇن ھەممە ئادەم ئۆز جايىدا تىمتاس ئولتۇرۇپ، پەردىنىڭ ئېچىلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى.

پەردە ئېچىلىشى بىلەن بېشىغا تەلپەك كىيگەن، دولىسىغا كەتمەن سالغان، قولىدا جۇۋىسىنى كۆتۈرۈۋالغان، ئويچان كۆزلىرى يىراق ـ يىراقلارغا تىكىلىپ، ئالغا ئىنتىلىپ تۇرغان سۆيۈملۈك ئۇيغۇر دېھقانىنىڭ ھەيكىلى پەيدا بولۇپ، خوتەن روھىنىڭ سىمۋولىنى نامايان قىلدى. شۇ ھامان زال ئىچىنى گۈلدۈراس ئالقىشلار قاپلىدى.

خوتەن ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان «دېھقان روھى» ناملىق چوڭ تىپتىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل مۇقەددىمە، 1 ـ قىسىم «ئىسلاھاتنىڭ شەپەق نۇرى»، 2 ـ قىسىم «ئابۇكەۋسەر تەشنالىقى»، 3 ـ قىسىم «يېشىل دۇنيادا شاد مەشرەپ» ۋە خاتىمىدىن تەركىب تاپقان. بۇ سەھنە ئەسىرىدە ناخشا ـ ئۇسسۇل شەكلى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ئەجرى ۋە كۈچ، ئەقلىگە تايىنىپ قارا قۇرۇمدىن باشلانغان قاراقاش، يۇرۇڭقاشتىن ئىبارەت ئىككى دەريانى بويسۇندۇرۇپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلارنى ياراتقان خوتەن دېھقانلىرىنىڭ ئاددىي ـ ساددا، سەمىمىي، جاپادىن قورقماس، قەيسەر ئوبرازى ئىپادىلەپ بېرىلگەن. بۇ سەھنە ئەسىرىنىڭ بەدىئىيلىكى يۇقىرى، شەكلى رەڭدار، مەزمۇنى مول بولۇپ، تاماشىبىنلار قەلبىنى لەرزىگە سالدى. ئۆز ھاياجىنىنى باسالمىغان تاماشىبىنلار ئىختىيارسىز ھالدا مۇزىكا رېتىمىغا تەڭكەش قىلىپ چاۋاك چېلىپ تۇردى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئامىنە غاپپار، مىجىت ناسىر، ئىبراھىم روزى، قۇربان ئەرشىدىن قاتارلىقلار ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرى بىلەن بىللە ئويۇننى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەردى.

## چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇللۇق ناخشا «دولان چېچەكلىرى» نىڭ ئورۇندىلىشى 3 ـ قېتىملىق شىنجاڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت بايرىمىنىڭ تەنتەنىسىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى

«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى غەيرەت ئابدۇللا خەۋىرى: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇللۇق ناخشا «دولان چېچەكلىرى» 7 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ۋە كەچتە ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، مۇشۇ قېتىملىق شىنجاڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت بايرىمىنىڭ تەنتەنىسىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. دولان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىم ۋادىسىدا تۆرىلىشىدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بولغان ئومۇمىي تەرەققىيات جەريانىنى، دولان سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىن تارتىپ ھازىرقىدەك تاكامۇللىشىشىغىچە بولغان تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى يارقىن مىللىي تۈس، قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىك ئاساسىدا جەزبىدار ۋە جۇشقۇن مۇزىكا، نەپىس ۋە مەردانە ئۇسسۇل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن بۇ چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇللۇق ناخشا سەھنىدە ئورۇندالغاندا، باشتىن ئاخىر ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىش سادالىرى ياڭراپ تۇردى.

چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇللۇق ناخشا «دولان چېچەكلىرى» بەش قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، 1 ـ قىسمى ـ مۇقەددىمىسىدە دولانلارنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ قەۋم بولۇپ كۆپىيىشكە باشلىغانلىقى، 2 ـ قىسمى ـ «ئوۋچىلار ناخشىسى» دا دولانلارنىڭ ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن ئۆتكەن ھايات سەرگۈزەشتىلىرى، 3 ـ قىسمى ـ «تېرىلغان ئارزۇلار» دا دولانلارنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك تىكلەش جەريانى، 4 ـ قىسمى ـ «دولان ناۋاسى» دا دولانلارنىڭ مول مەزمۇنلۇق بەختىيار تۇرمۇش كارتىنىسى، 5 ـ قىسمى ـ «تارىم دەريا شادلىقى» دا دولانلارنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى يېڭى ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە تېخىمۇ پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكى رەڭدار بەدىئىي ئىپادىلەش شەكىللىرى ئارقىلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن. شۇنداقلا دولان سەنئىتىنىڭ تاكامۇللىشىش جەريانى بۇ ئۇسسۇللۇق ناخشىنىڭ ھەر بىر قىسمى ۋە كۆرۈنۈشىگە ئورگانىك ھالدا سىڭدۈرۈۋېتىلگەن.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ رەھبەرلىرىدىن مىجىت ناسىر، ئىبراھىم روزى، روزى ھوشۇر، ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىقلار ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرى بىلەن بىللە بۇ ئويۇننى كۆردى.

## ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى ئېچىلدى

«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى مېھرىئاي ياقۇپ خەۋىرى: شىنجاڭ 3 ـ نۆۋەتلىك مەدەنىيەت ـ سەنئەت بايرىمىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولغان ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى 7 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىدى.

بۇ كۆرگەزمىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، مۇقام چالغۇ ئەسۋابلىرى، مۇقامچىلارنىڭ پائالىيەتلىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن فوتو سۈرەت ۋە رەسىملەر، ئۇيغۇر مۇقاملىرى مەدھىيىلەنگەن ھۈسنىخەت ئەسەرلىرىدىن بولۇپ يۈزگە يېقىن ماددىي بۇيۇم ۋە ئەسەرلەر كۆرگەزمىگە قويۇلدى.

جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى جۇۋېيشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى پاشا ئىشان كۆرگەزمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا لېنتا كەستى.

مىجىت ناسىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن سۆز قىلىپ يولداش جۇۋېيشىنىڭ ئالاھىدە كېلىپ بۇ كۆرگەزمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشقانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. بولۇپمۇ مۇقام تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملارنىڭ تىرىشىشى بىلەن ئۇيغۇر مۇقاملىرى رەتلىنىپ، تولۇقلىنىپ، لېنتىغا ئېلىنىپ، مۇكەممەل بىر سىستېمىغا ئايلاندى، دۇنياغا يۈزلىنىپ، دۆلىتىمىز ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈردى.

جۇۋېيشى مۇنداق دېدى: ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ھەر مىللەت خەلقى ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەتچىلىرى ئورتاق تىرىشسىلا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغىلى ۋە ئۇنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.

كۆرگەزمىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ ئارتىسلىرى مۇقامدىن ئارىيىلەرنى ئورۇندىدى.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۇتكۇزۇلگەن «تەڭرىتاغ مۇھەببىتى» ناملىق ھۆسنخەت، رەسىم كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلغان ئەسەرلەر باھالاندى

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز زۇنۇن باقى خەۋىرى: شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى بولغان «تەڭرىتاغ مۇھەببىتى» ناملىق ھۆسنخەت ۋە رەسىم كۆرگەزمىسى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئاياغلاشتى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى ئۇيۇشتۇرغان بۇ كۆرگەزمىگە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كەسپىي ۋە ئىشتىن سىرتقى خەتتات، رەسساملارنىڭ ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقتىكى ھۆسنخەت ئەسەرلىرى، جۇڭگوچە رەسىم، ماي بوياق، دۇغ بوياق، ياغاچ ئويما، چاپلىما رەسىم، بېزەك رەسىم ئەسەرلىرى بولۇپ جەمئىي 380 پارچە ئەسەر قاتناشتۇرۇلدى.

بۇلاردىن «تاجىك قىزلار»، «ناۋايخانا»، «بادام دوپپا» قاتارلىق 20 پارچە ئەسەر 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئانا»، «ئۇسسۇل»، «كۆز» قاتارلىق 40 پارچە ئەسەر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «يېڭىسار پىچىقى»، «كېلىن»، «نان»، «دولانلار» قاتارلىق 60 پارچە ئەسەر 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق رەسساملار جەمئىيىتى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى مۇنەۋۋەر تەشكىللەش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى ھۆسنخەت ۋە رەسىم كۆرگەزمىسىگە قويۇلغان ئەسەرلەرنىڭ تېمىسى مول، سەۋىيىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىنىڭ يېڭى قىياپىتى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتەننى، كومپارتىيىنى قىزغىن سۆيۈش، شياۋگاڭنىڭ ۋەتىنىمىز قوينىغا قايتىپ كېلىشىنى ۋە «1 - ئىيۇل» نى قىزغىن تەبرىكلەش ھېسسىياتى ھەر قايسى تەرەپ ۋە نۇقتىلاردىن جانلىق ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن. ئەسەرلەردىكى ھەر بىر سىزىق ۋە رەڭگە تەڭرىتاغ ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ئانا ۋەتەنگە بولغان يۈكسەك مۇھەببىتى سىڭدۈرۈلگەن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى دولقۇنىدا يول ئېچىپ ئىلگىرىلەۋاتقان شىنجاڭنىڭ يېڭى قىياپىتى نامايان قىلىنغان.

# «بايىنغولىندىكى ناخشا ساداسى» ناملىق چوڭ تىپتىكى مۇزىكىلىق ئۇسسۇل ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى

«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى مېھرىئاي ياقۇپ خەۋىرى: بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كەچ ۋە 10 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانىسىدا چوڭ تىپتىكى مۇزىكىلىق ئۇسسۇل «بايىنغولىندىكى ناخشا ساداسى» نى ئورۇنداپ، ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

بۇ سەھنە ئەسىرى مۇقەددىمە ۋە «تارىخىي كۆرۈنۈشلەر»، «ھازىرقى زاماندىكى ئۆزگىرىشلەر» دىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن، يەتتە پەردىدىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭدا مىللىي ئەنئەنىۋى سەنئەت ۋە ھازىرقى زامان سەنئەت شەكلى بىرلەشتۈرۈلۈپ، بايىنغولىننىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە بۈگۈنكى رېئال تۇرمۇشى نامايان قىلىنغان. ئاپتونوم ئوبلاستتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دولقۇنىدا ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئىناق - ئىجىل ياشاپ، يۇرتنى گۈللەندۈرگەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بولۇپمۇ «كىرورەننىڭ قەدىمكى قىياپىتى»، «مۇھەببەت ھەققىدە رىۋايەت»، «نەشپۈتزارلىقتىكى ناخشا ساداسى»، «ئۈمىد نۇرى» قاتارلىق پەردىلىرىدە ئاپتونوم

www.uyghurkitap.com

رايونىمىز يەر مەيدانىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلەيدىغان باينغولىن ئوبلاستىدا بارلىققا كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە ناخشا - ئۇسسۇللار ئارقىلىق ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن.

جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى جۇۋېيشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر قاتارلىقلار تاماشىبىنلار بىلەن بىرلىكتە بۇ ئويۇننى كۆردى.

# ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن ھەر مىللەت ئاممىسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى رەھبەرلىرىدىن ئابلەت ئابدۇرېشىت، ھامىدىن نىياز، قېيىۇم باھاۋۇدۇن، مىجىت ناسىر قاتارلىقلار كۆرگەزمىنى كۆردى

«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى مېھرىئاي ياقۇپ خەۋىرى: ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتى مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى 9 - ئىيۇل ئېچىلغاندىن بۇيان ھەر مىللەت ئاممىسى ناھايىتى زور ئىشتىياق بىلەن بۇ كۆرگەزمىنى كۆردى. بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىگە قويۇلغان بۇيۇملار مول مەزمۇنلۇق، شەكلى خىلمۇ خىل بولۇپ، كۆرگەزمە ناھايىتى جانلىق تۈس ئالدى. تۇرپاندىن كەلگەن خەلق مۇقامچىلىرى بىلەن شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىنىڭ ئارتىسلىرى نەق مەيداندا ئورۇندىغان «12 مۇقام» دىن پارچىلار ۋە ئۇسسۇللار كىشىلەرنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى قېيىۇم باھاۋۇدۇن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر قاتارلىقلار 7 - ئاينىڭ 11 - ۋە 13 - كۈنلىرى كۆرگەزمىنى كۆردى ۋە مۇنداق دېيىشتى: كۆرگەزمە ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويۇشتۇرۇلۇپتۇ. بۇنىڭدىن ئۇيغۇر مۇقام سەنئىتىنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ كۆرگەزمىنىڭ كۆلىمىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دائىرىسىدە كۆرستىپلا قالماي، پۈتكۈل مەملىكەتكە يۈزلەندۈرۈش كېرەك. مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى داۋاملىق قېزىپ، ئۇنى پۈتكۈل مەملىكەتكە ھەتتا دۇنياغا تونۇتۇش كېرەك.

# «جۇڭگو مىللەتلەر چالغۇ ئەسۋابلىرى، ئەلنەغمىلىرى توپلىمى (شىنجاڭ تومى)» ۋە «جۇڭگو مىللەتلەر ئەل ئىچى تىياتىر مۇزىكىلىرى توپلىمى (شىنجاڭ تومى)»نى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى مېھرىئاي ياقۇپ خەۋىرى: 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن كېيىن «جۇڭگو مىللەتلەر چالغۇ ئەسۋابلىرى، ئەلنەغمىلىرى توپلىمى (شىنجاڭ تومى)» ۋە «جۇڭگو مىللەتلەر ئەل ئىچى تىياتىر مۇزىكىلىرى توپلىمى (شىنجاڭ تومى)» نى تونجى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ توپلاملارنىڭ نەشر قىلىنىشى «جۇڭگو تىياتىر - ئەلنەغمە تەزكىرىسى (شىنجاڭ تومى)» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت ئىلمىي تەتقىقاتى ساھەسىدىكى يەنە بىر چوڭ مۇۋەپپەقىيەت.

جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى جۇۋېيشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر مۇراسىمغا قاتنىشىپ، بۇ «ئىككى توم» نىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

مىجىت ناسىر مۇنداق دېدى: بۇ «ئىككى توم» نىڭ نەشر قىلىنغانلىقى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە سەنئەت نەزەرىيىسى تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ياخشى رول ئوينايدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى سەنئەتلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ سەنئەت خەزىنىسىدىكى بىر گۆھەر، ئۇنىڭ مەزمۇنى مول، ئالاھىدىلىكى كۆپ. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە خەلق ناخشىلىرى، خەلق مۇزىكىلىرى، تىياتىر، ئەلنەغمە مۇزىكىلىرىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ھەر قايسى مىللەتلەر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

# 3 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى جەريانىدا قىزىقارلىق سېرك نومۇرلىرى كۆرسىتىلدى

«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى مېھرىئاي ياقۇپ خەۋىرى: شىنجاڭ سېرك ئۆمىكى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانىسىدا قىزىقارلىق سېرك نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ، شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمىنى تېخىمۇ قىزغىن كەيپىياتقا چۈمدۈردى.

بۇ سېرك نومۇرلىرى مول مەزمۇنلۇق بولۇپ، ئابدۇشۈكۈر، ھاجىگۈل، نۇرگۈل، دىلشاد قاتارلىق ئارتىسلار قىيىنلىق دەرىجىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان

«گىلەم تېپىپ پىرقىرىتىش»، «چەمبەر ئويىنىتىش»، «چىراغ ئويۇنى» قاتارلىق نومۇرلارنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. تالانتلىق ياش سېرك ئارتىسى ئەنۋەر سېھرى گەرلىك ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۆز تالانتىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى. تاماشىبىنلار باشتىن ئاخىر قىزغىن چاۋاك چېلىپ، سېرك ئارتىسلىرىنىڭ يۇقىرى ماھارىتىگە ئالقىش ياغدۇردى.

## «مۇشاۋرەك مۇقامى» ئاساسىدا يېڭىدىن ئىشلەنگەن چوڭ تىپتىكى مۇزىكىلىق ئۇسسۇل «كىرورەن گۈزىلى» تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى

«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى مېھرىئاي ياقۇپ خەۋىرى: شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلى 7 - ئاينىڭ 12 -، 13 - كۈنلىرى ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانىسىدا شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمىغا ئاتاپ تەييارلىغان «مۇشاۋرەك مۇقامى» ئاساسىدا يېڭىدىن ئىشلەنگەن چوڭ تىپتىكى مۇزىكىلىق ئۇسسۇل «كىرورەن گۈزىلى» نى ئورۇنداپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

بۇ سەھنە ئەسىرى «كىرورەن ساماسى»، «گۈللەنگەن كىرورەن»، «كىرورەنگە مۇھەببەت»، «ھاياتلىق يولى» دىن ئىبارەت تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قەدىمكى دىيار كىرورەننىڭ ئەسلى قىياپىتى، ئۇ يەردە ياشاپ ئۆتكەن خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى، ئۆز يۇرتىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى تەسىرلىك مۇزىكا، نەپىس ئۇسسۇل ۋە جۇشقۇن ناخشىلار ئارقىلىق ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ مۇزىكىلىق ئۇسسۇلنىڭ ھەر بىر قىسمى جاراڭلىق دېكلاماتسىيە بىلەن بىر - بىرىگە چېتىلغان بولۇپ، بۇ شەكىل بۇ سەھنە ئەسىرىنى يەنە ئالاھىدە ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلغان.

## رېئال تۇرمۇشتىكى رەزىللىكنىڭ ئوبرازلىق كارتىنىسى «سىرتماق» تىياتىرى تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى

«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى مېھرىئاي ياقۇپ خەۋىرى: شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈرۈمچى «خەلق» تىياتىرخانىسىدا رېئال تۇرمۇشتىكى رەزىللىكلەرنى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بەرگەن ئالتە پەردىلىك ھەجۋىي تىياتىر «سىرتماق» (تالانتلىق ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر يازغان بۇ دراما ژۇرنىلىمىزنىڭ 1993 - يىل 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان. مۇھەررىردىن) نى ئورۇنداپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

بۇ تىياتىردا جەمئىيەت، ئائىلە، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مىراس دەۋاسى توغرىسىدىكى ئاجايىپ ۋەقە ۋە ئۇنىڭ قىزىقارلىق جەريانى، مۇرەككەپ روھىي ھالەتلەر ھەجۋىيلەشتۈرۈلۈپ ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەن. پېرسوناژلار ئوبرازى تولىمۇ جانلىق بولۇپ، ئۈچ ئاكا - ئۇكىنىڭ خاراكتېرى، بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان روھىي دۇنياسى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشى تۈرلۈك زىددىيەتلىك ۋەقەلەر ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلگەن. بۇ سەھنە ئەسىرى تۇرمۇشقا تولىمۇ يېقىن بولغاچقا، تاماشىبىنلار بىردەم سەھنىدىكى ئوبرازلارنىڭ رەزىل قىياپەتلىرىگە نەپرەتلەنسە، بىردەم ئۇلارنىڭ ھەجۋىيلىكىدىن كۈلۈشتى، بەزى ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلەرگە قاراپ ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلىشتى. مانا بۇ مەزكۇر سەھنە ئەسىرىنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتىدۇر. يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئورۇندالغان بۇ سەھنە ئەسىرىدە مال - دۇنيا ۋە پۇلنى دەپ يېقىن تۇغقاندارچىلىقتىن ۋاز كەچكەن، ئەخلاق - پەزىلىتىنى يوقاتقان كىشىلەر قاتتىق قامچىلانغان.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم روزى تاماشىبىنلار بىلەن بىرلىكتە بۇ تىياتىرنى كۆردى.

## شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمى سەنئەت كۆرىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نومۇرى «سانجى زېمىنى گۈلگە پۈركەندى» ناملىق چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندالدى

«شىنجاڭ گېزىتى» مۇخبىرى مېھرىئاي ياقۇپ خەۋىرى: شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت سەنئەت بايرىمى سەنئەت كۆرىكىنىڭ ئاخىرقى بىر سەنئەت نومۇرى «سانجى زېمىنى گۈلگە پۈركەندى» ناملىق چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل 7 - ئاينىڭ 15 —، 16 - كۈنلىرى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق مىللىي ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى تەرىپىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىلىپ ئالقىشقا ئېرىشتى.

بۇ سەھنە ئەسىرى «مۇنبەت زېمىن»، «بوغدا باھارى»، «رەڭمۇرەڭ گۈللەر» دىن ئىبارەت ئۈچ پەردە ۋە مۇقەددىمە، خاتىمە بولۇپ بەش قىسىمدىن تەركىب تاپقان. پەردە ئېچىلىشى بىلەن پۈرەكلەپ ئېچىلغان بىر جۈپ مودەنگۈل پەيدا بولۇپ، ياندىن سانجى ئوبلاستىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيانقى گۈللەپ ياشنىغان، ئىتتىپاقلىق ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان يېڭى قىياپىتى نامايان قىلىنىدۇ ۋە بۇنىڭغا ئەگىشىپلا «زېمىنىنىڭ ساداسى» ناملىق ئەرلەر كوللېكتىپ ئۇسسۇلى باشلىنىپ، كەيپىيات بىردىنلا جانلىنىپ كېتىدۇ. بۇ سەھنە ئەسىرىدە باشتىن ئاخىرغىچە خۇيزۇ خەلقىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى كۆرەك قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا سانجى ئوبلاستىنىڭ مۇقىم، گۈللەنگەن، ئىناق - ئىتتىپاق ۋەزىيىتى، باتۇر ئەمگەكچان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۇرتىنى سۆيۈش، يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش قىزغىنلىقى نامايان قىلىنىدۇ.

(M2)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەسىرات ۋە باھا

# مۇقام گۈلزارىدىكى يېڭى گۈل

ئابدۇكېرىم مەخسۇت

شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمىنىڭ سەنئەت كۆرىكىدە قەشقەر ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان «مۇقام يۇرتىدىكى يېڭى كۈي» ناملىق چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇلدا قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يۇرت - ماكانىنى گۈللەندۈرۈش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ ئىگىلىك تىكلەش يولىدىكى رېئال تۇرمۇشى ئاساسىي تېما قىلىنغان بولۇپ، خەلقىنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىكى تەسىرلىك ھايات پائالىيەتلىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە دەۋر يۈكسەكلىكىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«مۇقام يۇرتىدىكى يېڭى كۈي» شەكىل جەھەتتە 12 مۇقام، دولان مۇقامى ۋە قەشقەر خەلق مەشرەپلىرىنىڭ ئەندىزىسىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇ، «ئىگىلىك يارىتىش ناخشىسى»، «گۈزەل ماكاندا گۈزەل ھايات»، «مۇقام ئىزىدىن يېڭى كۈي» دىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىدىن تەركىب تاپقان. ھەر بىر كۆرۈنۈشتىكى ناخشا - ئۇسسۇللار بىر - بىرىگە زىچ باغلانغان ۋە ئەسەرنىڭ تېمىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا راۋاجلانغان.

ئويۇننىڭ 1 - پەردىسىدىكى «ئىگىلىك يارىتىش ناخشىسى» دا دولان مۇقامى ياڭراپ، مەردانە يىگىتلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلەش يولىدا جاپاغا چىداپ ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان جەزبىدار، شوخ ئۇسسۇل بىلەن پاختىكار قىزلارنىڭ نازۇك، لاتاپەتلىك، ئەۋرىشىم ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق گۈزەل، قايناق ھايات كارتىنىسى نامايان قىلىنغان.

ئويۇننىڭ 2 - پەردىسى — «گۈزەل ماكاندا گۈزەل كۈي» دە جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق ئىگىلىك تىكلەنگەندىن كېيىنكى دېھقانلارنىڭ بەختىيار، جۇشقۇن ھاياتى ئاجايىپ گۈزەل، بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇ بۆلەكتىكى «كەشتىچى قىزلار»، «قوچقار سوقۇشتۇرۇش»، «پاپوز»، «رومال»، «دېھقان شادلىقى» قاتارلىق نومۇرلار قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش سەنئەت فاڭجېنى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، قويۇق يەرلىك پۇراقتا ۋە مىللىيەتلىكتە ئىگە قىلىنغان. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدا خەلق تۇرمۇشىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ياخشىلانغانلىقى، ئۇلارنىڭ ھاياتقا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراشتەك يېڭى قىياپىتى تاماشىبىنلارنىڭ ئالدىدا جانلىق نامايان قىلىنغان.

ئېيتىشىش، ناخشا، خور ۋە قويۇق مىللىي پۇراقتىكى لەرزان، چەبدەس ئۇسسۇللار ئارقىلىق زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ روھىي قىياپىتى، قايناق تۇرمۇش رىتىمى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەنگەن. بولۇپمۇ قىزلار كوللېكتىپ ئۇسسۇلى «رومال»، ئېيتىشىش «دېھقان شادلىقى» دا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر، دېھقانلارنىڭ يېڭىچە روھىي ھالىتى، گۈزەللىككە، يېڭىلىققا ئىنتىلىش يۈزلىنىشى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەنگەن ۋە سەنئەتنىڭ ھەقىقىي كۈچ - قۇدرىتى نامايان قىلىنغان.

3 - پەردە — «مۇقام ئىزىدىن يېڭى كۈي» ئەجەم مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسى بىلەن باشلىنىپ، تاماشىبىنلارنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئۇرغۇتۇپ، تاماشىبىنلارنى ئەڭ نەپىس، ئەڭ گۈزەل مۇزىكا دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ. تاماشىبىنلارنىڭ ۋۇجۇدى سىماپتەك ئېرىپ، يېڭى، تەپەككۇرى جۇشقۇن مۇقام ساماسىدا پەرۋاز قىلىۋاتقاندا، يارىشىملىق كىيىملەرنى كىيگەن قىز - يىگىتلەرنىڭ جىلۋىدار ئۇسسۇلى باشلىنىدۇ. ئۇسسۇلدا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قولنى قولغا تۇتۇپ، مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ داغدام يولىدا باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقى، گۈزەل يېڭى ھاياتنىڭ پەيزىنى بىرلىكتە سۈرۈپ، ئورتاق مەقسەتتە مەزمۇت قەدەم تاشلاۋاتقانلىقى ئىپادىلىنىپ، باش تېما بەدىئىي يوسۇندا مۇۋەپپەقىيەتلىك يورۇتۇپ بېرىلگەن.

«مۇقام يۇرتىدىكى يېڭى كۈي» نىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، مۇزىكىنىڭ ۋەقەلىك ۋە باش تېما بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنلىكىدە. كومپوزىتورلار خەلق مۇزىكىسىنىڭ گۈل تاجى مۇقام ۋە خەلق ناخشىلىرىدىكى

ئەلا گۈزەل مېلودىيىلەردىن پايدىلىنىپ دەۋر روھىغا باي يېڭىچە جۇشقۇن مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلىپ، ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي قىممىتىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرگەن. مۇزىكىدىكى ھەر بىر ئۆزگىرىش، كۈچلۈك ئۇدار، لەرزان مېلودىيىلەر بىلەن قەشقەر خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ھەقىقىي تۈردە سۈرەتلەپ بەرگەن.

«مۇقام يۇرتىدىكى يېڭى كۈي» خەلق تۇرمۇشىنى، مىللىي مەدەنىيەتنى يېڭى دەۋر روھى بىلەن يۇغۇرۇپ، نومۇرلارنىڭ ئېستېتىك قىممىتى، ئىدىيىۋى قىممىتى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. خەلقنىڭ سەنئەت ئارقىلىق ئۆز ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، كۈرەشلىرىنى، غەلىبە شادلىقلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئەنئەنىۋى روھى بۇ سەنئەت نومۇرىدا روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شۇڭلاشقا بۇ نومۇردا قەشقەر يېزىلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى جۇشقۇن، ساغلام، سەمىمىي ئىپادىلەنگەن.

بۈگۈنكى دەۋر ئىسلاھات، تەرەققىيات دەۋرى. شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى ۋە دۇنيا قارىشى يېڭىلىققا يۈزلەنگەن دەۋر. بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ سەنئەتكە بولغان تەلىپى ناھايىتى يۇقىرى. «مۇقام يۇرتىدىكى يېڭى كۈي» دە تاماشىبىنلارنىڭ ئاشۇ يۇقىرى تەلىپى چىقىش قىلىنغانچقا، بۇ نومۇر مەزمۇن جەھەتتە ساغلاملىقتا، جەڭگىۋارلىقتا، ھەقىقىي تۇرمۇش چىنلىقىغا، جانلىقلىقتا، گۈزەللىككە ئىگە بولالىغان.

«مۇقام يۇرتىدىكى يېڭى كۈي» نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى رېژىسسورلار، كومپوزىتورلار، ئارتىسلارنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل - پاراسىتى ۋە جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى.

## بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان «دولان چېچەكلىرى»

### جۇرئەت كامىل

شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمىنىڭ سەنئەت كۆرىكى مەزگىلىدە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان «دولان چېچەكلىرى» ناملىق چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل خېلى ياخشى تەسىر قوزغىدى. «دولان چېچەكلىرى» دە تارىم ۋادىسىدىكى دولانلارنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشتىن تارتىپ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرىگىچە بولغان ئومۇمىي تەرەققىيات جەريانىنى ۋە دولان سەنئىتىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن تارتىپ ھازىرقىدەك تاكامۇللىشىشىغىچە بولغان تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى يارقىن مىللىي تۈس، قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىك ئاساسىدا جۇشقۇن مۇزىكا، نەپىس ۋە مەردانە ئۇسسۇل بىلەن ئىپادىلەش ئارقىلىق ئاقسۇ بوستانلىقىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ بۈگۈنكى گۈزەل ئاقسۇ بوستانلىقىنى بەرپا قىلىش جەريانىدىكى باتۇرانە شىجائىتى مەدھىيىلەنگەن. ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تارىم ۋادىسىدا ياشاپ كېلىۋاتقان دولانلارنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇزىكا، ئۇسسۇللىرى ئۇلارنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ھاسىل قىلغان ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، مۇزىكىلىرى ئىنتايىن جۇشقۇن ۋە جەزبىدار، ئۇسسۇللىرى نەپىس ۋە مەردانە. مىللىي تۇرمۇش ۋە ناخشا - ئۇسسۇل جەھەتتىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك سەنئەت يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلۈپ ئىپادىلەنگەن «دولان چېچەكلىرى» دە دولانلارنىڭ ھەر قايسى تارىخىي شارائىتتىكى جاپالىق ئەجرى ۋە تۇرمۇش كارتىنىسى دولان مۇقامى، مۇزىكىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ۋە يارقىن مېلودىيە ئارقىلىق ئاقسۇ بوستانلىقىدىكى خەلقنىڭ بەخت - سائادەتلىك تۇرمۇش يارىتىش يولىدىكى ئەمگەك سۆيەر ئېگىلمەس روھىغا مەدھىيە ئوقۇلغان.

«دولان چېچەكلىرى» ناملىق تۆت كۆرۈنۈشلۈك ناخشا - ئۇسسۇلدا ئارتىسلار سەنئەت قانۇنىيەتلىرىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىپ، تارىخىي خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي تېمىنى - خەلقنىڭ تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش داۋامىدا ئۆزلىرىنى ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلىگەنلىكىنى شۇنداقلا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى بەختىيار تۇرمۇشىنى شوخ، تېتىك، چاققان ۋە چەبدەس، ئۆزگىرىشچان بەدەن ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي جەريانىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بولۇپمۇ ئارتىسلار دولان ئۇسسۇلىنىڭ ئۆزگىچە ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ مەزمۇن بىلەن بەدىئىيلىكنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، نومۇرنىڭ ئېستېتىك كۈچىنى ئاشۇرغان. نومۇردا ناخشا - ئۇسسۇل كونكرېت، تىپىك بولغان تەبىئەت مەنزىرىلىرى، ھەرىكەت، رىتىم، دېكوراتسىيە، مۇزىكا، نۇر قاتارلىق ئامىللار بىلەن ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ ئومۇمىي ھايات كۆرۈنۈشى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. ئۇسسۇلچىلار ئىنچىكە، مۇرەككەپ ھەرىكەتلەرنى ماھىرلىق بىلەن ئورۇندىغان، ناخشىچىلار بولسا ئالاھىدە كۈچ تەلەپ قىلىدىغان دولان ناخشىلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ، نومۇرنىڭ چىنلىقى ۋە تەبىئىيلىكىنى ئاشۇرغان. ئارتىسلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىمۇ ناھايىتى ئۆزگىچە لايىھىلەنگەن. بۇ چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇلنىڭ بۇنداق بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىگە، سەنئەتكە ئالاھىدە مۇھەببەت باغلىغان رېژىسسور ئەخمەتجان ئىمىن، گۈلنار دائىم، دولقۇن كامال قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك ئامىللارنى ماھىرلىق بىلەن ماسلاشتۇرۇپ، بىر پۈتۈن بەدىئىي يۈكسەكلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن بارلىق خادىملارنىڭ جاپالىق ئەمگىكى سىڭدۈرۈلگەن.

قىسقىسى، مەركەز ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەردىن نادىر ئەسەر ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك بىرلەشتۈرۈلگەن، كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچى ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان مۇشۇنداق شارائىتتا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئۇسسۇلچىلىقتىكى بەزى قاتمال رامكىلارنى ئىجادىي يېڭىلاپ، ئۇسسۇلدىن ئىبارەت بۇ نەپىس سەنئەت شەكلى ئارقىلىق بىر پۈتۈن ۋەقەنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، بەدىئىيلىكى يۇقىرى، مەزمۇنى مول، ئورۇندىلىشى ھەيۋەتلىك ۋە جانلىق مۇشۇنداق ياخشى ئەسەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ.

## يارقىن كۆرۈنۈش، قايناق ھايات

### مېھرىئاي ياقۇپ، تۇرغۇن ئوبۇل

قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمىدا ئورۇندىغان «تاغ ئاتا، سۇ ئانا» ناملىق چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇلدا قىرغىز مىللىتىنىڭ ئۇزاق تارىخى، شانلىق مەدەنىيىتى، ئۆزگىچە ئۆرپ - ئادەتلىرى، قايناق تۇرمۇشى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بۇ چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇل تۆت پەردە، 13 كۆرۈنۈشتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا قىرغىزلار ئارىسىدا تارقىلىپ كەلگەن «تاغ - قىرغىزلارنىڭ ئاتىسى، سۇ - قىرغىزلارنىڭ ئانىسى» دېگەن رىۋايەت يارقىن كۆرۈنۈش، مۇڭلۇق كۈي، نەپىس ئۇسسۇل، مول مەزمۇنلۇق ناخشىلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىلگەن. تاغ

www.uyghurkitap.com

ئاتىغا، سۇ ئانىغا سىمۋول قىلىنىپ، قىرغىز خەلقىنىڭ تاغلىق يۇرتىغا، ئۇلۇغ ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. نومۇردا چىۋەر قىزلارنىڭ كەشتە تىكىۋاتقان، باتۇر يىگىتلەرنىڭ پادا بېقىۋاتقان، چەۋەنداز قىز - يىگىتلەرنىڭ ئات ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى قىرغىزلارنىڭ قاينام - تاشقىنلىق ھاياتىنى نامايان قىلغان ۋە پەسىل قوغلىشىپ يايلاقتىن يايلاققا كۆچۈپ ياشاپ كەلگەن قىرغىزلارنىڭ ھەر قېتىملىق كۆچۈشتە تالاي قىيىنچىلىق - مۇشكۈل - جاپالارغا دۇچ كېلىدىغانلىقى، كۆچۈش داۋامىدا غەيرىتىنى ئۇرغۇتۇپ، قىيىنچىلىق- مۇشكۈللەرنى يېڭىپ، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىقى نەپىس ۋە شوخ ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بۇ ناخشا - ئۇسسۇلنىڭ ئاخىرقى كۆرۈنۈشلىرىدە مال پادىلىرىغا تولغان بىپايان يايلاقلار، كەڭ داللارنى قاپلىغان رەڭگارەڭ خۇش پۇراق گۈللەر دېكوراتسىيە ئارقىلىق ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، كۈز پەسلىنىڭ قىرغىزلارنىڭ مول ھوسۇل يىغىدىغان ئالتۇن پەسلى بولۇپلا قالماي بەلكى شاد - خۇراملىققا تولغان توي مەزگىلى ئىكەنلىكى، قىرغىزلارنىڭ قومۇزلارنى سايرىتىپ، ناخشىلارنى ياڭرىتىپ يېڭى دەۋرنى، باياشات تۇرمۇشنى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى كۈيلەۋاتقانلىقى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش داۋامىدا قانات قېقىپ پەرۋاز قىلىۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ناخشا - ئۇسسۇلنى شەكىل، سىمۋوللاشتۇرۇشنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ غەربىي چېگرىسىدا ياشاپ كېلىۋاتقان قىرغىز مىللىتىنىڭ ھەر مىللەت خەلقلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، يۇرت - ماكانىنى گۈللەندۈرۈش، چېگرىنى قوغداش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن شانلىق نەتىجىلىرى مەدھىيىلەنگەن. قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە بۇ ناخشا - ئۇسسۇلدا سەھنە، چىراغ ۋە كىيىمنىڭ لايىھىلىنىشى قاتارلىقلار يەرلىك ئالاھىدىلىك، قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە بولغان ۋە بۇلار ئارتىسلارنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە جىپسىلاشتۇرۇلغان. بۇ ناخشا - ئۇسسۇلنىڭ يەنە بىر مۇۋەپپەقىيىتى، ئۇنىڭ مۇزىكىسىنىڭ جانلىقلىقىدا بولۇپ، مۇزىكىلىرى قىرغىزلارنىڭ ئەنئەنىۋى چالغۇ ئەسۋابى قومۇزغا ئىسكىرىپكا، ئاككاردىئون قاتارلىق ياۋروپا چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ئورۇندالغان. بىز بۇ ناخشا - ئۇسسۇل ئەسىرىنىڭ ئاپتورى ئىبراي (قىرغىز) بىلەن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان باش رېژىسسور كۈرەش رەجەپنى زىيارەت قىلغاندا ئۇلار مۇنداق دېدى: قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى قۇرۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ ئۇلارنىڭ تۇنجى قېتىم بۇنداق چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇلنى سەھنىگە ئېلىپ چىقىشى. بۇ سەھنە ئەسىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىلىشىدىكى سەۋەب بىرىنچىدىن، ئوبلاستلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن زور دەرىجىدە ياردەم بەرگەنلىكى، ئىككىنچىدىن، كەسپىي جەھەتتە مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكى، ئۈچىنچىدىن، ئارتىسلارنىڭ جاپاغا چىداپ مەشق قىلغانلىقىدىن بولدى.

# تارىخ ۋە رېئال ھاياتنىڭ گۈزەل كارتىنىسى

پەرھات ئابدۇرېھىم

شىنجاڭ 3 - نۆۋەتلىك مەدەنىيەت - سەنئەت بايرىمىنىڭ سەنئەت كۆرىكىدە بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئورۇندىغان چوڭ كۆلەملىك مۇزىكىلىق ئۇسسۇل - «بايىنغولىندىكى ناخشا ساداسى» تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

تىياتىردا تارىخىي كۆرۈنۈشلەر بىلەن رېئاللىق، دەۋر روھى بىلەن بەدىئىي يۈكسەكلىك ئۆز ئارا زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، بايىنغولىندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، يۇرتنى گۈللەندۈرۈشتەك جاسارىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

تىياتىر ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، پەردە ئېچىلىش بىلەن لەرزان قەدىمكى كۈي ساداسى بىزنى 2000 يىللار ئىلگىرىكى گۈللەنگەن كىرورەن دەۋرىگە باشلاپ كىرىدۇ. گۈزەل كىرورەن قىزلىرى ئورۇندىغان «خۇمىرا ئۇسسۇلى» قەدىمكى كىرورەن مەدەنىيىتىنى كۆز ئالدىمىزدا جۇلالاندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن بىزگە مول ئېستېتىك زوق بەخش ئېتىدۇ.

«ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ شەرققە قايتىش» تا ئىخچام سەھنە تىلى بىلەن ھەرىكەتتىكى نەپىسلىك ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ، 200 يىللار ئىلگىرىكى موڭغۇل خەلقىنىڭ ئۇزاق جاپالىق مۇساپىنى بېسىپ، ۋولگا دەرياسى ۋادىسىدىن يۇرتىغا قايتقانلىقىدەك تەسىرلىك تارىخىي كۆرۈنۈش ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز ئانا ۋەتىنىمىزگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىمىز.

«سۆيگۈ رىۋايىتى» دە قەدىمكى ئۇسسۇل شەكلى ئارقىلىق باشئەگىم دىياردا يۈز بەرگەن «تاھىر - زۆھرە» ۋەقەلىكى ئىپادىلىنىپ، بىر جۈپ ياشنىڭ گۈزەل ھاياتقا، ئەركىنلىككە، پاك مۇھەببەتكە تەلپۈنۈش، زۇلۇمغا، زوراۋانلىق ۋە مۇستەبىتلىككە قارشى پىداكارانە ئېلىشىش روھى مەدھىيىلەنگەن.

تىياتىرنىڭ2 - قىسمى باشلىنىش بىلەن كۆك ئاسمان، يېشىل يايلاق، قارىغايلىق تاغلار ئوراپ تۇرغان ئاققۇ كۆلى تاڭ نۇرىدا جىلۋە قىلىدۇ. ئۆزگىچە ماھارەت بىلەن ئورۇندالغان «ئاققۇ ئۇسسۇلى» بىزنى ئۆزگىچە لىرىك دۇنياغا باشلاپ كىرسە، ئارقىدىنلا ئورۇندالغان جوشقۇن موڭغۇل ئۇسسۇلى بايىنغولىندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، گۈزەل تۇرمۇش يارىتىۋاتقانلىقىدەك قايناق مەنزىرىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

20 نەپەر ئۆسمۈر ئورۇندىغان «نەشپۈت چېچىكى» ئۇسسۇلى، ناغرا - سۇناي ساداسى ئىچىدىكى كورلا سەنىمى، كۆككە بوي تارتقان ئورمانلار، بىپايان مول ھوسۇللۇق ئېتىزلاردىكى بىڭتۇەن قىزلىرىنىڭ شادلىق بەزمىسى، خۇيزۇ خەلقىنىڭ «گۈل ئۇسسۇلى» قاتارلىقلار رەڭدار ئۇلانما سۈرەت شەكىللەندۈرۈپ، دولقۇنسىمان ستېرېئولۇق تۇيغۇ قوزغايدۇ. تەكلىماكان باغرىدا قەد كۆتۈرگەن يېڭى نېفىت شەھىرى مەنزىرىسى، نېفىتلىك ئاسمىنىنى چاڭ كەلتۈرگەن يېقىملىق ناخشا ساداسى ۋە نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ زامانىۋى ئۇسسۇلى، دەۋر روھىغا باي مۇزىكا ساداسى قەلبلەرنى ئۇزاقىچە لەرزىگە سالىدۇ.

قىسقىسى، «بايىنغولىندىكى ناخشا ساداسى» - شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 3 - نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمىغا تەقدىم قىلىنغان جۇلالىق گۈل. ئۇ، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سەنئەت باغچىسىدا خۇش پۇراق چېچىپ، تاماشىبىنلارغا ئىلھام، كۈچ - قۇۋۋەت بەخش ئەتكۈسى. (M2)

مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن



# قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىن قىسقىچە بايان

ئىمىن تۇرسۇن

## Ⅲ باب. ئۇيغۇر مەنقىبەتلىرى

«مەنقىبەت» سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى ئەرەبچىدە «ياخشى خىسلەت»، «گۈزەل سۈپەت» دېگەنلىك بولىدۇ؛ بىرەر كىشىنىڭ ياكى بىرەر تارىخىي شەخس ھەم قەۋمنىڭ پەزىلەت ۋە مەرتىۋىلىرى توغرىسىدا يېزىلغان رىسالىمۇ «مەنقىبەت» دەپ ئاتالغان. بۇ چاغقا قەدەر، بىرەر قەۋم ياكى مىللەتنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى دىنىي - ئەقىدىلەرگە باغلىق چۈشەنچىلەر يۇنانلاردا «مىف» دەپ ئاتالغان؛ لېكىن «مىف» بولسا، تەبىئەت ۋە ئاسمان جىسىملىرى ياكى ھادىسىلىرىنىڭ ئادەم قىياپىتىدىكى تەسۋىرلىرىنىڭ ناملىرىدۇر. بىزنىڭ يېقىن ئەدەبىياتىمىزدا «مىف» سۆزىمۇ قوللىنىلدى، كېيىن بۇنىڭ ئورنىدا ئەرەبچىدىكى «ئاساتىر» (ھېكمەتلىك بايان، ئاجايىپ ھېكايە، غارايىب قىسسە)، پارسچىدىكى «ئەفسانە» (سەرگۈزەشت، بىھۇدە گەپ - سۆزلەر، ئويدۇرما قىسسە) دېگەن سۆزلەر قوللىنىلدى. شۇ نەرسە ئېنىقكى، بىرەر مىللەت ياكى قەۋمنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى دىنىي - ئەقىدىلەرگە باغلىق چۈشەنچىلەر ناھايىتى ئۇزاق قەدىمدە كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى بىرەر خىسلەتلىك نەرسىدىن (ئىنساننىڭ ئىرادىسىدىن تاشقىرى نەرسىدىن) دەپ بىلگەن. شۇڭا، «ئاساتىر» ياكى «ھىكمەت» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «مەنقىبەت» سۆزىنى قوللىنىش مۇۋاپىقراق كېلىدىكەن.

«ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى توغرىسىدا ئۇزاق تارىختىن بۇيان ھەر خىل مۆجىزىلەر رىۋايەت قىلىنغان مەنقىبەتلەر ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇنداق مەنقىبەتلەرنىڭ بەزىلىرى قەدىمكى دىنىي ئەقىدىلەر (شامانلىق، تويۇنلۇق ۋە باشقىلار) بىلەن ۋە بەزىلىرى مانى دىنىي ئەقىدىسى بىلەن مەيدانغا كەلگەن. بۇ مەنقىبەتلەرنى ئۆز زامانىسىدىكى مۇئەللىپلەر ئۆز چۈشەنچە ياكى قىياسلىرى بويىچە قەيت قىلغان. تۆۋەندە بىزگە مەلۇم بولغان مەنقىبەتلەردىن بەزى بايانلارنى نەقىل كەلتۈرىمىز.

### بىرىنچى، «ئۇيغۇر» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا

**1. مەھمۇد بىننى ھۈسەيىن بىننى مۇھەممەد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئەسىرىدە كەلتۈرگەن مەنقەبەت بويىچە «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى:**

«ئۇيغۇر، بىر ئەلنىڭ ئىسمى... زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. بۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە

www.uyghurkitap.com

«ئىنەن خۇزخۇرەند - بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن، بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ» دەپتۇ. شۇندىن تارتىپ بۇ ئەل خۇزخۇر دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىن. . . «خ» ھەرپى «ا» غا ئالمىشىش بىلەن، «خۇز» سۆزىدىكى «ز» ھەرپىمۇ «ى» غا ئالماشقان. . . شۇنىڭدىن كېيىن «خۇر» سۆزىدىكى «خ» ھەرپى «غ» غا ئالماشقان» ①.

بۇ مەنقىبەت بويىچە، «ئۇيغۇر» - «خۇزخۇر» دىن كېلىپ چىققان؛ مەنىسى «ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار» بولۇپ، ماكىدونلۇق ئىسكەندەر قويغان. دېمەك، بۇ 2300 يىل بۇرۇن قويۇلغان نام دېگەن چۈشەنچىنى بېرىدۇ.

**2. خوجا راشىدىددىن فەزلۇللاھ ھەمەدانى «جامىئۇت تەۋارىخ» تا كەلتۈرگەن مەنقىبەت بويىچە «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى:**

«نوھنىڭ ئوغلى ئابۇلچاخان - ياپەس، بۇنىڭ ئوغلى دىب - باقۇ، بۇنىڭ ئوغلى قاراخان، بۇنىڭ ئوغلى ئوغۇزخان. ئوغۇز بىردىنبىر تەڭرىگە ئىشىنەتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭ بىلەن تاغىلىرى، ئاكا - ئۇكىلىرى، جىيەنلىرى ۋە ئىككى تۇغقان بۇرادەرلىرى ئوتتۇرىسىدا جەڭ - جېدەل پەيدا بولدى. ئوغۇز ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلدى. بەزى جەمەتلىرى ئۇنىڭغا ياردەم بەردى. (تاغىلىرى. . .) يېڭىلدى، ئوغۇز نورغۇن جاينى قولغا كىرگۈزۈپ، قۇدرەتلىك بىر ئەلنىڭ ئىگىسى بولدى. ئاندىن چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان ۋە سەردار - جەڭچىلىرىدىن ھال سورىدى. ئۆزىگە ياردەم بەرگەن يېقىن - جەمەتلىرىگە ئۇيغۇر دەپ نام بەردى. بۇ نامنىڭ مەنىسى ئىتتىپاقلىشىپ ياردەم بەرگۈچىلەر دېگەنلىكتۇر. بۇ نام ھەممە قەبىلىلەرگە قوللىنىلىپلا قالماستىن، قەبىلىلەرنىڭ تارماقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغىمۇ قوللىنىلدى» ②.

**3. تۈركولوگ كلاۋسون نەقلى كەلتۈرگەن ئىككى كىتابتىكى مەنقىبەت بويىچە ئۇيغۇرنىڭ مەنىسى:**

مۇھەممەد مەھدى خان 1759 - يىلى يازغان «سىنگلاخ» (سەنگلاخ) دېگەن لۇغەت كىتابىدا مۇنداق بىر ئابزاس قەيت قىلىنغان:

«ئۇيغۇر: ئۇلار دەيدۇكى، ئوغۇزخان بىلەن ئۇنىڭ ئاتىسى ۋە يېقىن تۇغقانلىرى (تاغىلىرى) ئوتتۇرىسىدا دىنىي جەھەتتىن ماجرا تۇغۇلدى. ئەر تۇغقانلىرى ئوغۇزخان تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇنىڭ قوشۇنىغا قېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوغۇزخان ئۇلارغا ئۇيغۇر دەپ نام بەردى، بۇنىڭ مەنىسى مەن

بىلەن بىرلەشتى دېگەنلىكتۇر.»

ئىلخانىيلەر دەۋرىدە ياشىغان ئەدىب ئابدۇللابىن فەزلۇللاھ شىرازى «زەفەرنامە» ( «شاھنامە» ئۇسلۇبىدا يېزىلغان 75 مىڭ بېيىتلىك تارىخىي ئەسەر) دە: ئۇيغۇر دېگەن سۆزگە «پيوستن و با يك ديگر غهدبستن» (پەيۋەستەن ۋە بايەك - دىگەر بەستەن - بىرلەشكەن ۋە بىر - بىرى بىلەن شەرتلەشكەن) دەپ مەنا بەرگەن ③.

**4. ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» دېگەن كىتابىدا يېزىلىشىچە «ئۇيغۇر» نىڭ مەنىسى:**

مەزكۇر كىتابنىڭ «قاراخاننىڭ زىكرى» دېگەن بابىدا مۇنداق يېزىلغان:

«قاراخان چوڭ خوتۇنىدىن ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس شۇنداق چىرايلىق بىر ئوغۇل كۆردى. . . بالا بىر ياشقا كىرگەندە، قاراخان ئەلگە ئۇقتۇردى، كاتتا توي ئۆتكۈزدى. . . قاراخان . . . بۇنىڭغا قانداق ئات قويىسىزلەر دەپ بەگلىرىدىن سورىدى. بەگلەر جاۋاب بەرگىچە ئوغلان ئېيتتى: مېنىڭ ئېتىم ئوغۇز بولۇر. . . ئوغلان ئۆز ئېتىنى ئۆزى ئېيتتى. . . خالايىق: . . . بۇ بىر ئىرىم، ئۆمرى ئۇزاق، دۆلەتمەن، ئۆز - يىنى (جان - تېنى) يېرى يايرىغا بولسۇن، دېيىشتى.

. . . ئوغۇل ئۆسۈپ يىگىت بولغان چاغدا، قاراخان ئۇنىڭغا ئىنىسى كۆرخاننىڭ قىزىنى ئېلىپ بەردى. . . . كېيىن يەنە بىر ئىنىسى ئۆزخاننىڭ قىزىنى ئېلىپ بەردى. . . ئوغۇزخان ئۇلارغا ئىمان ئېيتقىن دېگەنىدى، ئۇلار ئۇنىمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىللە ياتمىدى. . . كېيىن قاراخان يەنە بىر ئىنىسىنىڭ قىزىنى كاتتا توي قىلىپ ئوغۇزغا ئېلىپ بەردى. ئۇ قىز مۇسۇلمان بولدى (ئوغۇزنىڭ دىنىغا كىردى)، ئوغۇزخان ئۇنى قاتتىق سۆيەتتى. مۇندىن كۆپ يىللار ئۆتتى. بىر كۈنى ئوغۇز يىراق يەرگە ئوۋغا كەتتى. قاراخان بارلىق ئاياللىرى بىلەن كېلىنلىرىنى يىغىپ ئاش بەردى. . . خان كېلىنلىرىدىن سورىغانىدى، چوڭ كېلىنى: ئوغلىڭىز مۇسۇلماندۇر، بىز ئىككىمىزگە مۇسۇلمان بولۇڭلار دېگەنىدى، بىز ئۇنى قوبۇل قىلمىدۇق، كىچىك كېلىنىڭىز مۇسۇلمان بولغانلىقتىن ئۇنى قاتتىق سۆيىدۇ، دېدى. قاراخان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بەگلىرىنى چاقىرىپ كېڭەشتى. كەلگەنلەر ئوغۇزنى ئوۋدا يۈرگىنىدە تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشنى مەسلىھەت قىلىشتى. قاراخان ئەلگە كىشى ئەۋەتىپ ئوۋغا چىقىمەن، تېز يىغىلسۇن دەپ بۇيرۇق قىلدى. بۇ سۆزنى ئوغۇزنىڭ كىچىك خوتۇنى ئاڭلاپ قالدى - دە، قاراخاننىڭ قىلغان كېڭەشلىرىنىڭ بارچىسىنى ئېيتىپ ئوغۇزخانغا كىشى ئەۋەتتى. ئوغۇزخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەلگە كىشى ئەۋەتىپ: ئاتام چېرىك تارتىپ، مېنى ئۆلتۈرگىلى

كېلىۋېتىپتۇ. مېنى قوللايدىغىنىڭلار مەن تەرەپكە كېلىڭلار، ئاتامنى قوللايدىغىنىڭلار ئاتام تەرەپكە بېرىڭلار، دېدى. ئەلنىڭ كۆپى قاراخان تەرەپكە باردى. ئازراقى ئوغۇز قېشىغا كەلدى... ئوغۇزخانغا قوشۇلدى. ئوغۇزخان ئۇلارغا ئۇيغۇر دەپ ئات قويدى. ئۇيغۇر تۈركچە سۆز بولۇپ، مەنىسى بارچىگە مەلۇم. يېپىشقۇر مەنىسىنى بېرىدۇ. سۈت ئۇيىدى دېيىلىدۇ، سۈت پىتى ۋاقتىدا تۇرغاندا سۈت بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ؛ قېتىق بولغاندا بىر - بىرى بىلەن يېپىشىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇيىدۇم دېيىلىدۇ، ئىمام تۇرسا تۇرۇپ، ئولتۇرسا ئولتۇرماق - بۇ يېپىشقانلىق بولمامدۇ؟ ئۇلار كېلىپ ئوغۇزنىڭ ئېتىكىگە ئىككى قوللىرى بىلەن مەھكەم يېپىشتى. ئوغۇز ئۇلار ئۇيغۇرلار دېدى. بۇ يېپىشقۇر دېگىنىدۇر... ئوغۇزخان ئاتىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇردى... ئوغۇزخانىنىڭ ئۇيغۇر دەپ ئات قويغان قەۋمىنىڭ بىر ئاقساقىلىنىڭ ئىرقىل خوجا ئاتلىق ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ئوغۇزخان تەختتە ئولتۇرۇپ تاكى ئۆلگىچە ئوغۇزخانىنىڭ ۋەزىرى، ۋەكىلى بولدى. ئۇ، ئەقىللىك، دانىشمەن، بىلىملىك كىشى ئىدى. (ئوغۇزخانىنىڭ ئوغلى) كۈن خانمۇ ئۇنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلدى، تاكى ئۆلگىچە ئۇنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلدى...»

يەنە شۇ كىتابنىڭ «ئۇيغۇر ئېلى» دېگەن بابىدا مۇنداق يېزىلغان:

«ئۇيغۇرنىڭ مەنىسى يېپىشقۇر دېگەنلىك بولىدۇ. مەسىلەن، سۈت ئۇيىدى دېيىلىدۇ. سۈت ئىرىگەندە، بىر - بىرىدىن ئايرىلىدۇ، ئۇيىغاندىن كېيىن ئايرىلمايدۇ. يەنى شۇنىڭدەك ئىمامغا ئۇيىدىم دېگەن سۆزنى ئالساق، ئىمام ئولتۇرسا ئولتۇرۇپ، تۇرسا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يېپىشقانلىق دېگەن بولىدۇ. موغۇل يۇرتىدا ئىككى تاغ بار، ئۇزۇنلۇقى كۈنتوغۇشتىن كۈنپېتىشقا سوزۇلغان ئىنتايىن چوڭ تاغلار. بىرىنىڭ ئېتى توقراتۇ بوزلۇق، يەنە بىرىنىڭ ئېتى ئۇسقۇنلۇق تارىم. شۇ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا، موغۇل يۇرتىنىڭ كۈنپېتىشىدا يەنە بىر تاغ بار، ئۇنى قۇت تاغ دەيدۇ. ئەشۇ ئېيتىلغان تاغلارنىڭ ئارىسىدا، بىر يەردە ئېقىپ ياتقان ئون ساي بار؛ يەنە بىر يەردە توققۇز ساي بار. ھەممىسى كاتتا دەريالار ئىدى. قەدىم ئۇيغۇر ئېلى شۇ سۇلارنىڭ ئارىلىقىدا ئولتۇراتتى. ئون سايىنىڭ ياقىسىدا ئولتۇرغانلىرىنى ئون ئۇيغۇر، توققۇز سايىنىڭ ياقىسىدا ئولتۇرغانلىرىنى توققۇز ئۇيغۇر دەر ئىدى. شەھەرلىرى، كەنتلىرى ۋە دېھقانچىلىقى كۆپ ئىدى. يۈز يىگىرمە ئۇرۇق ئەل ئىدى... بىر كۈنى ھەممىسى يىغىلىپ كېڭەشتى... ئون ئۇيغۇرلار مەڭگۈ تاي ئاتلىق كىشىنى تۆرە قىلىپ كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئەل ئىلتەر دېگەن لەقەمنى قويۇشتى. توققۇز ئۇيغۇرلار ئۆز كەندىر ئۇرۇقىدىن بىر كىشىنى تۆرە قىلىپ كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا كۆل ئەركىن دېگەن لەقەمنى قويدى... كۆپ يىللار تۆرىلىرىنىڭ ئاتلىرىنى شۇنداق دېيىشتى.... ئۇيغۇرلار ئۈچ مىڭ يىلغا يېقىن ئەشۇ يۇرتتا ئولتۇردى...»④

يۇقىرىدا نەقلى قىلىنغان مەنقىبەتلەر بويىچە، «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ مەنىسى مۇنداق دەپ چۈشەندۈرۈلگەن: ئۆز ئۇزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار، ئىتتىپاقلىشىپ ياردەم بەرگۈچىلەر، مەن بىلەن بىرلەشكۈچىلەر، بىرلەشكەن ۋە بىر - بىرى بىلەن شەرتلەشكەن، يېپىشقۇر.

بۇنىڭدىن باشقا ياۋروپا تۈركولوگلىرىدىن بەزىلىرى، جۈملىدىن تۈركىيە تۈركولوگى ئانىل چېچېن ئۆز كىتابىدا «ئۇيغۇر» سۆزىنىڭ مەنىسىنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «بەزى تارىخ مەنبەلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەت بولۇپ - ئولتۇراقلىشىپ مىلادىدىن ئىلگىرى 3 - ئەسىردىن كېيىن تارىخ سەھنىسىگە چىققانلىقىنى بىلدۈرمەكتە. خىلمۇ خىل مەنبەلەردىكى مەلۇماتلار ئۇيغۇر سۆزىگىمۇ پەرقلىق ئۇقۇملارنى بەرمەكتە. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئاچ قالمايدىغان، يەرلىشىپ ياشايدىغان، قەتئىي، ھۇشيار - تۇيغۇن، قانائەتچان دېگەندەك تۈركچە تەڭداش ئۇقۇملىرى بار. ئۇيغۇر سۆزى يەنە ئۇيغۇن، مۇلايىم - رايىش ۋە بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمراقى ئۇيغار (مەدەنىي) دېگەن چۈشەنچىلەردە قوللىنىلغان»⑤.

## ئىككىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى مەنقىبەتلەر

### 1. «گاۋجۇ تەزكىرىسى» دە قەيت قىلىنغان مەنقىبەت بويىچە

«گاۋجۇلەر قەدىمكى قىزىل دىلارنىڭ قالدۇقلىرى، دەسلەپتە دىلى دەپ ئاتالغان، شىمالدىكىلەر تىيېلى دېسە، شىيا ئەللىرى گاۋجۇ - دىڭلىن دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ تىلى ئاساسەن ھۇنلارنىڭ تىلىغا ئوخشايدۇ، لېكىن بەزىدە ئازراق پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بوۋىسى ھۇنلارنىڭ جىيەنى ئىدى... ئادەتتە ئېيتىلىشىچە، ھۇن تەڭرىقۇتىنىڭ ئىككى قىزى بار ئىدى، چىراي - تۇرقى ناھايىتى گۈزەل ئىدى، قەۋملىرى بۇ قىزلارنى خاسىيەتلىك دەپ بىلەتتى. تەڭرىقۇت: بۇ قىزلىرىمنى ئۆز لايىقىغا بېرىش ئۈچۈن تەڭرىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرىمەن، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەلنىڭ شىمالىدا ئادەم يوق جايغا ئېگىز تۇرا ياستىپتۇ. ئىككى قىزنى شۇ يەرگە چىقىرىپ، كۆك تەڭرىگە تاپشۇردۇق، دەپتۇ. ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، قىزلارنىڭ ئانىسى سېغىنىپ، ياندۇرۇپ كەلمەكچى بوپتۇ. تەڭرىقۇت: بولمايدۇ، ياندۇرۇپ كېلىش ۋاقتى ئەمەس دەپتۇ. يەنە بىر يىل ئۆتۈپتۇ. بىر قېرى بۆرە كېچە - كۈندۈز تۇرانى ساقلاپ ھۇۋلاپتۇ. تۇرانىڭ تۈۋىدە ئۇرا بار ئىكەن، كىرگىلى بولمايدىكەن. كىچىك قىز: ئاتام بىزنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ كۆك تەڭرىگە

www.uyghurkitap.com

تاپشۇرغان، ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۆرە كەپتۇ، بەلكىم بۇ خىسلەتلىك مەخلۇقتۇ. كۆك تەڭرى ئەۋەتكەن بولسا كېرەك، دەپ تۆۋەنگە چۈشمەكچى بوپتۇ. ئاچىسى ھەيران بولۇپ: بۇ ھايۋان تۇرسا، ئۇنداق قىلساڭ ئاتا ـ ئانامغا نومۇس بولمامدۇ! دېسىمۇ، سىڭلىسى ئۇنىماي، يەرگە چۈشۈپ بۆرىگە خوتۇن بوپتۇ. ئۇنىڭدىن بالىلىق بولۇپ، بالىلار ئاۋۇپ ئەل بولۇپتۇ. بۇ ئادەملەر خۇددى بۆرە ھۇۋلىغاندەك، ئۇنىلىرىنى سوزۇپ ناخشا ئېيتىدىكەن.»⑥

## 2. «ئوغۇزنامە» بويىچە

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئايخان كۆزى يورۇپ، بوشاندى، بىر ئوغۇل تۇغدى، بۇ ئوغۇلنىڭ ئۆڭى كۆك، ئاغزى چوغدەك قىزىل، كۆزلىرى ھال، چاچلىرى ۋە قاشلىرى قارا ئىدى... كۈنلەرنىڭ بىرىدە (ئوغۇزخان) ئوۋغا چىقتى... ئوغۇزخاقان بىر جايدا تەڭرىگە سېغىنىۋاتاتتى، (ئالەم) قاراڭغۇلۇشۇپ، ئاسماندىن بىر كۆك نۇر چۈشتى، (بۇنۇر) كۈندىن نۇرلۇق، ئايدىن يورۇق ئىدى. ئوغۇزخاقان قېشىغا بېرىپ، بۇ نۇرنىڭ ئىچىدە تەنها ئولتۇرغان بىر قىزنى كۆردى... بۇ قىز شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، (ئۇ) كۈلسە، كۆك تەڭرىمۇ كۈلەتتى، ئۇ يىغلىسا، كۆك تەڭرىمۇ بىللە يىغلار ئىدى. ئوغۇزخاقان ئۇ قىزنى كۆردى ـ دە، ئەس ـ ھۇشىنى يوقاتتى ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بولدى. ئوغۇزخان ئۇ قىز بىلەن بىللە بولدى. بۇ قىز ھامىلدار بولدى. كۈنلەر ئۆتۈپ... قىز ئۈچ ئوغۇل تۇغدى. تۇنجىسىغا كۈن، ئوتتۇرانچىسىغا ئاي ۋە كەنجىسىگە يۇلتۇز دەپ ئات قويدى. يەنە بىر كۈنى ئوغۇزخاقان ئوۋغا چىقتى. ئالدىدا بىر كۆل كۆرۈندى، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دەرەخ كۆردى. شۇ دەرەخنىڭ بىر كاۋىكىدا بىر قىز تەنها ئولتۇراتتى. ئۇ بەكمۇ چىرايلىق قىز ئىدى؛ ئۇنىڭ كۆزى ئاسماندىن كۆكرەك ئىدى... ئوغۇزخان ئۇنى سۆيۈپ قالدى ۋە ئالدى... ئۇ قىز ئىككى قات بولدى... ئۈچ ئوغۇل تۇغدى، تۇنجىسىغا كۆك (ئاسمان)، ئوتتۇرانچىسىغا تاغ، كەنجىسىگە دېڭىز دەپ ئات قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخان كاتتا توي ئۆتكۈزدى... تويدىن كېيىن، ئوغۇزخاقان بەگلەرگە، خەلققە يارلىق چۈشۈردى: بىزگە كۆك بۆرە بولغاي ئۇران، كۈن توغ بولغاي، ئاسمان قورىغان! شۇندىن كېيىن، ئوغۇزخاقان تۆت ئەتراپقا يارلىق چۈشۈردى ۋە مەكتۇپ يېزىپ ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى. بۇ مەكتۇپتا مۇنداق يېزىلغانىدى: مەن ئۇيغۇرنىڭ خاقانىمەن، مەن پۈتۈن جاھاننىڭمۇ خاقانى بولۇشۇم كېرەك. .. سول تەرەپتە ئۇرۇم دېگەن بىر خاقان بار ئىدى... يارلىققا بوي سۇنمىدى. ئوغۇزخاقان. .. قوشۇننى باشلاپ... قىرىق كۈندىن كېيىن مۇز تاغ دېگەن تاغنىڭ ئېتىكىگە كەلدى ۋە چۈشكۈن قۇرۇپ ئارام ئالدى. تاڭ سۈزۈلگەندە، ئوغۇزخاقاننىڭ چېدىرىغا ئاپتاپتەك بىر يورۇق چۈشتى. بۇ نۇر ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق يوغان بىر ئەركەك بۆرە پەيدا بولدى. بۇ بۆرە ئوغۇزخاقانغا گەپ قىلدى: ھاي ـ ھاي ئوغۇز، ئالدىڭلاردا مەن (يول باشلاپ ماڭىمەن) . شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخاقان... (ئالغا قاراپ) يۈرۈپ كەتتى. قارىغۇدەك بولسا، قوشۇننىڭ ئالدىدا كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق چوڭ بىر ئەركەك بۆرە كېتىپ باراتتى... بىر نەچچە كۈندىن كېيىن... بۆرە توختاپ قالدى. ئوغۇزمۇ قوشۇنى بىلەن توختىدى. بۇ يەردە ئىتىل دېگەن چوڭ بىر دەريا بار ئىدى... بىر قارا تاغ باغرىدا ئۇرۇش باشلاندى... ئوغۇزخان يەڭدى. .. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوغۇزخاقان يەنە ھېلىقى كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق ئەركەك بۆرىنى كۆردى. ئۇ بۆرە ئوغۇزخاقانغا: ئەمدى قوشۇن بىلەن بۇ يەردىن قوزغال، ئوغۇز! ئادەملىرىڭنى، بەگلىرىڭنى باشلاپ مېڭىۋەر، مەن ساڭا يول باشلاپ ماڭىمەن دېدى... بىر كۈنى... ئەركەك بۆرە يەنە يولدىن توختىدى. ئوغۇزخاقانمۇ يولدىن توختىدى... شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە شۇ بۆرە بىلەن سىندۇ، تاڭغۇت ھەم چام تەرەپلىرىگە يۈرۈش قىلىپ باردى... جەنۇب تەرەپتە بارقان دېگەن بىر جاي بار ئىدى. ناھايىتى باي مەملىكەت، ئىنتايىن ئىسسىق يەر ئىدى... خەلقىنىڭ رەڭگىرويى قاپقارا ئىدى. بۇ يەرنىڭ خاقانىنىڭ ئىسمى ماسار ئىدى... ئوغۇزخاقان يەڭدى... ئوغۇزخاقاننىڭ يېنىدا ئاق ساقاللىق، موز چاچلىق، قابىلىيەتلىك بىر قېرى كىشى بار ئىدى... ۋەزىر ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇلۇغ تۈرك ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ چۈشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ كۈمۈش ئوق كۆردى. بۇ ئالتۇن يا كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا تارتىلغان. ئۈچ كۈمۈش ئوق بولسا، شىمالنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. (ئۇ)... چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى ئوغۇزخاقانغا ئېيتىپ بەردى... ئوغۇز خاقانغا ئۇلۇغ تۈركنىڭ سۆزلىرى ياقتى... زېمىننى ئوغۇللى[illegible]نىغا بۆلۈپ بەردى.»⑦

بۇ مەنقىبەت بويىچە، ئوغۇزخان پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغان ۋە كۆك بۆرىنى سىمۋول قىلغان ئۇلۇغ خان بولۇپ، ئالتە ئوغلىدىن ئالتۇن ياغا ئىگە بولغان ئۈچ ئوغلى (كۈن، ئاي، يۇلتۇز) ئوڭ ياققا (بىرانغارغا)، كۈمۈش ئوققا ئىگە بولغان ئۈچ ئوغلى (كۆك، تاغ، دېڭىز) سول ياققا (جوۋانغارغا) ھۆكۈمران بولىدۇ. ئوغۇزخان ئۆزىنى ئۇيغۇرنىڭ خاقانى دەپ جاھانغا جاكارلايدۇ.

## 3. ئەلا ئۇددىن جۇۋەينى «تارىخى جەھانگوشاي»دە قەيت قىلغان مەلۇمات بويىچە

«ئىدىقۇت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تېگى ـ تەكتى توغرىسىدا ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى» دېگەن بابىدا مۇنداق يېزىلغان (بۇ كىتابتا بايان قىلىنغان

مەنقىبەتنىڭ مەزمۇنى «ئوغۇزنامە» دە ئېيتىلغان كۆك بۆرە توغرىسىدىكى مەزمۇن بىلەن، بولۇپمۇ نۇر ئىچىدە قىز كۆرۈنگەن مەزمۇن بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. جۇۋەينى بۇ كىتابتا كەلتۈرگەن مەنقىبەتنى «ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى» دەيدۇ) :

«ئۇيغۇرلار بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويىدا ياشاپ ئاۋۇغان دەپ ھېسابلايدىكەن. بۇ دەريانىڭ مەنبەسى ئۇلار قارا قورۇم دەپ ئاتىغان تاغدىن باشلىنىدىكەن. قارا قورۇمدىن ئوتتۇرا دەريا ئېقىپ چىقىدىكەن. ھەر دەريانىڭ بويىدا بىر قەبىلە ياشايدىكەن. ئۇيغۇرلار ئورخۇن دەريا بويىدا ئىككى تارماق بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇلارنىڭ نوپۇسى كۆپەيگەندە، باشقا قەبىلىلەرگە تەقلىد قىلىپ، قەۋملىرى ئىچىدىن بىر كىشىنى باشلىق قىلىپ سايلاپ، شۇنىڭغا بويسۇنىدىكەن. مۇشۇنداق بەش يۈز يىل ياشىغاندىن كېيىن، بۇقۇخان ئاپىرىدە بولۇپتۇ. ھازىر (كىتاب يېزىلغان چاغ ـ 13 ـ ئەسىردە ـ نەقىلچى) بەزىلەر بۇقۇخاننى ئەفراسىياب دەيدۇ. قارا قۇرۇم تېغى تۇۋىدە تاشلاندۇق بىر قۇدۇق ۋە بىر قورام تاش بار. ئېيتىلىشىچە بۇ قۇدۇق بىجەن (بەتزەن) سولانغان قۇدۇق ئىكەن.

ئورخۇن بويىدا بىر شەھەر ۋە ساراي ـ ئوردىنىڭ خارابىسى بار، شەھەرنىڭ نامى ئوردۇ بالىق ئىكەن، ئۇنى بۈگۈنكى كۈندە (13 ـ ئەسىردە ـ نەقىلچى) مائۇ بالىق دەپ ئاتىشىدۇ. ساراي ـ ئوردا خارابىسىنىڭ سىرتىدا، قوۋۇقنىڭ ئۇدۇلىدا، خەت ئويۇلغان تاش بار ئىكەن. بىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق. خان (چىڭگىزخان) ھايات چېغىدا، بۇ تاشنى يۆتكىتىپتىكەن، بىر قۇدۇق كۆرۈنۈپتۇ. قۇدۇق ئىچىدە ئىبرەتنامە ئويۇلغان چوڭ تاش پۈتۈك بار ئىكەن؛ بۇنى ئوقۇپ بېقىڭلار دەپ بۇيرۇپتۇ. ھېچكىم ئوقۇيالماپتۇ. كىتاندىن قامان دېگەن كىشىنى چاقىرتىپتۇ. تاشقا پۈتۈلگىنى ئۇلارنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ) يېزىقى ئىكەن. (يېزىلغىنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان گەپلەر ئىكەن) .

ئۇ چاغدا، قارا قۇرۇمدا ئىككى دەريا بار ئىكەن، بىرى تۇغلا، يەنە بىرى سىلىنگا دېيىلىدىكەن. بۇ دەريالار قاملانچۇ دېگەن يەردە قوشۇلىدىكەن. ئىككى دەريانىڭ ئارىلىقىدا بىر ـ بىرىگە يېقىن ئىككى تۈپ دەرەخ ئۆسكەنىكەن؛ بىرىنى ئۇلار قوچۇر دەيدىكەن، قارىغايغا ئوخشايدىكەن. يوپۇرماقلىرى قىشتا ئارچىنىڭكىدەك، مېۋىسىنىڭ شەكلى ۋە تەمى پىستە (چىلغوزا) گە ئوخشايدىكەن يەنە بىرىنى توز دەيدىكەن (قېيىن دەرىخى) . ئىككى دەرەخ ئارىسىدىن بىر دۆڭ (تۆپە) پەيدا بوپتۇ. بۇ دۆڭگە ئاسماندىن نۇر چۈشۈپتۇ. دۆڭ كۈندىن كۈنگە يوغىناپتۇ. بۇ مۆجىزىدىن ئۇيغۇر ئەلەتلىرى ھەيران بوپتۇ؛ ئۇلار بۇ دۆڭگە ھۆرمەت ـ تەزىم بىلەن يېقىنلىشىپتۇ. ئۇلارغا خۇددى ناخشا ئېيتقاندەك يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ھەر كۈنى ئاخشىمى ئەشۇ دۆڭنىڭ 30 قەدەم چۆرىسىدىكى يەرگە نۇر چۈشۈپ تۇرۇپتۇ. ئاخىرىدا، خۇددى ھامىلدار كۆز يورۇغاندەك، دۆڭدىن بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ، ئىچىدىن بارىگاھ چېدىردەك، بۆلۈنگەن بەش ئېغىز ئۆي كۆرۈنۈپتۇ؛ ھەر ئۆيدە بىردىن ئوغۇل بالا ئولتۇرغۇدەك، ئېغىزلىرىدا بىر تالدىن ئېمىزگە بار ئىكەن. چېدىرغا بىر پارچە كۈمۈش تور يېپىقلىق ئىكەن. قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى كېلىپ، بۇ ئاجايىباتنى كۆرۈپ، قورقۇپ باش قويۇپ سەجدە قىلىشىپتۇ. باللارنىڭ بەدەنلىرىگە شامال تېگىپ، ئۇلار يوغىناپ، مېڭىشقا باشلاپتۇ. ئاخىر ئۇلار تاش ئۆيدىن چىقىپتىكەن، ئىنىكئانىلارغا تاپشۇرۇلۇپتۇ. شۇنىڭدەك، كىشىلەر ھەر خىل چوقۇنۇش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۇلار ئەمچەكتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، تىلى چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنى سورۇشتۇرگەنىكەن، كىشىلەر ئۇلارغا ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىپتۇ. باللار دەرەخلەرنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، ۋاپادار باللار ئۆز ئاتا ـ ئانىلىرىغا قىلغاندەك، تىز پۈكۈپ تەزىم قىلىشىپتۇ. بۇ ئىككى تۈپ دەرەخ ئۈنگەن يەرگىمۇ ئىززەت ـ ئىكرام بىلدۈرۈشۈپتۇ. شۇ چاغدا ئىككى تۈپ دەرەخ بىردىنلا تىلغا كېلىپ: «ئالىي جاناب ـ ئېسىل باللار! دائىم بۇ يەرگە كېلىپ، باللىق بۇرچۇڭلارنى ئادا قىلىڭلار، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈڭلار، نامىڭلار مەڭگۇ ئۆچمىگەي!» ، دەپتۇ. جايلاردىكى قەبىلىلەر توپ ـ توپ كېلىپ، بۇ باللارنى كۆرۈپ خۇددى شاھزادىلەرگە قىلغاندەك ھۆرمەتلەپتۇ. كۆچۈپ كېتەر چاغدا، باللارغا بىردىن ئات قويۇشۇپتۇ: چوڭىنى سۇنقارتېكىن، ئىككىنچىسىنى قۇتۇرتېكىن، ئۈچىنچىسىنى تۆكەل تېكىن، تۆتىنچىسىنى ئورتېكىن، بەشىنچىسىنى بۇگۇتېكىن (بەزىلەر بۇقۇتېكىن دېيىشىدۇ؟) دەپ ئاتاپتۇ.

بۇ مۆجىزىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، كۆپچىلىك بۇ بەش بالىدىن بىرىنى باشلىق ۋە پادىشاھ قىلىپ سايلاش كېرەك دېگەن بىر پىكىرگە كېلىشىپتۇ. چۈنكى، قەۋملەر: بۇ باللارنى ھەممىگە قادىر تەڭرى ئىلتىپات قىلغان؛ بۇلارنىڭ ئىچىدە بۇگۇخان تەق ـ تۇرقى كېلىشكەن، ئاندىن ئۇ ھەممە ئەل ـ ئەلەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقلىرىنى بىلىدىكەن دېيىشىپتۇ. شۇڭا، ئۇلار ئۇنى بىر ئېغىزدىن خان قىلىپ سايلاپتۇ؛ شۇنىڭ بىلەن، قەۋملەر يىغىلىشىپ چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى خانلىق تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئادالەت زىلچىسىنى يېيىپ، زالىملىق بورىسىنى يىغىشتۇرۇپتۇ؛ ئۇنىڭ نۇرغۇن مەھرەم ـ غۇلاملىرى، ئۆي خىزمەتكارلىرى، رەئىيەلىرى ۋە قۇل ـ چۆرىلىرى بولۇپتۇ. ھەممىگە قادىر تەڭرى ئۇنىڭغا ھەر قانداق ئەلنىڭ تىلىنى بىلىدىغان ئۈچ قاغىنى ئاتا قىلىپتۇ؛ نەدە ئىش چىقسا، ئۇ قاغىلارنى شۇ يەرگە بۇيرۇيدىكەن، بېرىپ ئايغاقچىلىق قىلىپ، ئۇچۇرىنى ئېلىپ كېلىدىكەن.

ئۇزاق ئۆتمەي، بىر كۈنى كېچىسى ئۇ ئۆيدە ئۇخلاۋېتىپ، چۈشىدە مورىدىن چۈشكەن بىر قىزنىڭ سايىسىنى كۆرۈپتۇ. قىز ئۇنى

www.uyghurkitap.com

ئويغىتىپتىكەن، ئۇ قورقىنىدىن ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋېرىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى كەچتە قىز يەنە كەپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى كەچتە، بۇگۇخان ئۆز ۋەزىرىنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن قوپۇپ، قىزنىڭ كەينىدىن مېڭىپ ئاق تاغ دېگەن تاغقا چىقىپتۇ. ئىككىيلەن تاڭ ئاتقىچە شۇ يەردە سۆزلىشىپتۇ. ئۇ ھەر كۈنى كەچتە شۇ يەرگە بېرىپ تۇرۇپتۇ. ئۇدا يەتتە يىل ئالتە ئاي 22 كۈن ئۇلار شۇنداق سۆزلىشىپتۇ. ئاخىرقى كېچىسى قىز ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىپ: ‹كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە بولغان زېمىنغا ھۆكۈمدار بولىسەن. بۇ خىزمەتنى ئىجتىھات بىلەن ئورۇندا، پۇقرالارنى ئوبدان ئىدارە قىل›، دەپتۇ.

شۇڭلاشقا، ئۇ قوشۇن تۈپلاپتۇ. سۇنقار تىكىننى خىللانغان ئۈچ يۈزمىڭ ئەسكەر بىلەن موڭغۇل ۋە قىرقىزنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ؛ قۇتۇرتىكىننى ياخشى قوراللانغان يۈزمىڭ ئەسكەر بىلەن تاڭغۇتنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ؛ يەنە، تۇكەل تىكىننى يۈز مىڭ ئەسكەر بىلەن تۇبۇتنى جازالاشقا ئەۋەتىپتۇ؛ ئۆزى ئۈچ يۈزمىڭ ئەسكەر بىلەن كىتاننى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلىنىپتۇ. ئۆز ئورنىدا ئاتازىمىننىنى ساقلاشقا بىر ئاقساقالنى قالدۇرۇپتۇ. ھەر يۈنىلىشكە كەتكەن قوشۇن زەپەر بىلەن قايتىپ، سان - ساناقسىز غەنىمەت ئېلىپ كەپتۇ. ئۇلار تۆت تەرەپتىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئەسىر ئېلىپ ئورخۇن بويىدىكى ئاتاماكانىغا كەپتۇ. ئوردۇ بالىقنى سالدۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، پۈتۈن شەرق ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا كىرىپتۇ.

بۇ چاغدا، ئاق ئىگىنلىك، ئاق ھاسىلىق بىر بوۋاي بۇگۇخاننىڭ چۈشىگە كىرىپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا يوغانلىقى پىستىچىلىك بىر پارچە يۇرۇڭ قاشتاشنى بېرىپ: ‹بۇ قاشتاشنى ساقلىيالىساڭ، پۈتۈن ئىقلىم سېنىڭ يارلىق - تۇغۇڭ ئاستىدا بولىدۇ›، دەپتۇ. ئۇنىڭ ۋەزىرىمۇ خۇددى شۇنداق چۈش كۆرۈپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇلار قوشۇننى تۈزۈپ - سەپلەشكە كىرىشىپتۇ؛ ئاندىن، بۇگۇخان كۈنپېتىشتىكى ئەللەرگە يۈرۈش قىلىپتۇ. ئۇ تۈركىستان چېگرىسىغا يەتكەندە، ئۇنىڭغا ئوت - چۆپلۈك، سۇلۇق، گۈزەل يېيىق ئۇچراپتۇ. ئۆزى شۇ يەردە تۇرۇپ، بالاساغۇن شەھىرىنى بىنا قىلدۇرۇپتۇ. ھازىر بۇ شەھەر قۇز بالىق دەپ ئاتىلىدۇ. ئاندىن تەرەپ - تەرەپكە قوشۇن ئەۋەتىپتۇ. ئون ئىككى يىل ئىچىدە ھەممە مەملىكەتنى بويسۇندۇرۇپتۇ، قارشىلىق كۆرسىتىدىغان ۋە بويسۇنمىغان بىرەرسىمۇ قالماپتۇ. ئەۋەتكەن كىشىلىرى ئاخىر بىر يەرگە بېرىپتۇ، ئۇ يەردە تۆرقى ھايۋانسىمان ئادەملەرنى كۆرۈپ، ئەمدى بۇنىڭ ئۇياقىدا ئىنسۇجىن يوق ئىكەن دەپ ئىلگىرىلىمەپتۇ. ئۇلار ھەر ئەلنىڭ شاھ - سۇلتان، ئەمىر - ئەركانلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، بۇگۇخانغا تەقدىم قىلىپتۇ. بۇگۇخان ئۇلارنىڭ ئۆز سالاھىيەتلىرىگە يارىشا ئوبدان مۇئامىلە قىلىپتۇ ۋە ھەدىيىلەر بېرىپتۇ؛ ھىند پادىشاھىسىنىڭ سىن - تۆرقى سەت بولغاچقا، ئۇنى ھوزۇرىغا كىرگۈزمەپتۇ. ئاندىن ئۇلارنى ئۆز زېمىنلىرىگە قايتۇرۇپ، ئۇلاردىن باج - خىراج ئېلىپتۇ. ئاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يولىدا ھېچقانداق

توسالغۇ قالمىغاچقا، ئۇ قۇز بالىقتىن قايتىپ، بالدۇرقى ماكانىغا كەپتۇ.» ⑧

## 4. مىرخاندنىڭ «رەۋزەتۇس سەفا» دېگەن تارىخ كىتابىدا بايان قىلىنغان ئوغۇزخان مەنقىبەتى

«قاراخان. . . ئاتىسى. ئۆلگەندىن كېيىن، تەختكە ئولتۇرىدۇ. قارا قورۇمنىڭ ئارتاق ۋە كەرتاق دېگەن جايلىرىدا يايلاق ۋە قىشلاقلىرى بار ئىدى. . . قاراخاننىڭ خوتۇنى بىر ئوغۇل تۇغىدۇ. . . شۇ زاماننىڭ قائىدىسى بويىچە ئوغۇل - قىز بىر ياشقا كىرمىگىچە ئىسىم قويمايتتى. . . قاراخان بۇ ئوغۇلغا نېمە دەپ ئات قويساق بولۇر دەپ مەسلىھەت سالغاندا، ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەن بالا ئېنىق قىلىپ: مېنىڭ ئىسمىم ئوغۇز بولسۇن، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قاراخان ئۆزىنىڭ يېقىن يورۇقلىرىغا: بۇ ئوغۇل بىزنىڭ ئادىتىمىزنى بۇزدى، ئۇنىڭ ھايات - ماماتلىق تەقدىرى بىزنىڭ ئىلكىمىزدە، دەپتۇ. قاراخان ئۆز قوشۇننى باشلاپ، ئۆز ئوغلى - ئوغۇزنى جازالىماق بولۇپ، ئوۋغا چىقىدۇ. . . ئوغۇزخان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، نائىلاج قاراخان بىلەن جەڭ قىلىدۇ. قاراخان ئەجەللىك زەربە يەپ، يىقىلىپ چۈشىدۇ. . . ئوغۇزخان تەختكە ئولتۇرىدۇ. . . 73 يىل خان بولىدۇ. . . ئوغۇزخاننىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، كۈن خان تەختكە ئولتۇرىدۇ. . . كۈن خاننىڭ ئالتە ئوغلى ۋە ھەر بىر ئوغلىنىڭ تۆتتىن بالىسى بولىدۇ. . . ئوغۇزخاننىڭ 24 نەۋرىسىدىن 12 قەۋم ئوڭ قانات (بۇلار «بۇزوق» لار)، 12 قەۋم سول قانات (بۇلار «ئۈچ ئوق» لار) ئاتىلىپ كەلگەن. . . خانلىق دېڭىز خانغا يەتكەندە، ئۇ خانلىق سۈرۈپ، قېرىپ قالغاندىن كېيىن، خانلىقنى ئېلخانغا بېرىدۇ. ئېلخان زامانىسىدا، ماۋە رائۇننەھرۋە تۇران زېمىنى فەرىدۇننىڭ ئوغلى تۇرغا قارايتتى. . .» ⑨

بۇ مەنقىبەت بويىچە، ئوغۇزخاننىڭ نەۋرىسى ئېلخان مىلادىدىن ئىلگىرىكى 16 - ئەسىردە ئۆتكەن «تۇر» بىلەن زاماندash بولۇپ چىقىدۇ.

## 5. «تارىخ تەبەرى» دە «تۇر» توغرىسىدىكى مەنقىبەت بويىچە

مەزكۇر كىتابنىڭ تەھمۇرەس ۋە جەمشىد توغرىسىدىكى پەسىللىرىدە بايان قىلىنىشىچە: «جەمشىد قېچىپ، زابىلىستانغا بارغاندا، زابىلىستان پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان ئوغۇلغا ‹تۇر› دەپ ئىسىم قويىدۇ. . . تۇردىن بولغان ئوغۇل دىستان، دىستاندىن بولغان ئوغۇل فەرامۇز دەپ ئاتىلىدۇ. جەمشىد ئۇرۇغىدىن فەرىدۇننىڭ بوۋىسى نوھ ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرگەن. (ئەسلىدە، توپاندىن كېيىن نوھنىڭ ئۈچ ئوغلى قالىدۇ، سامنىڭ ئەۋلادى ئەرەب - ئەجەم خەلقى، ھامنىڭ ئۇرۇقى ھەبەش، زەنگىبار ۋە ھىندلار؛ يافەسنىڭ ئۇرۇقى تۈرك، سەقلاب ۋە يەجۇج - مەجۇجلاردۇر). فەرىدۇننىڭ ئۈچ ئوغلى بولىدۇ: چوڭى تۇر، ئوتتۇرانچىسى سەلىم، كەنجىسى ئەيرەج. . . فەرىدۇن جاھاننى پەرزەندلىرىگە تەقسىم قىلغاندا، تۈرك، خەزەرەج، ماچىن ھەم مەشرىق زېمىنىنى تۇرغا بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا فەغفۇر (تەڭرى

ئوغلى) دەپ ئات قويىدۇ.»[10]

بۇ مەنقىبەت بويىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرققە تارالغان قەۋملەر «تۇر» نىڭ ئەۋلادى ھېسابلىنىدۇ.

**6. «قۇتلانچىن ھەزرەتنىڭ ئابىدىسى» دە قەيت قىلىنغان مەنقىبەت بويىچە**

«كەمىنە خۇالىڭ جىن ئېھتىرام بىلەن ئىلاۋە قىلىدۇكى، جامائەت تەۋسىپ قىلغان قۇتلانچىن ئۇيغۇرلار دىنىدۇر. ئۇزاق بوۋىسى مەزكۇر ئەلنىڭ پادىشاھىدۇر. شۇ ئەلدە ئىككى دەرەخنىڭ جۈپلىشىشىدىن پورەك ھاسىل بولغان. پورەك يېرىلىپ، بەش ئوغۇل پەيدا بولغان. ئۇلاردىن تۆتى ئۆلۈپ، كەنجىسى يالغۇز قالغان. بۇنى خاسىيەتلىك بىلىپ، ئىززەتلىگەن. ئۇنىڭغا خوتۇن ئېلىپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئەۋلادى ئەلگە پادىشاھلىق قىلغان.»[11]

**7. «قوچۇ پادىشاھلىرىنىڭ شەجەرە تاش پۈتۈكى» دە يېزىلغان مەنقىبەت بويىچە**

«ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىدە قارا قورۇم دېگەن تاغ بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىككى دەريا ئېقىپ چىقاتتى؛ بىرىنى تۇغلا، يەنە بىرىنى سىلىنگا دەيتتى. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى دەرەخكە ئاسماندىن نۇر چۈشۈپتۇ. بۇ ئەلدىكىلەر بۇنى ئاسراپتۇ. دەرەختىن پوقاق ھاسىل بولۇپ، خۇددى ئادەمدەك تولغاق يەپتۇ. نۇر داۋاملىق چۈشۈۋېرىپتۇ. توققۇز ئاي 10 كۈن بولغاندا، پوقاق يېرىلىپتۇ. بەش ئوغۇل ئاپىرىدە بوپتۇ. كىشىلەر بۇلارنى بېقىپتۇ. بۇلارنىڭ كەنجىسى بۇگۇ قاغان ئىكەن. بۇ چوڭ بولۇپ، خەلققە باش بولۇپ، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپتۇ. پادىشاھ بولۇپتۇ. بۇنىڭ ئەۋلادىدىن 30 پادىشاھ ئۆتۈپتۇ. يۇرۇن تېكىن ۋاقتىغا كەلگەندە، تاڭ خانلىقى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇش پەيدا بولۇپتۇ...»[12]

6 - مەنقىبەت بىلەن 7 - مەنقىبەتتىكى بايانلارنىڭ مەزمۇنى ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئاتا - بوۋىسى (بەش ئوغۇل) دەرەخكە خاسىيەتلىك نۇر چۈشۈش بىلەن دەرەختىن ئاپىرىدە بولغان، يەنى نۇردىن تۆرەلگەن. كەنجى ئوغۇل بۇگۇخاننىڭ ئەۋلادىدىن ئۇيغۇرلار شەكىللەنگەن.

**8. «يۆ ياڭ تەرمىلىرى» دە قەيت قىلىنغان مەنقىبەت بويىچە**

«شىمالىي تۈتقۇنلارنىڭ سوق ئېلىدە نىپ - شىر ئۇلۇسى بار ئىدى. تۆرىسىنىڭ ئىككىنچى خوتۇنى تۆت ئوغۇل تۇغۇپ، بىرى ياۋا غازغا ئايلىنىپ كەتكەن. قالغان ئۈچ ئوغلى بىر - بىرىگە: گۇزە - گۇزە دەپتۇ. بۇ ئۆكۈز دېگىنى ئىكەن. ئۈچ ئوغلى ئۆكۈزگە ئەگىشىپتۇ، كالىنىڭ سۈتى ۋە ئېتىدىن ئوزۇقلىنىپتۇ.»[13]

**9. خەنزۇچە تارىخ مەنبەلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار**

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىدىن سانالغان دىڭلىن خەنزۇچە تارىخ مەنبەلىرىدىن «تارىخنامە»، ئالدىنقى ۋە كېيىنكى «خەننامە» لەردە بايان قىلىنغان. دىڭلىن بۇ تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلغان ۋاقىتلىرىدا، ئاللىقاچان مۇستەقىل ئۇلۇس - ئېلەت بولۇپ ۋۇجۇدقا كېلىپ بولغان. تارىخچى دىڭ چيەننىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا: «دىڭلىن دېگەن نامنى تەھقىقلىسەك، ئۇنىڭ بىر ئاتىلىشى دىلى، يەنە بىر خىل ئاتىلىشى تىلى. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە، ئالتۇن تاغ (ئالتاي) نىڭ جەنۇبىدا ياشايدىغانلىرى غەربىي دىڭلىن دېيىلگەن. بۇلار «ۋېينامە» دە گاۋجۇ (ئېگىز ھارۋىلىقلار) دەپ ئاتالغان. ھالبۇكى، كېيىنچە دىلى يەنە تېلې دەپمۇ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ قەۋملىرى تۇغلا دەرياسىدىن باشلاپ، يېۋۇ (باركۆل)، ئالتۇن تاغ بويلىرىدىن تارتىپ، تاكى غەربىي دىيارنى قاپلىغان. ئەڭ يىراققىچە تارقالغانلىرى روسىيە تەۋەسىدىكى سىر دەريا، قارا دېڭىز بويلىرىغىچە يەتكەن.»[14]

تارىخشۇناس خۇچيۇيۈەننىڭ پىكرىچە: «دى - دىڭلىننىڭ قىسقارتىلمىسى. كېيىنكى چاغلاردا يەنى شىمالىي ۋە جەنۇبىي خانلىقلار زامانلىرىدا دېيىلگەن گاۋجۇ (ئېگىزھارۋىلىقلار)، تېلېلەر دىڭلىننىڭ باشقىچە ئاتىلىشىدۇر. ئوغۇز دېگەنnamمۇ دىڭلىننىڭ باشقىچە ئاتىلىشىدۇر. تۈركلەر بولسا، دىڭلىن، ئۇگيە (ئوغۇر)، جيەنكۈن (قىرقىز) لاردىن 800 يىل كېيىن مەيدانغا كەلگەن. تۈركلەر دەسلەپتە ناھايىتى زور ئىمپېرىيە قۇرۇش بىلەن داڭق چىقارغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە بارچە مۇناسىۋەتلىك مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ قالغان.»[15]

يەنە بىر تارىخشۇناس شى يىڭنىڭ مۇھاكىمىسىچە: «تۈركىي سىستېمىدىن جۇڭگو تارىخىدا ئەڭ بۇرۇن ئۇچرايدىغانلىرى دىڭلىن (خەنزۇچە بىر قانچە خىل يېزىلغان - نەقىلچى)؛ كېيىن بۇلار تيېلې، تىسىلې، تېلې، دىلى دەپمۇ ئاتالغان؛ ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا قەدىمكى دەۋردىكى دىلاردۇر. بۇ بىر قانچە خىل ئىسىم بىر خىل تەلەپپۇز قىلىنغان نامنىڭ نەچچە ئاھاڭ تەرجىمىسىدۇر. دىڭلىن بىلەن تېلېنى مىسال قىلساق، دىڭلىننىڭ ئىككىنچى بوغۇملىرىدىكى ng (ڭ) تاۋۇشىنى مۇنداق تەلەپپۇز قىلىشقا ئادەتلەنمىگەن مىللەتلەر قىسقارتىۋېتىپ، تيېلې دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدىن باشقا، گاۋجۇ (ئېگىز ھارۋىلىقلار) دېگەن غەيرىيچە نامنى ئالساق، بۇ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولماي، مەنا تەرجىمىسىدۇر. يۇقىرىقى ناملاردىن ئومۇمىي نامنى قوبۇل قىلماقچى بولساق، بۇ ناملارنىڭ ئەڭ بالدۇرقىسى دىڭلىن، بۇنىڭ ھازىرقى ئاتىلىشى ئۇيغۇر. لېكىن ئېتنوگىنىز جەھەتتىن تۈرك دېگەن نام ئومۇملاشقان.»[16]

6 - ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇر دېگەن نام ئومۇملاشقاندا، دەسلەپ «كونا تاڭنامە» دە «ئۇيغۇر تەزكىرىسى» دەپ مەخسۇس باب ئاجرىتىلغان. ئاندىن كېيىن «يېڭى تاڭنامە»، «بەش زامان تارىخى»، «سۇڭنامە» ۋە باشقا تارىخ مەنبەلىرىدە مەخسۇس تەزكىرىلەر يېزىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مەخسۇس تەزكىرە قىلىپ يازغان مەزكۇر تارىخ مەنبەلىرىدىن بەزى بايانلارنى كەلتۈرىمىز:

«كونا تاڭنامە» 195 - جىلدىدە: «ئۇيغۇر - بۇنىڭ ئەجدادى ھۇننىڭ ئەۋلادى. كېيىنكى ۋېي زامانىدا تيېلې قەبىلىسى دەپ ئاتالغان. تۈرقى -

www.uyghurkitap.com

جۇغى كىچىكرەك، ناھايىتى باتۇر - قەيسەر؛ ئىگىز ھارۋىلارغا تايىنىدۇ، تۈرككە قارام بولغان، يېقىندىن بۇيان تېلې دېيىلگەنلەر شۇ.»

«يېڭى تاڭنامە» 217 - جىلدىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا: «ئۇيغۇر - ئەجدادى ھۇنلاردۇر. ئادەتتە ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارغا ئولتۇرىدۇ، دەسلەپكى ۋېي زامانىدا گاۋجۇ (ئېگىز ھارۋىلىقلار) ئۇلۇسى دەپ ئاتالغان، بۇلار تىېلې ھەم دېيىلگەن، بۇ نام تيېلې دەپ ئۆزگىرىپ كەتكەن. تۈرككە قارام ئىدى.»

«ھۆججەت - ۋە سىقىلەردىن تەھقىقلەنگەنلەرى» 347 - جىلد، «ئۇيغۇر» بۆلۈمىدە: «ئۇيغۇر - ئەجدادى ھۇندۇر. ئادەتتە ئېگىز چاقلىق ھارۋىلارغا ئولتۇرىدۇ، دەسلەپكى ۋېي زامانىدا گاۋجۇ (ئېگىز ھارۋىلىقلار) دەپمۇ ئاتالغان، تىېلې دېيىلىپ، كېيىن تيېلې دەپ ئۆزگىرىپ كەتكەن.»

«كونا بەش زامان تارىخى» 108 جىلددە: «ئۇيغۇر - ئەجدادى ھۇن قەۋملىرىدىن. كېيىن ۋېي زامانىدا تيېلې دەپ ئاتالغان، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر دېگەن نام بىلەن تونۇلغان.»

«سۇڭنامە» 490 - جىلددە: «ئۇيغۇر - ئەسلى ھۇننىڭ باشقا ئەۋلادىدىن. كېيىن ۋېي دەۋرىدە تيېلې دەپ ئاتالغان. تاڭنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە تېلې، كېيىن ئۇيغۇر دەپ ئاتالغان.»

«ئومۇمىي تەپسىراتلارنىڭ داۋامى» 636 - جىلد، «تۆت يى (چەت ئەل) لار تەزكىرىلىرى» Ⅱ دە: «خۇيخې يەنى خۇيخۇ - ئۇيغۇر - ئەجدادى ھۇن. سۈي زامانىدا ئۇيغىر (ۋېيخې) دېيىلگەن. تۈرككە قارام ئىدى.»

بىرقانچە ئالىملار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ھۇن ئەمەس، پەقەت ھۇن ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدە قارام ئۇلۇس ئىدى؛ ئۇيغۇر بىلەن ئوغۇز بىر نامنىڭ ئىككى خىل ئاتىلىشىدۇر دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇيغۇرشۇناس ليۇ تاڭ چەت ئەل ۋە جۇڭگو تۈركولوگلىرىنىڭ مەزكۇر مەسىلىدىكى كۆز قاراشلىرىنى خۇلاسىلاپ، شۇنداق دەيدۇ: «ئوغۇز بىلەن ئۇيغۇرنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققەتەن ناھايىتى زىچ. قەدىمكى دەۋردە تۈرك - ئۇيغۇر تىللىرىدە «ز» بىلەن «ر» تاۋۇشلىرى ئالمىشىپ تۇراتتى. ئوغۇز = ئوغۇر - ئۇيغۇر، ھەتتا گاھىدا سۆز ئاخىرىدىكى «ر» تاۋۇشى چۈشۈپ قالاتتى. شۇڭا، جۇڭگونىڭ تارىخ كىتابلىرىدا ۋۇگې، يۈەنخې، ۋۇخۇ، ۋۇخې، ۋېيخې، خۇيخې، خۇيخۇ، يۈەن دەۋرىدىن كېيىن ۋېيۋۇ، ۋېيۋۇر دېگەندەك خىلمۇ خىل خەتلەر بىلەن ئۇيغۇرنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بېرىلگەن. بىر قانچە ئالىملار ئوغۇزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قارايدۇ. جۈملىدىن دانىيىلىك ئالىم ۋ. تومسېن ئەشۇ قاراشنى ئالغا سۈرۈپ ئاللىقاچان بىلدۈرگەن. ئۇيغۇر قاغانلىرىغا بېغىشلانغان پۈتۈكتاش (ئابىدە) لەردە «مېنىڭ بۇدۇنۇم ئوغۇز»، دېگەن گەپ كۆپ ئۇچرايدۇ. دېمەك، ئوغۇز بىلەن ئۇيغۇر بىر نام ئىكەنلىكىگە شۈبھە يوق.»⑰

فرانسۇز ئالىملىرىدىن م. رېنائۇد تەسنىپ قىلغان كىتابلار سېرىيىسىنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن مەنبەلەردىن ئەرەب سودىگىرى سۇلايمان ساياھەتنامىسى، كېيىنكى قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن مەنبەلەردىن پارس قولتۇقىدىكى سودا پورتى - سىراف ياكى سەناۋىيلىق ئەبۇ زەيىد ھەسەننىڭ ساياھەت خاتىرىسى، ئەرەبلەردىن ئەبۇ دۇلەف مىسەر ئىبنى مۇخەلخەلنىڭ ساياھەتنامىسى، سىجىلىيىلىك ئىدرىسىنىڭ جۇغراپىيە كىتابى قاتارلىق ئەسەرلەردە «تاغازغاز»، «توغۇزغۇز» دېيىلگەنلەرنى غەرب تارىخچىلىرى ئۇيغۇرلاردۇر، بۇنىڭ تارقالغان زېمىنى خارەزمغىچە يەتكەن، دەپ ھېسابلايدۇ.

دېمەك توققۇز ئوغۇز - توققۇز ئۇيغۇر، ئوغۇز - ئوغۇر - ئۇيغۇر ھەممىسى بىر ئېلەتنىڭ نامىدۇر. ئوغۇزخاننىڭ «مەن ئۇيغۇرنىڭ خاقانى» دەپ جاكارلىغانلىقىمۇ شۇنى كۆرسىتىدۇ.

## ئىزاھلار

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» (ئۇيغۇرچە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىل نەشرى، I جىلد 151 - ، 152 - بەتلەر.

② راشىدىددىن فەزلۇللاھ - ھەمەدانىنىڭ كىتابى - «جامىئۇت تەۋارىخ» تىن كلاۋسوننىڭ كەلتۈرگەن نەقلى.

③ كلاۋسون: «ئۇيغۇر دېگەن نام توغرىسىدا» (The Name Uygur) ئەنگلىيە. 1963 - يىل.

④ ئەبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك» (1663 - يىلى يېزىلغان). زەكى ۋەلىدى توغاننىڭ «خارەزمدە يېزىلغان كونا تۈركچە ئەسەرلەر» دېگەن تۈركىيات مەجمۇئەسى (ئىستانبۇل، 1928 - يىل نەشرى) گە ئاساسەن نەقلى قىلىندى.

⑤ ئانىل چېچېن: «تۈرك دۆلەتلىرى»، ئىنقىلاب كىتابئەۋى (ئىستانبۇل، 1986 يىل نەشرى) 113 - بەت.

⑥ «ۋېينامە»، 103 - جىلد، «تەزكىرىلەر» - 91، «گاۋجۇ» (ئىگىز ھارۋىلىقلار، ياكى قاڭقىللار، ياكى توخرىلار).

⑦ رىزا نۇر: «ئوغۇزنامە» (تۈركچە) 1928 - يىل نەشرى. رىزا نۇر بۇنى تۈركىي تىلدىكى ئەڭ قەدىمكى ھۆججەت ھېسابلايدۇ. رادلوف 1891 - يىلى نېمىسچىغا تەرجىمە قىلغان. پېللىئود (فرانسۇز) «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى داستانى - ئوغۇزنامە» دەپ تەقرىز يازغان. «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 1983 - يىل (ئۇيغۇرچە) نەشرىدىن نەقىل قىلىندى.

⑧ ئەلا ئۇددىن ئەتامەلىك بىننىي بەھائۇددىن مۇھەممەد بىننىي مۇھەممەد جۇۋەينى: «تارىخىي جەھانگوشاي» (ھىجرى 658 - يىلى يېزىلغان). 1911 - يىل لەيدىن باسمىسىدىن نەقلى قىلىندى.

⑨ مۇھەممەد ئىبنى خاۋەندشاھ - مىرخاند: «رەۋزەتۇس سەفا فى سىيرە تىل ئەنبىيا ۋەل - مۇلۇك ۋەل - خۇلەفا» («پەيغەمبەرلەر، پادىشاھلار ۋە خەلىپىلەر تەرجىمىھاللىرى توغرىسىدىكى پاكلىق بېغى»)، ھىجرى 899 - 901 (مىلادى 1494 - ، 1496) يىللىرى يېزىلغان.

⑩ جەئفەر مۇھەممەد بىننىي جەرىر - تەبەرى: «تارىخۇل - ئۇمەم ۋەل - مۇلۇك» («مىللەتلەر ۋە پادىشاھلار تارىخى») 1996 - يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى.

⑪ «جىلڭ خوا ئەپەندىنىڭ ئەسەرلىرى توپلىمى» 24 - جىلد «قۇتلانچىن ھەزرەتنىڭ ئابىدىسى» (خەنزۇچە).

⑫ «داۋيۈەن شۆگۆلۇ («داۋيۈەننىڭ قەدىمكىلەردىن ئۆگەنگەنلىرى») 24 - جىلد، «قوچۇ پادىشاھلىرىنىڭ شەجەرە تاش پۈتۈكى» (خەنزۇچە).

⑬ (تاڭ دەۋرىدە) دۇەن چېڭشى تۈزگەن «يۆياڭ تەرمىلىرى» 16 - جىلد (خەنزۇچە).


⑭ دىڭ چيەن: «شىمالدىكى ئۈچ چوڭ ئېتنوگىنىز توغرىسىدا»، 27 - بەت.

⑮ خۇچيۇ يۈەن: «دىڭلىن، تۈرك، ئۇيغۇر»، 9 - بەت.

⑯ شى يىڭ: «جۇڭگو مىللەتلىرى تارىخى»، 72 - بەت. لىن خۇيشياڭ يازغان «جۇڭگو مىللەتلىرى تارىخى» دىمۇ مەزكۇر پىكىر تەكىتلەنگەن.

⑰ ليۇ يىتاڭ: «ئۇيغۇر ھەققىدە تەتقىقات»، جيېنجۇڭ كىتاب ئىدارىسى نەشرى (خەنزۇچە) تەيبېي. 14 -، 15 -، 16 - ئىزاھلاردىكى بايانلار مەزكۇر ليۇ يىتاڭنىڭ كىتابىدىن نەقلى قىلىنغان. (M1)

مۇھاكىمە



# تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ

## ـ ئۇيغۇر مەدەنىيەت پىسخىكىسى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش

ئەسەت سۇلايمان

## 1

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ياۋروپادا چىقىدىغان بىر نوپۇزلۇق گېزىتتە مۇنداق بىر قىزىقارلىق پەرەز بېسىلغان:

مەلۇم بىر ئۆيدە تۇيۇقسىزلا بىر تال يىڭنە يەرگە چۈشۈپ كەتكەن. ئۆيدە ئىتالىيىلىك، فرانسىيىلىك ۋە گېرمانىيىلىك ئۈچ كىشى بولۇپ، ئۇلار بۇ كىچىككىنە ئىشقا ئوخشاش بولمىغان ئىنكاسلارنى قايتۇرغان: ئىتالىيان مۈرىسىنى قىسىپ قويۇپلا پەرۋاسىزلارچە ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن؛ فرانسۇز رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا قولى بىلەن يەرنى بىر ـ ئىككى قېتىم سىلاپ قويغانىۇ، يىڭنىنى تېپىۋېلىشقا كۈچەپ كەتمىگەن، پەقەت ئىزدەپ كۆردۈم دېگەن روھىي تەسەللىي بىلەنلا بولدى قىلغان؛ گېرمان قولىغا بىر سىزغۇچ بىلەن بورنى ئېلىپ، پولغا كىچىك ـ كىچىك چەمبەرلەرنى سىزغان، ئاندىن ھەر بىر چەمبەر ئىچىنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆزىتىپ ئاخىرى ھېلىقى يىڭنىنى تېپىۋالغان. ناھايىتى ئاددىي بۇ بايان نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە گېزىتكە بېسىلغان بۇ كىچىككىنە مىسال ئۈچ دۆلەتنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئىپادىسىگە، تېخىمۇ توغرىراقى، بۇ ئۈچ مىللەتنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە سىمۋول قىلىنغانىدى: دەرۋەقە، دۇنيا تارىخى سەھىپىلىرىگە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، ئىتالىيە مەيلى جۇغراپىيىۋى جايلىشىشى ياكى دۇنيا تارىخىدىكى سىياسىي ئورنى جەھەتتىن بولمىسۇن ياۋروپادىكى ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق «چەمىي ئاجراپ كەتكەن بىر پاي ئۆتۈك» (لۇتپۇللا مۇتەللىپ «ئەجەل ھودۇقۇشىدا» ناملىق فىلىيەتوندا بۇ كىنايىنى بىرىنچى قېتىم ئىشلەتكەن ـ ئا) ئىدى. قەدىمكى رىملىقلار بىر مەھەل زور گۈللىنىشكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، يېقىن قوشنىسى ـ يۇنانلىقلارنىڭ ئالەمشۇمۇل مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغانىدى، خالاس. ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدىن كېيىن ياۋروپا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغىنىش ھەرىكىتى گەرچە ئىتالىيىدىن باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەقىقىي زىلزىلىسى غەربىي ياۋروپادا مەيدانغا كەلگەنىدى. شۇڭا ئىتالىيانلار ياروپادىكى باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا چېچىلاڭغۇ، بوشاڭ، ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى ئاجىز مىللەت ئىدى؛ فرانسۇزلار ھېسسىياتچان، ئۆزگىرىشچان، ئۇزۇل ـ كېسىللىكى كەمچىل مىللەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ناپالېئونغا مىسلىسىز دەرىجىدە چوقۇنۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. فرانسۇز مەدەنىيىتىنىڭ نازاكىتى ۋە مىللىي خاراكتېرىنىڭ لاتاپىتى ئۇلاردا ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشىگە سەۋەب بولغانىدى. گېرمانلار گېگېلنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «ئىنسانىيەتنىڭ پىشقان دەۋرى» دىكى ئەقلىي تەمكىنلىكىگە يەتكەن، پەلسەپىۋى كاللىغا ئىگە، سوغۇققان، ئەمەلىي مىللەت ئىدى. بىز دۇنيا پەلسەپىسىنىڭ يۈكسەك چوققىسىنىڭ گېرمانىيىدە مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن، ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە خارابىسى ئىچىدىن گېرمان مىللىتىنىڭ قانداق

قىلىپ ئىقتىسادى گۈللەنگەن، ئىلغار سەۋىيىگە ئىگە مىللەتكە ئايلانغانلىقىدىن بۇ نۇقتىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

خوش، يىگنە تىمسالىدىن قوزغالغان ئۇلانما تەسەۋۋۇرىمىز بىزنى مۇنداق بىر سوئالغا جاۋاب بېرىشكە قىستايدۇ: يىگنە چۈشۈپ قالغان ئاشۇ سورۇندا بىر ئۇيغۇر بولغان بولسا، ئۇ بۇ ئىشقا قانداق ئىنكاس قايتۇرغان بولاتتى؟ ئۇ، قولىغا لوپا ئېلىپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە سەۋر - تاقەت بىلەن ئەستايىدىل ئىزدەپ كۆرەرمۇ ياكى ئاشۇ ئۆيدە بىر ئۆمۈر يىگنە بىلەن پۈتلىشىپ بىللە ياشارمۇ!؟...

دەرۋەقە، بۇ بىر ناھايىتى ئاددىي مىسال، خالاس. بۇ خىل تەھلىلنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە توغرا ياكى خاتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئىپادە قىلغان مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى ئوپېراتسىيە قىلىشتا ھامان مۇشۇ تۈردىكى ماھىيەتلىك مىساللارنىڭ ئىلھامىغا موھتاج بولىمىز، ئەلۋەتتە.

شۈبھىسىزكى، جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە ياشاش شارائىتىنىڭ ئوخشاشماسلىقى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مەلۇم مىللەتنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرسىمۇ، ئەمما شۇ مىللەتنىڭ ئىپتىدائىي روھىي ماھىيىتىگە ئورۇق بولۇپ تىزىلغان پىسخىك جۇغلانما خۇددى پاختا ئىچىدىكى چوغدەك ھامان ساقلىنىپ كېلىدۇ. تۆت مىڭ يىللىق قەدىمىي مەدەنىيەتكە ئىگە ھىندىستاننىڭ يېقىنقى زاماندا كەلگەندە يۈز نەچچە يىلدىن ئارتۇق ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىگە چۈشۈپ قېلىشى نەتىجىسىدە، «غەربلىشىش» دولقۇنىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسىدىكى شەرقچە سۈكۈناتقا باي ئاياللىق نازاكىتى ۋە غايىۋى پىنھانلىققا تەشنا ھۆل خاراكتېرى ئۆزگەرگىنى يوق. شۇنىڭغا ئوخشاشلا نەچچە مىڭ يىللىق سەرسانلىق - سەرگەردانلىق ۋە ھالاكەتلىك تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن يەھۇدىيلارنىڭ ھازىرقى زامانغا كەلگەندە مىللىي تىرىلىش ھەرىكىتى قوزغاپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى دەل ئۇلارنىڭ تومۇرىدىكى مىللىي قېنى بىلەن روھىي قاتلىمىدىكى ماھىيەتلىك جۇغلانمىنىڭ ھەر ۋاقىت كۆۋەجەپ تۇرغانلىقىدىن بولغان.

مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى بىلەن سېلىشتۇرما مەدەنىيەتشۇناسلىقنىڭ گۈللىنىشى بىزنى مىللەتلەرنىڭ ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئىپادە قىلغان پىسخىك ماھىيىتىنى تولۇق ئوپېراتسىيە قىلىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئىنسانىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ ماددىي دۇنيادىن روھىي دۇنياغا - ئادەمنىڭ ئۆزىگە مەركەزلىشىشى بىزگە كەلگۈسىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ ئاجايىپ ئازابلىق دەۋرگە كىرىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

دەرۋەقە، بىز بۇ يەردە سۆزلەۋاتقان مەدەنىيەتشۇناسلىق ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنى ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلغاندا، مەدەنىيەتنىڭ تاشقى قاتلىمى، ئوتتۇرا قاتلىمى ۋە ئىچكى قاتلىمى دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ تاشقى قاتلىمى - ماددىي مەدەنىيەتنى، ئوتتۇرا قاتلىمى - ماددىيلاشقان پىسخىكا بىلەن ئاڭلاشقان ماددىنى، يەنى ھەرىكەت، نەزەرىيە، تۈزۈملەرنى، ئىچكى قاتلىمى - تاشقى قاتلام بىلەن ئوتتۇرا قاتلامنىڭ جۇغلىنىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن پىسخىك تىندۇرمىنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ مۇھاكىمە قىلماقچى بولغىنىمىز دەل مىللىتىمىزنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيىۋى ۋە تارىخىي شارائىتىدا شەكىللەنگەن مەدەنىيەت پىسخىكىسىنىڭ ئىچكى قاتلىمى - يەنى تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھىي تىندۇرمىدۇر.

## 2

ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئىبارەت بۇ كونا قۇرۇقلۇقتا ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ بۈيۈك مەدەنىيەتلىرى ئاپىرىدە قىلىنغانىدى. تاكى ياۋروپا ئەدەبىيات - سەنئەت ئويغىنىشىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يېڭىدىن گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ياۋروپالىقلار يەلكەنلىك كېمىلىرىگە تايىنىپ يېڭى دېڭىز يوللىرىنى ئاچقانغا قەدەر، قەدىمكى دۇنيانىڭ چەكسىز ئۇزاق تارىخى مۇشۇ كونا قۇرۇقلۇقتا يارىتىلغانىدى. يەنە كېلىپ بۇتارىخ ئۆز مەنىسى بىلەن تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ سىرلىق ناز - كەرەشمىسىدە، دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ تىنىمسىز دولقۇنلىرىدا، يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ دەھشەتلىك ۋەھىمىسىدە ئۆز مەزمۇنىنى تولۇقلىغانىدى. بىزنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز شەرقتىكى تېرىم مەدەنىيىتى بىلەن غەربتىكى دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ ئارىلىقىدىكى چەكسىز ئۇزاق بەلباغدا، ئوت، سۇ مەنبەلىرىنى قوغلىشىپ، تىنىمسىز كۆچۈپ، ئۇچقۇر ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ بىرىنچى بېتىنى، مەدەنىيەت پىسخىكىسىنىڭ ئىپتىدائىي خېمىرتۇرۇچىنى ھازىرلىغانىدى. ئۇلارنىڭ پىسخىك خاراكتېرىدىكى ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ياۋايى جەسۇرلۇق، قىزىققانلىق، قاراملىق ۋە ئاسان غىدىقلىنىشچانلىق دەل تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ ئاياللىق نازاكىتى بىلەن دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ تەۋەككۈلانە جاسارىتى ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا شەكىللەنگەنىدى. شۇنداق بولغاچقا، پۈتكۈل كونا قۇرۇقلۇقنىڭ مەدەنىيەت تارىخى گويا ئۈچ پۇتلۇق داڭقانغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاشۇ سەھنىدە ئۆز - ئارا بىر - بىرىنى تارتىشىپ، تىركىشىپ

www.uyghurkitap.com

تۇرۇشتەك تىنىمسىز ۋەزىيەت داۋامىدا روياپقا چىققانىدى.

دەرۋەقە، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت پىشىكىسىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ھەل قىلغۇچ پىشىك جەريان ھامان ئۆزىگە نىسبەتەن مۇقىم ۋە ئۇزاق بولغان مەدەنىيەت مۇھىتىنى تەلەپ قىلاتتى. مەلۇم بىر مەدەنىيەت مۇھىتى گەرچە سىرتقى يات مەدەنىيەتلەرنىڭ تىنىمسىز غىدىقلىشىغا ئۇچرىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىدە ئەزەلدىن بار بولغان روھىي ئەندىزىنى ياكى پىشىك تىندۇرمىنى ساقلاپ قالالىسا، شۇ خىل مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكى مىللەتلەر ئۆز خاراكتېرىنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ كونتروللۇقى بىلەن تۇتۇپ تۇرالايدۇ. يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ تاكى XV ئەسىردىكى ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىگىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەريان دەل مۇشۇ ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئۆز ئارا كۈچ سىنىشىش، ئۈستۈنلۈك تالىشىش جەريانىدۇر. خەيرىيەت، يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ تارىختىكى زىلزىلىسى قانچىلىك كۈچلۈك، ۋەھىمىسى قانچىلىك قورقۇنۇچلۇق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ ئۈنسىز جىلۋىسى ۋە ناز - كەرەشمىگە تولغان غىدىقلاشلىرى بىلەن دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى تارىخ سەھنىسىدىن سىقىپ چىقاردى. لېكىن مەيلى تېرىم مەدەنىيىتى بولسۇن ياكى دېڭىز مەدەنىيىتى بولسۇن، ئۇلارنىڭ غالىبانە ئەسلىمىلىرىدە يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ سەلتەنىتى ئاخىرلاشقان ئۇزاق يىللارغىچە ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرىدە ئەكس ئېتىدىغان ۋەھىمىلىك تۇيغۇلار ئاداققىچە ساقلىنىپ قالدى. شەرق تېرىمچىلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «ھۇنلار يوقالمىغىچە جاھان تىنچىماس» دېگەن ماقالى بىلەن ياۋروپالىقلارنىڭ «يۇنان ياسايدۇ، تۈرك بۇزىدۇ» دېگەن ماقالى دەل ئاشۇ ۋەھىمىلىك ئەسلىمىنىڭ يالدامىسىدۇر.

شەرقتە چوڭ - كىچىك ھىنگان تاغلىرىدىن تارتىپ، غەربتە قارا دېڭىزغىچە بولغان چەكسىز ئۇزاق دالىدا - ئىچكى ۋە شىمالىي ئاسىيانىڭ شىۋاق ھىدى گۈپۈلدەپ تۇرغان بىپايان يايلاقلىرىدا ھەم شەرقتىكى تېرىم مەدەنىيىتىگىمۇ، ھەم غەربتىكى دېڭىز مەدەنىيىتىگىمۇ ئوخشىمايدىغان كۆچمەنچى مىللەتلەرنىڭ ئاتلىقلار مەدەنىيىتى يارىتىلغانىدى. بۇ خىل مەدەنىيەت مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئۆزلۈكسىز، جاھىلانە داۋاملاشتۇرۇشىدا ئەمەس، بەلكى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كۈچىيىپ، شاللىنىپ تۇرىدىغان يايلاق مىللەتلىرىنىڭ كۈچ ئۇلاش شەكلىدىكى نۆۋەتلىشىپ تۇرىدىغان سەلتەنىتىدە ھاسىل بولغانىدى. شۇڭا شىمالدا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تارىخ سەھنىسىگە چىققان ھۇنلار، رورەنلەر، سىيانپىلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، قىرغىزلار، كىدانلار، موڭغۇللار ۋە مانجۇلارنىڭ ھېچ قايسىسى يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ تەنھا ياراتقۇچىسى بولالمايتتى. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ئۈلۈشى بار ئىدى. شۇڭا بۇ خىل مەدەنىيەت ھەر قايسى كۆچمەنچى مىللەتلەرنىڭ زەنجىرسىمان ھالەتتىكى ئۇلىنىشى ۋە ئاگىمىز رەۋىشتىكى داۋاملاشتۇرۇشى جەريانىدا بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغانىدى. لېكىن تارىختا شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، شىمالىي ۋە ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى بۇ بەلباغ نۇرغۇنلىغان كۆچمەنچى مىللەتلەرنى پەيدا قىلغان، ئاۋۇندۇرغان ۋە تارىخ سەھنىسىگە چىقارغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇزاققىچە كاپالەتكە ئىگە قىلالايدىغان جۇغراپىيىۋى زونا ئەمەس ئىدى. بىر مەزگىللىك قىزىققانلىق ئارىلاشقان سەلتەنەتتىن كېيىن يا كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇش، يا تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ سىرلىق قوينىغا سىڭىپ كېتىش ئۇلارنىڭ ئورتاق قىسمىتى ئىدى. شىمالىي ئاسىيانىڭ تارىخ سەھنىسىدە ئۇزۇن مەزگىل سەلتەنەت سۈرگەن ھۇنلارنىڭ ئەڭ ئاخىرى ئۆزى ئاۋۇغان زېمىندا پۇت تىرەپ تۇرالماي، ئاستا - ئاستا غەربكە سۈرۈلۈپ ياۋروپادىكى دوناي دەرياسى ۋادىسىغا سىڭىپ كېتىشى، ئۆتۈكەن تاغلىرىنى مەركەز قىلىپ شىمالىي - ئوتتۇرا ئاسىيانى بىرلىككە كەلتۈرگەن كۆك تۈركلەرنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئۇزاق كۆچۈشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ كىچىك ئاسىيادىكى ئاناتولىيە يېرىم ئارىلىغا ماكانلىشىشى، ئورخۇن دەرياسى بويىدا باش كۆتۈرۈپ شىمالنى بىر مەھەل ئىدارە قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادى 840 - يىلىغا كەلگەندە غەربكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇپ تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى بىلەن تارىم ۋادىسىغا يەرلىشىشى، يېنسەي دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىدا كۆچەيگەن قىرغىزلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىسسىق كۆل بويىغا قايتىپ كېلىشى، سەددىچىننىڭ شىمالىدا كۈچىيىپ، غەربىي شىمالنى بىر مەھەل پاراكەندە قىلغان كىدانلارنىڭ كېيىنچە تارىخ يۈزىدىن ئىز - تىزسىز غايىب بولۇشى، 13 - ئەسىردىن كېيىن، ياۋرو - ئاسىيا دالىلىرىنى تىترەتكەن موڭغۇللارنىڭ ئاستا - ئاستا تارىخ سەھنىسىدىن چۈشۈپ قېلىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ . . . ئۇلار نېمە ئۈچۈن ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاشۇ سىرلىق زونىدا پەيدا بولۇپ ۋە گۈللىنىپ يەنە ئاشۇ زونىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ ! ؟

ئەمەلىيەتتە، كۆچمەنچى ئاتلىق قەۋملەرنىڭ چاقماقتەك تېز سۈرئەت بىلەن تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، يەنە شۇنداق سۈرئەت بىلەن غايىب بولۇشىنى يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ سىرتقى پوستى كۆچتۈگۈرلۈككە ۋە ياۋايى جەسۇرلۇققا تولغان

www.uyghurkitap.com

ئەمما ئىچكى قاتلىمى ئاددىي، پىسخىك جۇغلانمىسى ئاجىز خاراكتېرى بەلگىلىگەن. چۈنكى شەرقتىكى تېرىم مەدەنىيىتى بىلەن غەربتىكى شەھەر - قەلئە ۋە دېڭىز مەدەنىيىتى ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىم، يەرلەشمە هايات جەريانىدا ئۆز ۋۇجۇدىدا توپلىغان پىسخىك ئېنېرگىيىنى يايلاق مەدەنىيىتى ھېچقاچان ھازىرلىيالمايتتى. يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ پۈتكۈل تەرەققىيات تارىخى تۈپ نېگىزدىن ئېيتقاندا، ئۇچقۇر ئاتلىرىنىڭ ھەيۋىسىگە تايىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەرلىك قەھرىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان، تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ ئاياللىق زىباسى ۋە سىرلىق جۇلاسى تەرىپىدىن تىنىمسىز غىدىقلىنىدىغان، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ كونتروللۇقى بىلەن ئۇزاققىچە تۇتۇپ تۇرالمايدىغان، پەقەت قويۇندەك تېزلىك بىلەن ھەرىكەتچان ياشاش، تىنىمسىز كۆچۈش، شارائىتقا ماسلىشىش ئارقىلىقلا ئۆزىگە هاياتلىق ئىمكانىيىتى ھازىرلاپ كەلگەن تارىخ ئىدى. ئۇلارنىڭ سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ غىدىقلىشىغا بولغان ئىچكى قارشىلىق كۈچى ۋە روھىي جۇغلانمىسى خېلىلا ئاجىز بولۇپ، ئۆزىگە مۇۋاپىق مۇداپىئە شارائىتى ھازىرلىيالمىغان هامان گويا ماگنىت قۇتۇبىغا ئاققان تۆمۈر ئۇۋاقلىرىدەك تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ جەلبكار قوينىغا ئەسىر بولاتتى. ئاسىيا - ياۋروپا قورۇقلۇقىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىستىلا قىلغان چىڭگىز قوشۇنى نېمە ئۈچۈن جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىدە يۈز يىلمۇ پۇت تىرەپ تۇرالمىدى؟ يۈەن سۇلالىسى نامى ئاستىدا جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرگەن قۇبلايخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى چوڭ ئاستانە (ھازىرقى بېيجىڭ) نىڭ ھەيۋەتلىك ئوردا-قەسىرلىرىدە شاپتۇل گۈللۈك يەلپۈگۈچ تۇتقان نازىنىنلارنىڭ قولىدىن پار - پۇر قاچىلاردىكى خۇشپۇراق جياڭنەن چېيىنى ئىچىۋېتىپ شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىكى، ھارماس ئات تۇياقلىرىغا تايىنىپ تېرىمچىلار ماكانىدا تىكلىگەن سەلتەنەت ئۇزاققا بارمايدۇ، ئۇلار يا ئېكىن مەدەنىيىتىنىڭ قوينىغا ئۇن - تىنسىز سىڭىپ كېتىشى كېرەك، ياكى شىپاڭلىق قەسىرلەردىن ئايرىلىپ ئۆزلىرىنىڭ شىمالدىكى چېدىرلىرىغا قايتىشى كېرەك. خەيرىيەت، موڭغۇللار كېيىنكى يولنى تاللىدى، يۈز يىلغا يەتمەيلا چوڭ ئاستانىنى تاشلاپ چۆللۈكنىڭ شىمالىغا چېكىنىپ چىقتى. چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالايدىغان بىردىنبىر يول ئىدى. ئارىدىن بىر قانچە ئەسىر ئۆتتى، شەرقنىڭ تارىخىدىكى بىر خىللىق تەكرار داۋاملاشتى. سەددىچىننىڭ شەرقى شىمالىي قىسمىدا كۆچەيگەن مانجۇلار سەردارى نۇرخاج زور ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىگە، ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆچەيگەن بابۇر ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ھىندىستانغا باستۇرۇپ كىردى. مانجۇلار بېيجىڭدا چىڭ خاندانلىقىنى، بابۇر دېھلىدا موغۇل سۇلالىسىنى قۇردى. ئۇلار شەرقتىكى قەدىمىي مەدەنىيەتلىك بۇ تېرىم خەلقلىرىنىڭ رەڭگا - رەڭ جۇلاسىغا، مول، يېپىشاڭغۇ، سۇيۇقلاندۇرغان روھىي جۇغلانمىسىغا، ھەتتا مىللىي پەرقلەرنى ئېزىپ ئۇن قىلىۋېتىدىغان مەدەنىيەت تىندۇرمىسىغا ئۆزلىرىنىڭ قوپال، كۆچتۈڭگۈر، قىزىققان جىسمى بىلەن رام بولدى. نىھايەت، بىر قانچە ئەسىر ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يايلاق مەدەنىيىتى مۇھىتىدا يېتىلدۈرگەن ئەرلىك ھەيۋىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ھىندى تۇپرىقىنىڭ ئاياللىق جەزبىگە باي قوينىدا تولۇق كۆندۈرۈلۈپ تاشلاندى. چۈنكى مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىكى پىسخىك ھالەت هامان ھېسسىيات جەھەتتىن ئۆزىگە قارشى جىنسلىق خاراكتېرنى تەلەپ قىلاتتى. چوڭ دەريا ۋادىلىرىنى ئاساس قىلىپ مۇقىم، ئولتۇراق تۇرمۇش كۆچۈرىدىغان، ئەنئەنىۋى، جاھىل ئېكىن مەدەنىيىتى مۇھىتىدا روھىي جۇغلانمىسى پىشىپ يېتىلگەن، تەمكىن، ھۆل خاراكتېرگە ئىگە تېرىم مىللەتلىرىنىڭ يۇمشاق مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن يايلاق مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىدە ئىچكى قارشىلىق كۈچى ۋە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كەمچىل ئىدى. شۇڭلاشقا شەرقتىكى تېرىم مەدەنىيىتى بىلەن غەربتىكى دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ تىنىمسىز قىستىشى، غىدىقلىشى، سۈركۈلۈشى ۋە زەرەتلىشى نەتىجىسىدە، ئۇزۇن مەزگىللىك تىركىشىشتىن كېيىن، XV ئەسىرگە كەلگەندە يايلاق مىللەتلىرىنىڭ سەلتەنىتى ۋە ئات ئۈستىدىكى مەدەنىيىتى يېڭىدىن تولۇپ تاشقان هاياتىي كۈچكە ئىگە دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ كۆكۈش دولقۇنلار ئۈستىدە لەيلەپ ئۇزۇۋاتقان يەلكەنلىك كېمىلىرىگە ئورۇن بەردى.

دېمەك، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، كونا قورۇقلۇقنىڭ يېڭى دېڭىز يولى ئېچىلىشتىن ئاۋۋالقى ئۇزاق تارىخى شەرق تېرىمچىلىرى، يايلاق چەۋەندازلىرى ۋە غەرب دېڭىزچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تىنىمسىز مۇناسىۋەتلەر جەريانىدا دەۋر قىلدى. شۇڭا تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى بولغان ساپان، يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى بولغان ئات ۋە دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ سىمۋولى بولغان يەلكەنلىك كېمە پار ماشىنىسى كەشىپ قىلىنغىچەبولغان ئۇزۇن تارىختا ۋەكىللىك قىلاتتى. ساپاننى ئۆزىگە سىمۋول قىلغان تېرىم مەدەنىيىتى جاھىل، ئاسان ئۆزگەرمەيدىغان، ئەنئەنىۋى ئاڭغا باي، سىرتقى يات مەدەنىيەتكە نىسبەتەن ئىچكى قارشىلىق كۈچى كۈچلۈك مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇلار ئۆز ئېھتىياجىنى ئۆز زېمىنىنىڭ نېسىۋىلىرى بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان، سىرتقى مەدەنىيەتنى هامان ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈشنى ئىستەيدىغان، فېئوداللىق ئەخلاق، ئائىلە ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرگە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىدىغان، گۈلدۈرمامىدەك ھەيۋىنى ئەمەس،

بەلكى پىنھان سۈكۈتنى ۋە غايىۋى گوي - پىكىرلەرنى ياخشى كۆرىدىغان، باش - ئاخىرى يوق ئاسىياچە ھۆل ئازابقا خۇشتار مەدەنىيەت تىپى ئىدى. ئۇلارنىڭ گۈزەللىك ئېستېتىكى ۋە ئېستېتىك خاھىشى تارىخىي شەكىلدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپاتتى. شۇڭا ئۇلاردا يىلنامە - تەزكىرىچىلىك تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇنى مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلى دەپ قارايتتى.

يەلكەنلىك كېمىنى ئۆزىگە سىمۋول قىلغان دېڭىز مەدەنىيىتى قەدىمكى يۇنان - رىم مەدەنىيىتىنى ئۆزىگە مەنبە قىلغان، تىنىمسىز دېڭىز دولقۇنلىرى بىلەن ئارال، تاقىم ئارال ۋە يېرىم ئاراللارنىڭ ئەبەدىي سۈيۈشۈپ تۇرۇشىدىن ھاياتىي كۈچ ئالغان، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى جەمئىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەركىزى قىلغان، رىقابەت ئېڭىغا، تەۋەككۈلچىلىك روھىغا ۋە ئېچىۋېتىش پىسخىكىسىغا ئىگە؛ ھۆل، پىنھان، يېپىشاڭغۇ ئاسىياچە ئازابتىن كۆرە يۈرەكنى تىترىتىدىغان، كىشىنىڭ روھىي دۇنياسىنى لەختە - لەختە قىلىۋېتىدىغان ئودېپۇسچە كۆيۈشمە ئازابقا خۇشتار مەدەنىيەت تىپى ئىدى. ئۇلارنىڭ گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشلىرى شەخسنىڭ قەدىر قىممىتىدە ئىپادە قىلىناتتى. ئۇلار ئىجتىمائىي تۇيغا قارىغاندا شەخسنىڭ ئورنى، رولى، قىممىتى ۋە ئەركىنلىكىگە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرەتتى. گۈزەل خانىش خېلېننىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئېلىپ قېچىلىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان شەخسىي خورلۇق سەۋەبىگە پارتلىغان ئون يىللىق دەھشەتلىك يۇنان - ترويا ئۇرۇشى شەرق تېرىمچىلىرىنىڭ نەزىرىدە ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقلىق ھېسابلىناتتى. قەدىمكى يۇنان سەنئىتىدە يالىڭاچ ھەيكەلتىراشلىقنىڭ ئاجايىپ تەرەققىي قىلىشى، ئەپسانىلەردە ئۇششاق ئىلاھلاردىن باشقا ھەتتا تەڭرىلەرنىڭ تەڭرىسى زېۋسنىڭمۇ يېرىم ئىلاھ، يېرىم ئادەم سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىشى، داۋىنچىنىڭ «ئىنجىل» قىسسىلىرىدىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ رەسىمىنى سىزماي، بەلكى ئىنساننىڭ يوشۇرۇن گۈزەللىكى مۇجەسسەملەشكەن ئاددىي شەھەر پۇقراسى مونالىزانىڭ سۈرىتىنى سىزىشى دەل ئۇلارنىڭ شەخسنىڭ قىممىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى نامايان قىلغان.

ئاتنى ئۆزىگە سىمۋول قىلغان يايلاق مەدەنىيىتى ئوتتۇرا، مەركىزىي ئاسىيانىڭ كۆپ قىرلىق، ئۆزگىرىشچان ھاۋا كېلىماتىدا ئوت، سۇ مەنبەلىرىنى قوغلىشىپ، تىنىمسىز كۆچۈپ، قويۇندەك ئۇچقۇر ئاتلىرىغا تايىنىپ ئۆزلىرىگە زۆرۈر بولغان ھاياتلىق شارائىتى ئىزدەش جەريانىدا قىزىققان، تېز ھاياجانلىنىپ تېز سوۋۇيدىغان، قارام، جەسۇر خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئەنئەنە ۋە تارىخقا بولغان قارىشى تېرىم مىللەتلىرىدەك جاھىلانە مەزمۇت تۇس ئالمىغان؛ ئۇلار ھەم شەرق تېرىمچىلىرىدەك ئاسىياچە ھۆل ئازابقا، ھەم غەربتىكى دېڭىز مىللەتلىرىدەك ئودېپۇسچە كۆيۈشمە ئازابقا ياتمايدىغان؛ پەقەت يايلاق مىللەتلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك يا قەھرىمانچە ياشايدىغان، يا قەھرىمانچە ئۆلىدىغان، قىلچە ئارىلىق قالدۇرمايدىغان ئازاب ئېڭىغا ئىگە ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ گۈزەللىك ئېستېتىكى ۋە ئۇنىڭ يۇقىرى پەللىسى قەھرىمانلىق ئېڭىدا ئىپادە قىلىناتتى. ئەڭ گۈزەل، ئەڭ بۈيۈك قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ پەقەت يايلاق خەلقلىرىنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيىتى داۋامىدا مەيدانغا كەلگەنلىكى شۇ سەۋەبتىندۇر. ئېپوس - يايلاق مىللەتلىرى ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلى بولالايتتى. گېگېلنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى «قەھرىمانلىق دەۋرىدە تۇرغان مىللەتنىڭ ساپ ئىپتىدائىي ھاياتىي كۈچىنى ۋە مىللىي روھنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرەلەيتتى»①. شۇنداقلا بىر مۇنەۋۋەر مىللىي ئېپوس «بىر مىللەت روھىي ماھىيىتىنىڭ كۆرگەزمىخانىسى»② بولالايتتى. شەرقتە ئۇلۇغ ئوكياندىن تارتىپ غەربتە ئېدىل (ۋولگا) دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئىچىدە ئېپوسى بولمىغان مىللەتلەر يوق دېيەرلىك. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە «كۈچلۈك تارىخ ئېڭىغا ئىگە خەنزۇ مىللىتى دۇنيادا ئەڭ باي تارىخنامىلەرنى يېزىپ قالدۇرغانىيۇ، لېكىن بىرمۇ مۇكەممەل قەھرىمانلىق ئېپوسى قالدۇرمىغان»③.

يايلاق مەدەنىيىتى شەرقتىكى تېرىم مەدەنىيىتى بىلەن غەربتىكى دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ ئارىلىقىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان ھەمدە ھەر ئىككى مەدەنىيەتنىڭ ئوخشاشمىغان تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرغان. چۈنكى تېرىم مەدەنىيىتى بىلەن دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىدىغان ھېچقانداق جۇغراپىيىۋى ئىمكانىيىتى يوق بولۇپ، پەقەت ئارىدىكى يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىقلا بىر - بىرى بىلەن ئاز - تولا ئۇچۇر ئالماشتۇرالايتتى. يايلاق مىللەتلىرىنىڭ شەرقتىكى تېرىم خەلقلىرى بىلەن غەربتىكى دېڭىز ئەللىرىگە قىلغان شىددەتلىك يۈرۈشلىرى نۇرغۇن ۋەيرانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئاز بولمىغان ئىجابىي تەسىرلەرنىمۇ پەيدا قىلدى. موڭغۇللارنىڭ ياۋروپاغا قوزغىغان يۈرۈشى ياۋروپادا فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىپ، كاپىتالىزمنىڭ بىخلىرىنى تېزلەتتى. خۇددى تارىخشۇناس ماكېندى ئېيتقاندەك: «ياۋروپا مەدەنىيىتى ياۋروپالىقلارنىڭ ئاسىيادىكى كۆچمەن مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇزۇن مۇددەتلىك كۈرىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن» ④ ھەتتا ياۋروپانىڭ نۇرغۇن ئېپوسلىرى ئاسىيا يايلاق قەۋملىرىنىڭ شىددەتلىك

www.uyghurkitap.com

ھۇجۇمىغا قارشى ئۇرۇشلارنى ئۆزىگە ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان. «ھۇنلارنىڭ قاخشاتقۇچ ھۇجۇملىرى داۋامىدا گېرمان مىللىتىنىڭ ‹نىبېلۇڭگېن ناخشىسى› ناملىق ئېپوسىنىڭ دەسلەپكى ئۈلگىسى مەيدانغا كەلگەن. ئالتاي تاغلىرى ۋە موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن غەربكە سۈرۈلگەن تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قارا دېڭىز بويلىرىنى بازا قىلىپ، ئەرەبلەر بىلەن بىرلىكتە جەنۇبىي ياۋروپا ئارقىلىق ئىسپانىيە، فرانسىيىلەرگە ھۇجۇم قىلغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە فرانسۇزلارنىڭ ‹روللاند ناخشىسى›، ئىسپانلارنىڭ ‹كىد ناخشىسى› ناملىق قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى شەكىللەنگەن. تۈركىي قەۋملەرنىڭ ۋولگا دەرياسىدىن ئۆتۈپ شەرقىي ياۋروپاغا كىرىشى نەتىجىسىدە رۇس ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشى بولغان ‹ئىگورنىڭ يىراققا يۈرۈشى› ناملىق قەھرىمانلىق ئېپوسى بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۈركىي قەۋملەرنىڭ ‹ئوغۇزنامە› قاتارلىق ئېپوسلىرىمۇ مەيدانغا كەلگەن.» ⑤

## 3

بىر مىللەتنىڭ بۈيۈك تالالاشقا دۇچ كەلگەن دەقىقىلىرى ھامان شۇ مىللەت تارىخىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ. ئۇزاق دەۋرلەر مابەينىدە مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي گەۋدىسى ئىچىگە ئاستا - ئاستا توپلانغان، ئىچكى مەنىۋى قۇرۇلمىنى سۇغۇرۇپ كەلگەن يوشۇرۇن پىسخىك جۇغلانما دەل ئاشۇ بۈيۈك تالالاشقا دۇچ كەلگەن ھەل قىلغۇچ پەيتتە گويا يەر تېگىدە مىليون يىللار ئۇخلاپ ياتقان ماگمىدەك بىراقلا پارتلاپ چىقىشى مۇمكىن. يەھۇدىيلارنىڭ ئەجدادى بولغان ئىبرايلارنىڭ مىسىر فىرئەۋنىنىڭ بىرقانچە يۈز يىللىق قۇل قىلىشىدىن كېيىن، مۇسانىڭ يېتەكچىلىكىدە مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ ئانا ۋەتىنى - كەنئان چۆللۈكلىرىگە قايتىپ كېلىشى ئۇلارنىڭ تارىخىغا قانچىلىك زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلمىدى؟ غەربىي ھۇنلارنىڭ ئالتاي تاغلىرىدىن ئايرىلىپ، ئېدىل سۈيىنى كېچىپ، شەرقىي ياۋروپا ساسلىقلىرى ئارقىلىق دوناي ۋادىسىغا كىرىشى ياۋروپانىڭ قەدىمكى ۋەزىيىتىدە قانچىلىك زور داۋالغۇشلارنى پەيدا قىلمىدى!؟...

تارىختا شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ھەر قانداق مىللەتنىڭ بىر ئۇلۇغۋار تالالاشقا دۇچ كېلىشى، تارىخىي خاراكتېرلىك چوڭ كۆچۈشكە مەجبۇر بولۇشى ۋە ياكى مەلۇم بىر سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ قاتتىق غىدىقلىشىغا ئۇچرىشى ھامان ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچىنى ۋە پىسخىك قۇرۇلمىسىنى قايتىدىن يېڭىلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېڭى مەزمۇن قوشىدۇ. دەرۋەقە، چوڭ كۆچۈش ۋە تالالاشلارنىڭ ھەممىلا مىللەتنىڭ تارىخىغا بۈيۈك پروگرېسسىيەلەرنى ئېلىپ كېلىشى ناتايىن. سىرتقى غىدىقلاش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ھەرقانداق ئۇلۇغۋار پروگرېسسىيە ئەڭ ئالدى بىلەن شۇ مىللەت ۋۇجۇدىدىكى مىللىي گېن بىلەن پىسخىك ئېنېرگىيىنىڭ ئىككى مەدەنىيەتنىڭ ئۇچرىشىشىدا قانچىلىك رول ئوينىغانلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

مىلادى 840 - يىلىدىكى چوڭ كۆچۈش مىللىتىمىز تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ۋەقە بولدى. بۇ قېتىمقى كۆچۈش ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تارىخىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتى. شىمالىي ئاسىيانىڭ شاۋقۇن - سۈرەنگە تولغان دالىلىرىدا، ئانا تەبىئەتنىڭ پايانسىز قوينىدا، ئۇچقۇر ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرىدە، ئوقيانىڭ كىرىچلىرىدە يېتىلگەن بۇ روھ قانداق قىلىپ تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئانا بالىياتقۇسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان پىنھان چوڭقۇرلۇقىغا جەلپ قىلىندى؟ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىغان، بىر پۈتۈن مىللەت گەۋدىسى بىلەن ھالاكەتلىك سىناققا دۇچ كەلگەن بۇ خەلق پەقەت تارىم ۋادىسىدىكى ئەسلىدىن بار بولغان قېرىنداشلىرىنىڭ قوينىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە ياشاش شارائىتىنىڭ ئەبەدىيلىك ئىمكانىيىتىنى بايقىغانىدى. ئارىدىن مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە بىز تارىمدىكى ئاشۇ قېتىملىق زور قوشۇلۇشنىڭ نەقەدەر توغرا تاللاش بولغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق. ئورخۇن ۋادىسىدىن جەنۇبقا - سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە كۆچكەن ئەجدادلىرىمىز قانداق قىلىپ ئىز - تىزسىز غايىب بولدى؟ خېشى كارىدورىغا كۆچۈپ گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆزلىرى ئۇچراشقان يەرلىك تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ چوڭ تۈگمىنىگە سىڭىپ كېتىشتى؟ ئۆز مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا، تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ سۈيۈقلاندۇرۇلغان جىلۋىسى بىلەن شەرقچە سەۋر - تاقەتلىك، بۇ خىل خاراكتېرنىڭ ئۆزلۈكسىز، تىنىمسىز غىدىقلىشى قىزىققان، تەنتەك خاراكتېرگە ئىگە «گرانت كاللىلىق» بۇ ئاتلىقلارغا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ روھىي ئېنېرگىيىسى بىلەن تۇتۇپ تۇرغۇدەك ئىمكانىيەت بەرمىگەنىدى. ھالبۇكى، بۇ خىل ئىمكانىيەتنى مىللىتىمىزنىڭ غەربكە كۆچكەن زور بىر قىسمى تەكلىماكاننى قۇچاقلاپ ياشاشقا باشلىغان دەقىقىلەردىن باشلاپ رەسمىي ئىشقا ئاشۇردى.

ئەتراپىنى ھەيۋەتلىك تەڭرى تېغى بىلەن قۇرۇم تاغلىرى ئوراپ تۇرغان، دېڭىز - ئوكيانلاردىن يىراق، ئىقلىمى قۇرغاق، ھۆل - يېغىن مىقدارى ناھايىتى ئاز بولغان ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى پىنھان چوڭقۇرلۇق - تارىم ئويمانلىقى ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى بىر بالىياتقۇغا ئوخشايدۇ. بۇنىڭدىن بەش مىڭ يىللار

مۇقەددەم ياۋرو - ئاسىيا يايلاقلىرىدىن ھىندىستانغا سۈرۈلگەن ئېگىز بوي، كۆك كۆز، قاڭشارلىق ۋە بۇرۇت - ساقاللىق كەلگەن ئارىيانلار تەڭرى تاغلىرىدىن ھالقىپ بۇ سىرلىق بالىياتقۇغا ئۆز ئىزلىرىنى قالدۇرغانىدى. شۇندىن باشلاپ ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ بىر قىسىم كۆچمەنچى قەۋملەر تارىم ئويمانلىقىدىكى يەرلىك ئاھالە بىلەن ئۆز ئارا قوشۇلۇپ نىسبەتەن مۇرەككەپرەك بولغان ئىرقىي تەركىبنى، تېرىم ئېگىلىكىگە مەنسۇپ بولغان مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلدى. مىلادى IX ئەسىردىكى بۈيۈك ئۇچرىشىشتىن خېلى زامانلار ئىلگىرىلا تارىم ئويمانلىقىدىكى شەرق بۇددىزم روھىدىن تويۇنغان، ئاياللىق خاراكتېرىگە ئىگە يەرلىك مەدەنىيەت خېلى دەرىجىدە يۈكسەلگەنىدى. يەنە كېلىپ مەزكۇر مەدەنىيەت نىسبەتەن مۇقىم بولغان بوستانلىق ھاياتى داۋامىدا ئۆزىدە يۇمشاق، خۇشخۇي، زىلۋا خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن بولۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان ئەرلىك خاراكتېرىگە ئىگە كۆچتۇڭگۇر بىر مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە ئۇرۇلۇشىنى ئىستەپ كەلگەنىدى. نەتىجىدە 840 - يىلدىن كېيىنكى بۈيۈك قوشۇلۇش بۇ غايەت زور بالىياتقۇ ئىچىدىكى تۆرەلمىنى يېپيېڭى ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلدى. موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن غەربكە داۋاملاشقان بۇ ئۇزاق مۇددەتلىك كۆچۈش جەريانىدا ساقال - بۇرۇتلىرىنى قويۇق چاڭ - توزان باسقان، ئاتلىرى ھارغان، قاتتىق ھاردۇق يەتكەن ئەجدادلىرىمىز تارىم ئويمانلىقىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ سىرلىق بالىياتقۇنىڭ قويىنىدا قانغىچە ئۇخلىۋېلىشقا، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ھالسىراپ قالغان پىسخىك ئېنېرگىيىنى قايتا تولۇقلىۋېلىشقا ئىمكانىيەت تاپتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ روھىيەت چوڭقۇرلۇقىدىكى ئىچكى پىسخىك جۇغلانما يەرلىك مەدەنىيەتنىڭ سۈركۈلۈشى بىلەن رادىئاتسىيىلىنىپ، تارىم ۋادىسىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان مەدەنىيەت گۈللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ سىرلىق بالىياتقۇ ئىچكى ئاسىيادىكى بىر پىنھان زونا بولۇشقا قارىماي، شەرقتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، جەنۇبتا ھىندى مەدەنىيىتى، غەربتە ئەرەب - پارس مەدەنىيىتى ۋە يۇنان مەدەنىيىتى، شىمالدا يايلاق مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆز - ئارا ئۇچرىشىشىغا، ئۆتۈشۈشىگە، سۈركۈلۈشىگە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغان مۇھىم تۈگۈن ئىدى. شۇڭا قۇرۇقلۇقتىكى يىپەك يولىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى، IX ئەسىردىن كېيىن تامامەن ئۇيغۇرلاشقان تارىم ۋادىسىدىكى بوستانلىق مەدەنىيىتىنى يوشۇرۇن ئېنېرتسىيە بىلەن تەمىن ئەتتى. تارىم ۋادىسىدىكى بۈيۈك قوشۇلۇشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ھەر قايسى ئۇرۇق - قەۋملەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۇغۇرۇلۇشى ۋە ئۇيغۇر گەۋدىسىنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە ئۇيۇشۇشى بىلەن خاراكتېرلەندى. نەتىجىدە بۇ خىل بۈيۈك قوشۇلۇش ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ئاچتى. خۇددى ياپونىيە ئالىمى يۇتيەنخىڭ ئېيتقاندەك: «بىر مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى كۆپىنچە ھالدا شۇ مىللەتنىڭ باشقا مىللەتلەر بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە ئۇچراشقانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك»⑥. كولۇمبۇ ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىنى تاپقاندىن كېيىنكى 300 يىل مابەينىدە ئەنئەنىۋى ئاساسى بولمىغان ئامېرىكا مەدەنىيىتى نېمىشقا كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە تېز تەرەققىي قىلدى؟ تەرەپ - تەرەپتىن بۇ يېڭى قۇرۇقلۇققا ئاققان تەۋەككۈلچىلىك روھىغا باي ياۋروپا كۆچمەنلىرى قانداق قىلىپ يېڭى دۇنيادىكى «مەدەنىيەت ۋاكۇئۇمى» نى بۇزۇپ تاشلىدى؟ بىر قېتىملىق خەلقئارالىق چوڭ زىياپەت سورۇنىدا يۈز بەرگەن مۇنداق قىزىقارلىق ۋەقە بىزگە يېڭى قۇرۇقلۇقنىڭ تەرەققىيات تىلسىمىنى كۆرسىتىپ بەردى: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاشۇ قېتىملىق زىياپەتتە جۇڭگولۇقلار، روسلار، فرانسۇزلار، گېرمانلار ۋە ئىتالىيانلار بەس - بەس بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى كۆز - كۆز قىلىپ ماختىنىپتۇ. پەقەت ئامېرىكىلىقلارلا پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇپ ئېغىز ئاچماپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەقسىدىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق ۋە قايىل قىلارلىق قىلىپ ئىپادىلەش ئۈچۈن مىللىي ئالاھىدىلىكىنى، مىللىتىنىڭ ئۇزۇن تارىخىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان داڭلىق ھاراقلىرىنى چىقىرىپ بىر - بىرىگە قەدەھ تۇتۇپتۇ: جۇڭگولۇقلار پۇرىقى دىماقنى غىدىقلاپ تۇرىدىغان ماۋتەي ھارىقىنى، روسلار ۋودكىسىنى، فرانسۇزلار شامپان ھارىقىنى، ئىتالىيانلار ۋىنوسىنى، گېرمانلار ۋىسكىسىنى رومكىلىرىغا قۇيۇپ، قەدەھ كۆتۈرۈشۈپتۇ. نۆۋەت ئامېرىكىلىقلارغا كەلگەندە، ھەر خىل ھاراقلاردىن ئاز - ئازدىن قۇيۇپ، ئارىلاشتۇرۇپ، قەدەھ كۆتۈرۈپتۇ - دە: «مانا بۇ ئەجەب كوكتېيل ھارىقى. ئۇ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ‹ئۇنىۋېرساللىق - ئىجادىيەت دېمەكتۇر› دېگەن مىللىي روھىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ» دەپتۇ.

دېمەك، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، تارىخى 300 يىلغا يەتمەيدىغان ياش ئامېرىكا مەدەنىيىتى - يېڭى قۇرۇقلۇق بايقالغاندىن كېيىنكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن ئارىلاشما مەدەنىيەتتۇر. ئۇلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىپ تۇرغان پىسخىك تىندۇرمىسىدا تەۋەككۈلانە روھقا باي ياۋروپا كۆچمەنلىرىنىڭ، ياۋايى جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان قىزىل ئەتلىك ئىندىئانلارنىڭ، دېڭىز - ئوكيانلار كېچىپ، يېڭى قۇرۇقلۇققا قۇللۇققا ئېلىپ كېلىنگەن ئافرىقا نېگىرلىرىنىڭ مەدەنىيەت گېنلىرى مەۋجۇت. شۇڭلاشقا كۆپ خىل ئىرق ۋە مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشىدىن يوشۇرۇن ئېنېرگىيىگە ئېرىشكەن ئامېرىكا مەدەنىيىتى

www.uyghurkitap.com

پارتلاش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

مىلادى IX ئەسىردىكى تارىم ۋادىسىدا يۈز بەرگەن مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشىمۇ ئۆزىگە دەل شۇنداق يوشۇرۇن ئېنېرگىيىنى جوغلىغانىدى. چۆللۈكنىڭ شىمالىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گەۋدىسىگە تارىم ۋادىسىدىكى ساك، توخرى قاتارلىق ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ قەدىمكى مىللەتلەر، چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلىپ، كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە قەۋملەر، خېلى بالدۇرلا تۈركلەشكەن ئوتتۇرا ئاسىيا تىپىغا مەنسۇپ يەرلىك خەلقلەر زىچ ئۇيۇشقانىدى. نەتىجىدە تارىمدىكى بۇ بۈيۈك ئۇچرىشىش يېڭىدىن ھاياتىي كۈچكە ئېرىشكەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە نىسبەتەن مۇقىم بولغان ئىچكى ماھىيەتلىك قۇرۇلما ۋە پىسخىك جوغلانما تەقدىم قىلدى. دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن پىسخىك ئەندىزە ھامان سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ غىدىقلىشىغا نىسبەتەن يەكلەش پوزىتسىيىسىنى ئەمەس بەلكى قوبۇل قىلىش، مايىل بولۇش خاھىشىنى ئىپادە قىلىدۇ. شامان دىنى بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئالتاي مەدەنىيەت چەمبىرىكى ئىچىدە ھاياتلىق پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى قانداقلارچە شامان دۇنياسى ئىچىدە تۇرۇپ مانىي دىنىنى قوبۇل قىلالىدى؟ مىڭ يىللاردىن ئارتۇق ۋاقىت شەرق بۇددىزم روھى بىلەن تويۇنۇپ كەلگەن تارىم ۋادىسىدا ئىسلام دىنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە تېز ئومۇملىشالىدى؟ بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇددىزم مەدەنىيىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان تارىم ۋادىسىدا ئىسلامىيەتنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن كېڭىيىشىنى ئەرەب خەلىپىسىنىڭ ۋالىلداپ تۇرغان شەمشىرى ئەمەس، بەلكى بۈيۈك قوشۇلۇشتىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت پىسخىكىسىدىكى تاش مايىللىق ئەندىزە بەلگىلىگەن. چۈنكى ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى بىر بىرىگە باغلىغان يىپەك يولى ئېلىپ كەلگەن ئالەمشۇمۇل جۇغراپىيىۋى ئەۋزەللىك XI — XIII ئەسىرلەردىكى تارىم ئويمانلىقىنى «تۆت تەرەپكە قارىتىپ دېرىزىسى ئېچىۋېتىلگەن ئۆيگە، گۈللەرنىڭ رەڭ - پۇرىقىغا قارىماي شىرنە يىغىدىغان ھەسەل ھەرىسىگە» ⑦ ئايلاندۇرغانىدى. شۇڭلاشقا بۇ خىل ئىمكانىيەت ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئالتۇن دەۋرىنى ئاچتى. ئىسلام تۈسى قويۇق بولغان قاراخانىيلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن بۇددىزم روھىدىن تويۇنغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بۈيۈك قوشۇلۇشتىن كېيىنكى ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان روھىي تىندۇرما ئىچىدە ئاجايىپ گۈللىنىش مەنزىرىسىگە ئېرىشتى. ئوتتۇرا ئەسىردىن تارتىپ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامانغىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە شەكىللەنگەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت پىسخىكىسىنىڭ خېمىرتۇرۇچىنى ۋە غول تومۇرىنى دەل ئاشۇ بۈيۈك قوشۇلۇشتىن كېيىنكى جۇشقۇن روھىي تىندۇرما ھاسىل قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئىچكى تەركىبى بىلەن ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى - ئەرلىك دىن بىلەن ئاياللىق دىنىنىڭ، ياۋايى جەسۇرلۇق بىلەن خۇشخۇي تەمكىنلىكنىڭ، شىۋاق ھىدى بىلەن بازار كۈيىنىڭ، ساددا شېئىرىيەت بىلەن سوغۇققان پەلسەپىنىڭ، شۇنداقلا جاسارەت بىلەن نازاكەتنىڭ، ھېسسىيات بىلەن ئەقىلنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشىدا مەزمۇن تاپقانىدى. تارىم ئويمانلىقىدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق بالىياتقۇدا ئۇيغۇر مەدەنىيەت پىسخىكىسىنىڭ كۆپ خىل مەدەنىيەت گېنلىرىدىن رەڭ ئالغان؛ گاھ ھاياجانلىنىپ، گاھ پەسكويىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان؛ قۇرغاق ئەمما ئۆزىنى ھەر ۋاقىت سوغۇرۇپ تۇرۇشنى ئىستەيدىغان؛ ئىچكى پىنھان ئازابلارغا مەپتۇن بولۇپ ئۆتۈشتىن كۆرە سىرتقى، يىراقتىكى غايىۋى مەنزىرىلەرگە تەلپۈنىدىغان تۆرەلمىلىرى ئاستا - ئاستا يېتىلمەكتە ئىدى.

4

تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى. شاۋقۇن - سۈرەنگە تولغان، قانچىلىغان شەھەر - بازارلار تەكلىماكان باغرىغا غەرق بولدى. يىپەك يولىنى بويلاپ تىنىمسىز ئۆتۈپ تۇرىدىغان تۆگە كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرما سادالىرى قايتا ئاڭلانمايدىغان بولدى. تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى يېشىل بوستانلىقلاردا بىر مەھەل گۈللەنگەن قاراخانىيلار مەدەنىيىتى بىلەن تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئىدىقۇت مەدەنىيىتى تارىخنىڭ چاڭ - توزانلىرى ئىچىدە تارىم ئويمانلىقىنىڭ پىنھان سۈكۈتلىرىگە دەپنە قىلىۋېتىلدى. چىڭگىز قوشۇنلىرىنىڭ دەھشەتلىك ۋەھىمىسى بىلەن قارا قىتانلارنىڭ شەپقەتسىز ھۇجۇملىرى بىر مەھەل تىنچ - مۇقىم بولغان تېرىم ھاياتىغا كۆنۈككەن مىللىتىمىزنىڭ پىسخىك جوغلانمىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇپ تاشلىدى. غەربتە دېڭىز مەدەنىيىتىنىڭ قايتا گۈللىنىشى قۇرۇقلۇقتىكى يىپەك يولىنىڭ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيىتىنى بىكار قىلىپ، ئىچكى ئاسىيا رايونىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويىدى. مەركىزىي ئاسىيا چۆللۈكلىرىدە پېتىۋاتقان كەچكى قۇياشنى قوغلىشىپ، ئۇپۇق چەمبىرىكىگە قاراپ تىنىمسىز ئۇزاپ تۇرىدىغان تۆگە كارۋانلىرىنىڭ ئىزلىرى ئەمدى قايتا كۆرۈلمەيدىغان بولدى. XIII - XV ئەسىرلەردىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيارايونى باش - ئاخىرى يوق ئىچكى تەپرىقىچىلىق ۋە سىياسىي مۇقىمسىزلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالدى. ئەرەب چۆللۈكلىرىدىن خەلىپىنىڭ قىلىچى ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، ئۇچقۇر ئارغىماقلىرىغا تايىنىپ ئۈچ قىتئەگە كېڭەيگەن ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتى ئەھلى سەلىب يۈرۈشلىرىدىن كېيىن ئاستا - ئاستا

چۈشكۈنلەشتى. XI ئەسىردىن كېيىن، زەئىپلىككە يۈز تۇتقان تەقدىردىن دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالغان باغداد خەلىپىلىرى بىر زامانلاردا ئۆزلىرىنىڭ ۋىزانتىيىنىڭ ھەيۋەتلىك ئوردا - قەسىرلىرىدىكى مەخمەل دىۋانلاردا سۇنايلىنىپ يېتىپ، شەھلا كۆزلۈك رەققاسلارنىڭ ناز - كەرەشمىلىك تولغىما ئۇسسۇللىرىنى تاماشا قىلغان چاغلىرىنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى. پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان مەنىۋى چۈشكۈنلۈك تارىم ۋادىسىنىڭ روھىي تەنھالىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھەربىي كۈچىگە تايىنىپ سەئىدىيە خانلىقىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان ئافاق خوجا ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئاتالمىش «خوجا - ئىشانلىق»، «سوپىلىق» تەرغىباتلىرى ئارقىلىق مىللىتىمىز ئىدېئولوگىيىسىنى مەنىۋى مەھكۇملۇققا ئەسىر قىلدى. شۇندىن باشلاپ تارىم ۋادىسىدا گويا زۇلمەتكە ئوخشايدىغان قاباھەتلىك ئۇزۇن دەۋر ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى.

رىم پاپاسى بىلەن فېئودال كىنەزلەرنىڭ مۇدھىش ھۆكۈمرانلىقىنى سىلكىپ تاشلاپ، چېركاۋ پەلسەپىسىنىڭ سىرلىق سىرتمىقىدىن قۇتۇلۇپ چىققان ياۋروپا، يەلكەنلىك كېمىلىرى ئارقىلىق تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە يېڭى دېڭىز مەدەنىيىتى بەرپا قىلغان چاغدا، ئاسىيا تولىمۇ قېرىپ كەتكەنىدى. ئۇزاق زامانلار مابەينىدە جىمجىت، بىر خىل، شاۋقۇن - سۈرەنسىز ئاققان نىل، دەجلە - ئېفرات، ھىندى - گانگ ۋە خۇاڭخې - چاڭجياڭ دەريالىرى ئۆز ھاۋزىسىدىكى تېرىم مەدەنىيىتىنى قاتمۇ - قات لاتقا بىلەن تىندۇرۇپ تاشلىغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە كۈنسېرى ئالغا قاراپ كېتىۋاتقان ياۋروپانىڭ ئەكسىچە، ئاسىيا بارغانسېرى كەينىدە قېپ قالدى.

شۇنىسى قىزىقارلىقكى، ياۋروپا - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى نۇرغۇنلىغان چوڭ دەريالار ئوتتۇرا قىسمىدىكى قار - مۇز بىلەن قاپلانغان ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرىدىن باشلىنىپ تۆت ئەتراپتىكى تۈزلەڭلىكلەرگە قاراپ ئېقىپ، ئەڭ ئاخىرى پايانسىز دېڭىز - ئوكيانلارغا قۇيۇلىدۇ. ھالبۇكى، ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى تارىم ئويمانلىقىدا بولسا دەريا - ئېقىنلار تۆت ئەتراپنى قورشاپ تۇرغان ئېگىز تاغلاردىن باشلىنىپ، مەركەزگە قاراپ ئېقىپ، ئەڭ ئاخىرى تەكلىماكان قوينىغا سىڭىپ كېتىدۇ. دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر جاينىڭ جۇغراپىيىۋى جايلىشىشىغا ئوخشىمايدىغان بۇ خىل تەتۈر تاناسىپلىق مۇھىت بۇ ماكاندا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ۋە ھەر ۋاقىت سۇغۇرۇلۇپ تۇرۇشنى ئىستەيدىغان قۇرغاق مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى شەكىللەندۇرگەن. بولۇپمۇ بۇ رايوننى شەرق بىلەن غەربنىڭ يېڭى ئۇچۇرلىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدىغان يىپەك يولى خارابلاشقاندىن كېيىن، ناھايىتى ئۇزاققا سوزۇلغان، كىشىنى بىزار قىلىدىغان سىرلىق سۈكۈنات باستى. تەكلىماكاننى قۇچاقلاپ، چۆل جىمجىتلىقىغا ئەسىرا بولۇپ تىنچقىنە ئاقىدىغان تارىم دەرياسى ئۆز ھاۋزىسىنى چوڭقۇر لاتقىلارغا كۆمۈپ تاشلىدى. دەريا لاتقىلىرى ۋە چىرىندىلاردىن شەكىللەنگەن بوستانلىقلاردا تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ مەڭگۈ توختاپ قالمايدىغان ھۇجۇمى بىلەن ئېلىشىپ، بۇرۇختۇم ھاياتقا ئۆگەنگەن بۇ تارىملىق تېرىمچىلار قۇرغاق، ئۆلۈك توپىدا چاك - چاك يېرىلغان پۇتلىرىنى تاتىلاپ، مەدداھلارنىڭ شاللىرىنى چاچرىتىپ بىر جەڭنامىنى تەكرار - تەكرار ئېيتىشقا كۆنۈككەنىدى. نەۋائىيدىن كېيىنكى 500 يىل مابەينىدە، ئىچكى ئاسىيادىكى بۇ سىرلىق بالىياتقۇدا ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشقان يېڭى مەدەنىيەتنىڭ تۆرەلمىلىرى بىخلىيالمىدى. بۇ يەردە شەرق تېرىمچىلىرىدەك كىشىلىك مۇناسىۋەت ھەققىدىكى چىگىش ئېتىكىلىق مەسىلىلەر ۋە ئائىلە، نەسەپ ئەھكاملىرى مۇھاكىمە قىلىنمىدى؛ ھىندىستانلىقلاردەك مېتافىزىكىغا باي، پانىي ئالەمنىڭ چەكسىزلىكىگە مەھلىيا بولىدىغان ئوي - خىياللار بولۇنمىدى؛ غەربلىكلەردەك شەخسنىڭ قەدىر - قىممىتىنى، ئەقلىي يۈكسەكلىكىنى، كەسكىن ئەمەلىيەتچانلىقىنى ئۆز ئورۇنۇشلىرىنىڭ مىزانى قىلىدىغان پەلسەپە تېخىمۇ ۋۇجۇتقا كەلمىدى. بۇ يەردە پەقەت قۇم بارخانلىرىنىڭ سۈررەڭ، زېرىكەرلىك جىمجىتلىقىغا ئوخشاش چېدىغۇسىز سۈكۈنات؛ پىنھان، ئاندا - ساندا كۆرۈلۈپ قالىدىغان غۇۋا ھاياجان؛ قۇرغاق، چاڭقاق ئىستەك؛ ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىشنى ئويلىمايدىغان سەۋرسىزلىك ھۆكۈم سۈردى. تېخىمۇ توغرىسى، يېڭىدىن گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ياۋروپالىقلار مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان ئاتلانتىك ئوكياندا، تەۋەككۇلانە قەدەملىرى بىلەن شامال يۆنىلىشىگە قاراپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان كېمىلىرىنىڭ ئاپئاق يەلكەنلىرىگە يېڭى دۇنيانىڭ تارىخىنى يېزىشقا باشلىغان چاغدا، تارىم ۋادىسى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ «ۋائۇكۇم بەلبېغى» غا، كونا قۇرۇقلۇقتىكى «تەنھا ئارال» غا، يېقىنقى زامان تارىخىدىكى «ئۇنتۇلغان زونا» غا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ خىل گويا زۇلمەتكە ئوخشايدىغان مۇدھىش دەۋر تاكى XX ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرى يېتىپ كەلگىچە داۋاملاشتى.

دەرۋەقە، جۇغراپىيىلىك مۇھىت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ دەيدىغان نەزەرىيە مۇتلەق ئىلمىي نەزەرىيە ئەمەس، لېكىن جۇغراپىيىلىك جايلىشىشنىڭ بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان بىۋاسىتە تەسىرىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. چوڭ دەريا ۋادىلىرىدىكى لاتقىلاردىن شەكىللەنگەن

تۈزلەڭلىكلەردە ياشاپ كەلگەن ھىندىلار بىلەن شىمالىي ئاسىيانىڭ يەلپۈنۈپ تۇرغان پايانسىز يايلاقلىرىدا ئات ئۈستىدە ياشاپ كەلگەن موڭغۇللارنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە پەرقلىق بولغان جۇغراپىيىلىك مۇھىت بەلگىلىگەن. ياۋروپا مەرىپەتچىلىك دەۋرىدە ئۆتكەن فرانسىيە پەيلاسوپى مونتېسكيۇ گەرچە ئۆز تەلىماتلىرىدا جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ ھەل قىلغۇچ رولىنى ھەددىن كۆككە كۆتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان تەرەپلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ بەردى. قەدىمكى يۇناندا نېمە ئۈچۈن ئالەمگە مەشھۇر ئەپسانە - رىۋايەتلەر، ئادەم بەدىنىنىڭ گۈزەللىكىنى ئىپادە قىلىدىغان ھەيكەلتىراشلىق شۇنچە تېز تەرەققىي قىلدى؟ ماركس بۇنى گېرتسىيىنىڭ گۈزەل جۇغراپىيىلىك مۇھىتىغا باغلىدى: «يۇنانلىقلارنىڭ گۈزەل تەبىئىي شارائىتى - ئۇنىڭ بۇلۇتسىز كۆك ئاسمىنى، ئۇنى ئوراپ تۇرغان چەكسىز يېشىل زۇمرەت دېڭىزى ئۇلارنى گۈزەللىككە ئۈندىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلاھلىرىنىمۇ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئالىي كىشى سۈپىتىدە تەسۋىرلىدى. گېرتسىيىنى قاپلاپ تۇرغان گۈزەل، زەڭگەررەڭ ئاسماننى ئادەم قىياپىتىدىكى ‹بۈيۈك ئاتا›، دېڭىزدا لەھەڭگە مىنىپ، شىددەتلىك دولقۇنلار ئارىسىدا يۈرىدىغان زور بىر كىشى قىلىپ تەسۋىرلىسە، قۇياشنى ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچىدىغان بىر ئاقساق تۆمۈرچى قىلىپ تەسۋىرلىدى...»⑧

مەدداھ - ۋائىزلىق ئەرەب سەھرالىرىدىن تەكلىماكان گىرۋەكلىرىگىچە بولغان قۇرغاق، ھۆل - يېغىنسىز، چۆل - جەزىرىلەر بىلەن ئاندا - ساندا ئۇچراپ تۇرىدىغان بوستانلىقلار ئۆز - ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ئىچكى ئاسىيادا تەرەققىي قىلغانىدى. بۇ يەردىكى قۇياش نۇرىنىڭ تونۇردەك قىزدۇرۇشى بىلەن سۇسىز چۆللەرنىڭ ئالۋۇندەك ياللىدىشىدىن شەكىللەنگەن قۇرغاق، زېرىكەرلىك ھايات ئۇلارنى شېئىرىي تۇيغۇغا باي، ھېسسىياتچان، تىل سەنئىتى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ چاڭقىغان روھىي دۇنياسىغا تەسەللىي تېپىشقا ئۆگەتكەن. ئېھتىمال، دۇنيادا باشقا ھېچقانداق بىر مىللەت ناتىقلىقتا ئەرەبلەردەك ئۇنچىلىك چىۋەر بولمىسا كېرەك. باشقا ھەرقانداق بىر تىل ئىپادىلەش ئىقتىدارى، قاپىيە ۋە شېئىرىي تۇيغۇ جەھەتتە ئەرەب تىلىدەك كۈچلۈك بولمىسا كېرەك. ئەرەب تارىخىنى ئۇزۇن يىل تەتقىق قىلغان فىلىپ. ك. ھىتتى بۇ ھەقتە مۇنداق يازغانىدى: «دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر تىل مىللىي روھنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى ئىپادە قىلىشتا ئەرەب تىلىدەك كۈچلۈك بولمىسا كېرەك. شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىق ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى ئەرەبلەرنىڭ بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئۇلارنىڭ تىل ئىقتىدارى پەقەت شېئىرىيەت ئارقىلىقلا ئەڭ ياخشى ئىپادىلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيتتى. ئىسلام دىنى ئەرەب تىلىنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئەرەب مىللىتىنىڭ بۇ خىل پسىخىك ئۆزگىچىلىكىنى ئۆزىدە تولۇق نامايان قىلغانىدى. ئىسلام دىنىنىڭ غەلىبىسى مەلۇم مەنىدە بىر تىلنىڭ غەلىبىسى، بولۇپمۇ بىر كلاسسىك دەستۇرنىڭ غەلىبىسى ئىدى...»⑨ شۇڭا ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ بىر ماقال - تەمسىلىدە: «ئەقىل ئۈچ نەرسىگە - پەرەڭلەر (ياۋروپالىقلار) نىڭ كاللىسىغا، چىن (جۇڭگو) لۇقلارنىڭ قولىغا، ئەرەبلەرنىڭ تىلىغا مۇجەسسەملەشكەن» دەيدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپىسىنىڭ گۈللىنىشى ئەمەلىيەتتە ئەرەب تىلىنىڭ ئىپادە قۇدرىتى ئارقىلىق ئېرىشىلگەن شېئىرىي پەلسەپە ئىدى. گېگىل: «شېئىرىيەت ئېلىنى ئىزدىسەڭ ئىرانغا بار» دەپ تەرىپلىگەن ئوتتۇرا ئەسىر پارس شېئىرىيىتىمۇ مۇسۇلمان شەرقىنىڭ شېئىرىي تۇيغۇسىدا يۈكسەك پەللە ياراتقانىدى. بۈيۈك قوشۇلۇشتىن كېيىنكى مىڭ يىلدىن ئارتۇق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەمەلىيەتتە ساپ شېئىرىيەت بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئەدەبىيات ئىدى. ئەرەب سەھرالىرىنىڭ زېرىكەرلىك تۈنلىرىدە توقۇلۇپ، پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىغا كەڭ تارقالغان «مىڭ بىر كېچە» رىۋايەتلىرىنىڭ ئەڭ نەپىس، ئەڭ گۈزەل بابلىرى نېمە ئۈچۈن ئىشرەت ۋەسۋەسىلىرى گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان باغلار بىلەن شەھلا كۆزلۈك ھۆر - پەرىلەرنىڭ ناز - زىبا بىلەن تولغان تەسۋىرلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ؟ تارىم ۋادىسىدىن تاكى نىل دەرياسىغىچە بولغان ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر شېئىرىيىتىدە نېمە ئۈچۈن «يار»، «مەي»، «جانان» ۋە «گۈل» ۋەسلىگە تەشنا ئىشقىي شېئىرىيەت شۇنچە تەرەققىي قىلىدۇ؟...

شەك - شۈبھىسىزكى، ئاسىيا چۆللۈكلىرىنىڭ تونۇردەك قىزىيدىغان تومۇز كۈنلىرى بىلەن زېرىكەرلىك تۈنلىرى بۇ يەردە ياشايدىغان كىشىلەرنى ئاي يۈزلۈك ھۆر - پەرىلەرنىڭ ئىشقى - مۇھەببىتى بىلەن ئۆز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇشقا ئۈندىدى؛ قۇرغاق ئاسمىنىدا بىر قەۋەت نېپىز چاڭ - توزان ئېسىلىپ تۇرغان قايناق بازار - رەستىلەردە غىل - پال كۆرۈلۈپ قالىدىغان چۈمبەللىك قىز - چوكانلارنىڭ يوشۇرۇن رۇخسارى سۆز سەنئىتىدە چىۋەر بۇ كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى غىدىقلىدى؛ ھەيۋەتلىك سېپىل - قەسىرلەرنىڭ ھىمايىسى بىلەن سۇلتانلارنىڭ پىنھان ھەرەمخانىلىرىغا بەخشەندە قىلىۋېتىلگەن ياش كېنىزەكلەر تۇلپارغا مىنگەن سۇمباتلىق شاھزادىلەر ھەققىدە تاتلىق خىياللارغا رام بولدى... ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ

چۈشكۈنلۈككە يۈزلىنىشىدىن كېيىنكى ئۇزاق تارىخىي دەۋردە پۈتكۈل ئەرەب سەھرالىرى، ئىران چۆللۈكلىرى، ماۋرە ئۇننەھر ۋە تارىم ۋادىسى يېڭىلانماي تەكرار - تەكرار ئېيتىلىپ تۇرىدىغان ئىشقى - مۇھەببەت داستانلىرىنىڭ مەست قىلىشى بىلەن چاڭقاق - قۇرغاق ۋۇجۇدىغا تەسەللىي تېپىپ كەلدى. تەپەككۇر ئۇسۇلىدىكى بىر خىللىق، بەدىئىي تەسەۋۋۇردىكى قېلىپبازلىق، مەزمۇندىكى قۇرغاقلىق ۋە تېما - موتىفلاردىكى تەكرارلىق مۇسۇلمان شەرقىنىڭ يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ئەقلىي تەپەككۇرىدىكى چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىن كېيىن، ئىجتىمائىي پەنلەر بىلەن پەلسەپىدە يېڭى تەپەككۇرغا، تەبىئىي پەنلەردە پارتلاش خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ياۋروپالىقلارنىڭ ئەكسىچە، ئىچكى ئاسىيا دەۋردىن ئاستا - ئاستا كەينىدە قالدى.

5

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ، تارىم ۋادىسىدا مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندىن كېيىنكى مىڭ يىلدىن ئارتۇق جەريان، مىللىتىمىزنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ۋە مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئاساسلىق دەۋر ھېسابلىنىدۇ. دەرۋەقە، بۇ جەرياندا مىللىتىمىز مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئامىللار مۇرەككەپ ۋە كۆپ خىلدۇر. ھالبۇكى، بىر مىللەتنىڭ مەلۇم مەدەنىيەت مۇھىتىدا شەكىللەندۈرگەن پىسخىك جۇغلانمىسى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بىر قانچە ئامىللارنىڭ مۇھىم رول ئوينىشى، باشقا قوشۇمچە ئامىللارنىڭ مۇئەييەن تۈرتكىسى نەتىجىسىدە ئىشقا ئاشىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇيغۇر مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئاساسلىق ئامىللار نېمە؟ ئۇلار قانداق رول ئوينىغان؟

### بىرىنچى، تەكلىماكان روھى

بۇنىڭدىن بىر قانچە يىللار ئىلگىرى تەكلىماكان گىرۋىكىگە جايلاشقان بىر قايناق بازارنىڭ شەنبىلىك ھاياتىنى تاماشا قىلىۋاتقان بىر ياپونىيىلىك سەيياھ ھاياجان ئىلكىدە مۇنداق دېگەنىكەن: «شەرقىي ئاسىيانىڭ ياپپېشىل ئېكىنزارلىقلار بىلەن تولغان مۇنبەت زېمىنىدا، ئۈستىدە ئاقۇش تۇمانلار لەيلەپ تۇرغان گىرىمسەن تاغ - دەريالىرىغا قاراپ مۇقىم، پىنھان تېرىم ھاياتى كەچۈرۈپ كەلگەن خەلقلەر ئۆزلىرىدە مۇلايىم، سەۋرچان، ئاياللىق نازاكەتكە باي ھۆل خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن؛ لېكىن ئىچكى ئاسىيانىڭ تەبىئىي مۇھىتى بۇنىڭغا تۈپتىن ئوخشىمايدىكەن. بۇ يەرنىڭ مۇھىتى قۇرغاق، تاغلىرى قاقاس، قۇملۇقلىرى پايانسىز بولۇپ، بۇ ھال يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئوچۇق - يورۇق، قىزىققان، ئەرلىك جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان قۇرغاق خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن بولۇشى مۇمكىن...»

بىزنىڭچە، ياپونىيىلىك بۇ سەيياھنىڭ يۇقىرىقى تەھلىلى ئاددىي بىر سېلىشتۇرما بولمىسا كېرەك، ئەلۋەتتە. چۈنكى ئۇزۇن تارىختىن بۇيان بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز تەكلىماكان چۆللۈكىدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق بالىياتقۇنى قۇچاقلاپ ياشاپ كەلگەنىدى. بۇ سىرلىق بالىياتقۇغا مىللىتىمىز ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن تالاي سەرگۈزەشتىلەر - خۇشاللىقمۇ، ئازابمۇ، ۋەھىمىمۇ، گۈزەللىكمۇ يوشۇرۇنغانىدى. تەكلىماكان ئۇلار ئۈچۈن بىر «مېھرىبان ئانا» ئىدى، ئۇلار ئۇنى ئۇلۇغلايتتى، ئۇ توغرىلىق گۈزەل رىۋايەتلەرنى توقۇيتتى. ئۇنىڭ باغرىغا كۆمۈلگەن قەدىمىي شەھەرلەردىن بەزى - بەزىدە ئاڭلىنىپ قالىدىغان مۇڭلۇق ناخشا سادالىرىدىن، توخۇلارنىڭ چىللاشلىرىدىن، تۇلپارلارنىڭ كىشنەشلىرىدىن، تۆگە كارۋانلىرىنىڭ قولدۇرما ئاۋازلىرىدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتى. قەلبىدە مۇھەببەت ئويغانغان يىگىت - قىزلار گويا ئۇلۇغ ئانىنىڭ ئەمچەكلىرىگە ئوخشايدىغان سانجاق - سانجاق قۇم بارخانلىرىنىڭ ئۈستىدە ئوڭدىسىغا يېتىۋېلىپ، تولۇن ئاينىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى كۈتەتتى... دەرۋەقە، «چۆل - ئۇلارنىڭ ۋەتىنى، ئانىسى، كۆڭۈل خوشى ئىدى. شۇڭا چۆلنىڭ گۈزەللىكىنى پەقەت چۆل پەرزەنتلىرىلا بىلىدۇ...»⑩. يەنە بىر تەرەپتىن تەكلىماكان ئۇلار ئۈچۈن قورقۇنۇچلۇق سىر ئىدى. ئۇنىڭ گويا ئۇخلاپ ياتقان زور شىردەك ھەيۋەتلىك جىسمىغا جىمىكى رەھىمسىزلىك، ۋەھىمە، مەڭگۈ تويمايدىغان ئاچكۆزلۈك يوشۇرۇنغانىدى. ئۇ قورقۇنۇچلۇق گۈركىرەپ نەرە تارتسا بىر كېچىدىلا قايناق شەھەرلەرنى، كىمخاپتەك بوستانلىقلارنى يۇتۇپ كېتەتتى. تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بوستانلىق مەدەنىيىتى ئەمەلىيەتتە تەكلىماكان بىلەن بولغان نەچچە مىڭ يىللىق جاپالىق كۈرەش جەريانىدا شەكىللەنگەنىدى. ئۆز مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا «چۆل ئادەملىرىنىڭ مىجەزىمۇ سۇسىز جەزىرىلەردە كۆكلەپ تۇرغان ئاشۇ تىكەنلىك ئوتلارنىڭ تەبىئىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. راھەتلىك باغلار، شەھەرنىڭ سالقىن سارايلىرىدا يىللاپ ئاپتاپ كۆرمىگەن لەشتەك ئاق چىرايلارنى بۇ يەردە ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. چۆل ئادەملىرىنىڭ چىرايى قۇياشتا چاقناپ مىستەك پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ رەڭگىمۇ ئۆڭۈپ ئاشۇ قۇملارنىڭ رەڭگىگە ئوخشاپ قالغان؛ قۇياشنىڭ ئوتتەك قىزىق تەپتى، ئۈزۈلمەي چىقىپ تۇرغان چۆل شامالىرى جاھىللىق، قوپاللىق، مەردانىلىك، سادىقلىقتەك خىسلەتلەرنى ئۇلارنىڭ قان - قېنىغا

www.uyghurkitap.com

سىڭدۈرۈۋەتكەن. . . شۇنداق، بۇ يەردە تەبىئەت ھېچ بىر ھاياتلىقنى پەپىلىمەيدۇ؛ ھەممە نېمە ئۆزىنىڭ قايتماس، ئىگىلمەس روھىغا تايىنىپلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ! . . . » ⑪. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر روھى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقى ئوتتۇرىسىدا بىر خىل يوشۇرۇن ئىچكى مۇناسىۋەت شەكىللەنگەن. بىز بۇ خىل روھىي باغلىنىشنى مەتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر»، خالىدە ئىسرائىلنىڭ «قۇملۇقنىڭ چۈشى»، ئەختەم ئۆمەرنىڭ «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل»، مۇھەممەت باغراشنىڭ «جەزىرە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىن ئېنىقمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. دېمەك، مىللىتىمىز خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىدە ۋە ئىچكى پسىخىك جۇغلانمىسىنىڭ تەركىبىدە تەكلىماكاندىن ئىبارەت بۇ سىرلىق جەزىرىنىڭ قۇرغاق، ئىنسان بىلەن تەبىئەتتىن تاشقىرى بىر ئىلاھىي كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئۆز ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەقسىتى قىلىدىغان مەنىۋى ھالەت ئۆز ئىزلىرىنى چوڭقۇر قالدۇرغان.

## ئىككىنچى، دېھقان مىللەتكە خاس مەنىۋى تىندۇرما

قايسىدۇر بىر پەيلاسوپ: «دېھقىنى بار مىللەت يوقالمايدۇ» دەپتىكەن. دەرۋەقە، نىسبەتەن مۇقىم بولغان تېرىم ھاياتى داۋامىدا دېھقانلار شۇ مىللەتنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ساقلىغۇچى ۋە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرغۇچى گەۋدە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۆز نېسىۋىسىنى ئۆز يېرىنىڭ ھوسۇلىدىن ئېلىپ، «يەر - ئالتۇن قوزۇق» دېگەن ئەقىدىگە قاتتىق ئېسىلىپ ياشايدىغان دېھقانلارنىڭ ۋۇجۇدىدا، سۇ - ئوت مەنبەلىرىنى قوغلىشىپ، تىنىمسىز كۆچۈپ يۈرىدىغان چارۋىچىلارغا قارىغاندا جاھىل، مۇقىم، ئېغىر - بېسىق، ئەنئەنە - ئۆدۈملىرىنى ئۈزۈپ قويۇشنى خالىمايدىغان، ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىپ ياشايدىغان خاراكتېر ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلەيتتى. بىز تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى بوستانلىقلاردا تېرىكچىلىك قىلىۋاتقانلارنىڭ يېقىنقى بەش ئەسىردىن بۇيان دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە ئۇششاق تىجارەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان تەبىئىي ئىگىلىك مۇھىتىدا بىر خىلدا ياشاپ كەلگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. سۈيى ئىنتايىن كەمچىل، ئىقلىمى قۇرغاق، ھەر ۋاقىت قۇم بورانلىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرىدىغان بۇ جەزىرىدە پەقەت ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئەمگەكچان قولى ئارقىلىقلا ھاياتلىق ئېھتىياجىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان يېشىل بوستانلىقلار ھاسىل بولغانىدى. پەقەت دېھقانلا بۇ ناچار مۇھىتقا بەرداشلىق بېرىپ ئۇن - تىنسىز ياشاشقا ئادەتلەنگەنىدى. شۇڭا ئۇلۇك توپىلىق يولدا، كەتمىنىنى مۈرىسىگە ئېلىپ، چاك - چاك يېرىلغان يالىڭاياق پۇتلىرىدا توپا توزىتىپ كېتىۋاتقان تارىملىق بوۋاينىڭ ياشاڭغىرىغان كۆزلىرى بىلەن چاڭگا ساقاللىرىدا ۋۇجۇدىغا تىنىپ كەتكەن بىر چوڭقۇرلۇق، يىراق ئۆتمۈشكە تۇتۇشۇپ كەتكەن بىر كەيپىيات ئەكس ئېتىدۇ. دېمەك، قۇرۇم ۋە تەگرى تاغلىرىدىن تارىم ئويمانلىقىغا قاراپ ئاققان نۇرغۇنلىغان دەريا - تارماقلارنىڭ لاتقىلىرىدىن شەكىللەنگەن بوستانلىقلاردا مىللىتىمىزنىڭ مۇقىم تېرىم ھاياتىغا كۆچكەندىن بۇيانقى دېھقان مىللەتكە خاس روھىي تىندۇرمىسى يوشۇرۇنغانىدى. بۇ تىندۇرمىدا جاھاندىن خالىي بېكىنمە كەيپىيات، قېرىلىققا خاس ئېھتىياتچان پوزىتسىيە، ئۇزۇن مەزگىللىك بىر خىللىقتىن شەكىللەنگەن بۇرۇختۇملۇق، سۇررەڭ قۇملۇقلارغا ئەسىر بولغان سۈكۈنات بار ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىر خىلدا بوزىرىپ ياتىدىغان تەكلىماكان چۆلىگە ئوخشاش ئىدى. ئۇ قاغجىرايتتى ئەمما ئىندىمەيتتى؛ يىراقلارغا تەلپۈنەتتى ئەمما ئۆزگەرمەيتتى. . . مىللىتىمىز تەكلىماكان چۆلىنىڭ ئۇزۇن ھەم زېرىكەرلىك تۈنلىرى بىلەن ئاتەش ئاپتاپلىرىنى دېھقانغا خاس سەۋرچان جىسمىغا سىڭدۈرۈپ يىراق تارىخنى بوگۈنگە ئۇلىدى. ئەگەر بىر مىللەتنىڭ دېھقانلىرى مەۋجۇتلا بولىدىكەن شۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى تىندۇرمىسىدىكى ماھىيەتلىك ئېنېرگىيە مەڭگۈ ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەتنىڭ دېھقانلىرى سىرتقى مەدەنىيەتنىڭ غىدىقلىشى ۋە رادىئاتسىيىلىشىگە ئۆز ۋۇجۇدىدىكى جاھىللىقى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىككى مەدەنىيەتنىڭ ئۇچرىشىشىدىن كېلىپ چىققان تەڭپۇڭسىزلىقنى تىنچلاندۇرىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ئۆزبېكلەر سىر ۋە ئامۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى بوستانلىقلار بىلەن پەرغانە ئويمانلىقىدىكى مۇنبەت ۋادىدا دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىپ ياشاپ كەلگەن تېرىمچى خەلق ئىدى. قازاق - قىرغىزلار بولسا دەشتى قىپچاق دالىلىرى بىلەن ئىسسىقكۆل ئەتراپىدىكى يايلاقلاردا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن چوڭ ئۆزگىرىشكە يۈز تۇتقان ئوتتۇرا ئاسىيا ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ بولۇپمۇ رۇس مەدەنىيىتىنىڭ قاتتىق رادىئاتسىيىسىگە دۇچ كەلدى. بۇ خىل مۇرەسسەسىز مەدەنىيەت رادىئاتسىيىسى تاكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغانغا قەدەر 70 يىل داۋاملاشتى. نەتىجىدە يايلاق ھاياتىدىن بىۋاسىتە شەھەرلەشكەن قازاق - قىرغىزلار ئۆزلىرىدىن كۆپ دەرىجىدە كۈچلۈك بولغان رۇس مەدەنىيىتىنىڭ رادىئاتسىيىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي «ئىمپورت - ئېكسپورت» تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن 80 - يىللارنىڭ

ئاخىرىغا كەلگەندە مىللىي تىل جىددىي كىرىزىسقا ئۇچراپ، مەدەنىيەتتە كەڭ كۆلەمدە رۇسلىشىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. ھەتتا رۇس تىلىنى ئانا تىل ھېسابلايدىغانلارنىڭ سانى كۈنساناپ كۆپەيدى. مۇستەقىللىق جاكارلاشتىن ئىلگىرىكى قىرغىزىستان پايتەختى بىشكەك (فرونزې) تە قىرغىز تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر ئوتتۇرا مەكتەپمۇ تاقىلىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنىدى...

لېكىن ئۆزبېكىستاننىڭ ئەھۋالى باشقىچە ئىدى. ئۆزبېكلەرمۇ ئوخشاشلا رۇس مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك رادىئاتسىيىسىگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەسلىدىنلا مۇئەييەن ئەنئەنىۋى ئاساسقا ئىگە شەھەر ۋە تېرىم مەدەنىيىتى بولغاچقا، رۇس مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك ئېقىمىغا قارشى ئىنكاس قايتۇرالىدى شۇنداقلا سىرتقى مەدەنىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشتىكى تەڭپۇڭلۇقنى يوقۇتۇپ قويمىدى. بۈگۈندىكى سىر دەل ئۆزبېكلەرنىڭ ئەنئەنىۋى شەھەر مەدەنىيىتى ۋە مىللىي پىسخىك جۇغلانمىغا باي تېرىم مىللىتى بولغانلىقىدىندۇر. تېخىمۇ توغرىسى ئۆزىگە جاھىل، قېرىلارچە ئېغىر - بېسىق خاراكتېر يېتىلدۈرگەن، كولخوز - قىشلاقلىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنى پاختا بىلەن تەمىنلىگەن ئۆزبېك دېھقانلىرىنىڭ بولغانلىقىدىندۇر.

دېمەك، دېھقان مىللەتكە خاس ئاسان ئۆزگەرمەيدىغان، جاھىل، سىغدۇرۇشچان روھىي تىندۇرما مىللىتىمىز مەدەنىيەت پىسخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەن مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

**ئۈچىنچى، كۆپ قېتىملىق ئېتىقاد كىرىزىسىدىن كېلىپ چىققان «قايتىدىن قۇرۇش» پىسخىكىسى**

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چەتئەللەر بىلەن بولغان بېرىش - كېلىشنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۈرۈمچى قاتارلىق بىر قىسىم چوڭ شەھەرلەردە يوشۇرۇنچە چېركاۋلارنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدىغان، روژدېستۋا بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشكە قاتناشقانلىقىدىن ھاياجانغا چۆمىدىغان، «ئىنجىل» تەرجىمىلىرىنى تارقىتىشقا ئۇرۇنىۋاتقان، بويىنىغا «كرست» شەكىللىك ئالتۇنرەڭ مېدالىيون ئېسىۋالىدىغان بىر قىسىم ياشلار پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ ھال كىشىگە مىللىتىمىز يەنە بىر قېتىملىق ئېتىقاد كىرىزىسىنىڭ يوشۇرۇن خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتامدۇ قانداق دېگەن ۋەھىمىنى سېلىپ، ئادەمنىڭ توۋا دېگۈسىنى كەلتۈرىدۇ. شۇنداق، توۋا دەيمىز، ئەمدى بولدى، بەس! مىللىتىمىز ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن بىر قانچە قېتىملىق ئېتىقاد كىرىزىسى بىزگە ئاز بولمىغان تارىخىي ساۋاقلارنى قالدۇرۇپ كەتتى.

مىلادى VII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا گۈللەنگەن دەۋرىگە كىرگەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدا لوياڭدىن چىققان تۆت نەپەر مانى دىنى راھىبلىرى يۇقىرى قاتلام ئىچىدە ھەدەپ دىن تارقاتتى. نەتىجىدە ئۇزاق ئۆتمەيلا خانلىق تەۋەسىدە مانى دىنى ئەۋج ئېلىپ، شىمالىي ئاسىيانىڭ جەڭگىۋار يايلاق ھاياتىغا ماسلاشقان شامان دىنى قاتتىق خىرىسقا دۇچ كەلدى. شامانىزم ئېتىقادىدىن مانى دىنىغا كۆچۈش پۈتكۈل مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئىلگىرىكى ھەممە نەرسىلەرنى ئىنكار قىلىپ، قايتىدىن قۇرۇشتەك مەنىۋى ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ، مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى تۇنجى قېتىملىق كىرىزىسنى پەيدا قىلدى. «مانى دىنى ئۆز تەلىماتلىرىدا جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈشنى قەتئىي مەنئىي قىلاتتى. بۇ ھال يايلاق مۇھىتىدا ئۆزىدە ياۋايى جەسۇرلۇق ۋە كۈچتۈڭگۈرلۈك يېتىلدۈرگەن مىللىي روھ بىلەن سىغىشالمايتتى، چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ماسلىشالمايتتى»[12]. ئەمەلىيەتتە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 840 - يىلدىكى زور ھالاكىتىدە ئاشۇ قېتىمقى ئېتىقاد كىرىزىسىنىڭمۇ مۇئەييەن تەسىرلىرى بار ئىدى.

ئۇيغۇرلار كەڭ كۆلەمدە غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، موڭغۇل ئېگىزلىكىدىن ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئالغاچ كەلگەن شامان ۋە مانى دىنلىرىنى تاشلاپ، تارىم ۋادىسىدا زور گۈللىنىشكە ئېرىشكەن بۇددىزم ئېتىقادى ۋە مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. نەتىجىدە يەنە بىر قېتىملىق ئېتىقاد كىرىزىسى يۈز بېرىپ، مىللەتنىڭ روھىيەت دۇنياسىدا «قايتا قۇرۇش» يەنە باشلاندى. چۈنكى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەن مەزگىللەردە تارىم ۋادىسىدا بۇددىزم ئاللىقاچان مىڭ يىلغا يېقىن تارىخقا ئىگە بولۇپ قالغانىدى. تارىم ۋادىسىدا چوڭ قوشۇلۇشتىن كېيىنكى «قايتا قۇرۇش» تاكى X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى بىر نۇرلۇق سەھەردە ئاتۇش دىيارىدىكى بىر غاردا تۇنجى ئەزان ئاۋازى ياڭرىغانغا قەدەر داۋاملاشتى. مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان مىللىتىمىز روھىي ماھىيىتىنى سۇغۇرۇپ كەلگەن بۇددىزم ئەقىدىسى ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشقان يېڭى بىر دىنىنىڭ كۈچلۈك خىرىسىغا دۇچ كەلگەنىدى. بۇددىزم ئەقىدىسىدىن ئىسلامىيەتكە كۆچۈش — مىللىتىمىز تارىخىدا كۆلىمى ئەڭ زور، پوزىتسىيىسى ئەڭ كەسكىن، تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولغان بىر قېتىملىق «قايتا قۇرۇش» ھەرىكىتى بولدى. ئىسلام دىنى بىرخۇدالىق دىن بولغاچقا ئەقىدىدىكى مۇتلەق كەسكىنلىكنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنداقلا ئۆزىدىن باشقا ھەر قانداق ئېتىقادنى ئىنكار قىلاتتى. قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىنىڭ ئىسلاملىشىشى تارىم ۋادىسىدىكى بۇددىزم مەدەنىيىتىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. بۇ قېتىمقى

«قايتا قۇرۇش» تاكى XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇمۇل رايونى تامامەن ئىسلاملاشقانغا قەدەر، بەش ئەسىردىن ئۇزاقراق ۋاقىت جەريانىدا ئېلىپ بېرىلدى. بۇ جەرياندا بۇددىزم مەدەنىيىتىدى-نى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھەر قانداق نەرسە مۇرەسسەسىز رەۋىشتە ئىنكار قىلىنىپ، خارابىگە ئايلانغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ئۈستىگە يېپيېڭى ئىسلام مەدەنىيىتى تىكلەپ چىقىلدى. دەرۋەقە، ھەر قانداق بىر دىن ئۆزىدىن ئاۋۋالقى دىنلارنىڭ تەسىرىنى تامامەن يوق قىلىۋېتىشكە قادىر ئەمەس. بەلكى ئىلگىرىكى دىنلارنىڭ بىر قىسىم مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ تاشلايدۇ. دىن بىر خىل ئېتىقاد تۈسىنى ئالغان ئاڭ فورماتسىيىسىگە مەنسۇپ نەرسە بولسىمۇ، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا تارىخىمىزدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن قېتىملىق ئېتىقاد كىرىزىسى ۋە «قايتا قۇرۇش» ھەرىكىتى ئەمەلىيەتتە مەلۇم جەھەتتىن بىر خىل مەدەنىيەت كىرىزىسى ۋە «مەدەنىيەتتىكى قايتا قۇرۇش» ھەرىكىتىدۇر. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىللىتىمىز ھەر قېتىملىق ئېتىقاد ئالماشتۇرۇشقا دۇچ كەلگەندە، ئىلگىرىكى ھەممە سەرگۈزەشتىلىرىنى - ئۆتمۈشىنى، مەدەنىيىتىنى، تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى بىراقلا ئىرغىتىپ تاشلىۋېتىپ، نۆلدىن باشلىنىدىغان يېڭى دۇنيانى تىكلەشكە ئۇرۇنىدىغان «قايتا قۇرۇش» پىسخىكىسىنى تەكرارلاپ تۇردى. شۇڭا مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى بۇ خىل ھالەتنى گويا تەكلىماكان باغرىدىكى بىر كېچىدە قۇم ئاستىغا غايىب بولىدىغان، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر يېڭى بوستانلىقنى قايتىدىن بەرپا قىلىشقا باشلايدىغان «قايتا قۇرۇش» روھىغا ئوخشىتىش مۇمكىن.

ئۇيغۇرلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ تارىخىي قىسمەتلىرىنى سېلىشتۇرساق نۇرغۇن ئوخشاشلىقلارنى بايقايمىز. ھەر ئىككى مىللەت ئوخشاشلا چۆل - جەزىرىدە بوستانلىق يارىتىپ ئاۋۇغان؛ تارىخىي خاراكتېرلىك چوڭ كۆچۈشلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن (ئۇيغۇرلار ئورخۇن ۋادىسىدىن تارىم ئويمانلىقىغا كۆچكەن بولسا، يەھۇدىيلارنىڭ ئەجدادلىرى مىسىردىن كەنئانغا، قەدىمكى بابىلدىن ئېرۇسالىمغا كۆچكەن)؛ ھەر ئىككى مىللەت تارىختىن بۇيان، تىجارەتنى ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ بىرى قىلغان شۇنداقلا باشقا مىللەتلەردە كەم ئۇچرايدىغان سودا ئېڭىنى يېتىلدۈرگەن. ئۇنداقتا، بۈگۈنكى دۇنيادا يەھۇدىيلار قانداق قىلىپ ئەڭ ئىلغار مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى؟ ئاللىقاچان ئۆلگەن ئىبراي تىلىنى، قاتتىق خىرىسقا دۇچ كەلگەن مىللىي مەدەنىيىتىنى نېمە ئۈچۈن تىرىلدۈرەلىدى؟

ئەمەلىيەتتە، يەھۇدىيلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تالاي قېتىملىق ھايات - ماماتلىق تارىخىي قىسمەتلەر بىزنىڭكىدىنمۇ ئېغىر بولغانىدى. ئۇلار نەچچە مىڭ يىللىق سەرسان - سەرگەردانلىق، ۋەتەنسىزلىك، خورلۇق ۋە ھالاكەتلىك تەقدىر ئىچىدە ياشاۋېتىپ: «مەن مەندۇرمەن، مەندىن ئاۋۋال يەھۇدىيمەن» دېگەن ماقالىنىڭ مەنىسىنى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلىدى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا قومدەك تارقىلىپ كەتكەن يەھۇدىي كۆچمەنلىرى ھەر خىل دىن، ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ كۈچلۈك خىرىسىغا ئۆزىگە يەھۇدىي دىنىنىڭ روھى ئارقىلىق جۇغلانغان مىللىي مەدەنىيەت تىندۇرمىسى ئارقىلىق تاقابىل تۇردى. سىرتقى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىجابىي تەسىرلىرىنى يەھۇدىي دىنى ئارقىلىق داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىغا قوبۇل قىلدى. ئېھتىمال، دۇنيادا تارىختىن بۇيان دىنىي ئېتىقادىنى ئىزچىل ئۆزگەرتمەي كەلگەن مىللەت پەقەت يەھۇدىيلار بولسا كېرەك. ناتسىستلارنىڭ جازا لاگېرىدا ياۋروپادىكى ئوخشىمىغان ئەللەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئۆسكەن يەھۇدىي تۇتقۇنلىرىنىڭ ناھايىتى تېزلا ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە كۈرەش قىلالىشى يەھۇدىي مىللىتىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۇستەھكەم مىللىي روھنىڭ سەۋەبىدىن بولغان.

لېكىن بىزدىكى كۆپ قېتىملىق ئېتىقاد ئالماشتۇرۇشلاردىن كېلىپ چىققان «قايتىدىن قۇرۇش»، «تۈنۈگۈننى ئۇنتۇپ بۈگۈننى يارىتىش» پىسخىكىسى مىللىتىمىزنىڭ ئاسان قىزىپ تېز سوۋۇيدىغان، ئۇزۇكلۈك ئىچىدە چاقناشنى ئىستەيدىغان، تىنىمسىز تەۋرىنىپ تۇرىدىغان خاراكتېرىنى بەلگىلەپ قويدى. مىللىتىمىزنىڭ شامان، مانى، بۇددىزم، زارا ئاستىر، نېستورىيان ۋە ئىسلام قاتارلىق دىنلارنىڭ ھەممىسىگە بىر قېتىمدىن ئېتىقاد قىلىپ باققانلىقى، تالاي قېتىم يېزىق ئالماشتۇرغانلىقى، ئۆز تىلىدا نۇرغۇن تىللارنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى ساقلىغانلىقىدەك تارىخىي پاكىتلار ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ، كۆپ قىرلىق خاراكتېرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## تۆتىنچى، ئارىلاشما مەدەنىيەت ئەندىزىسى ۋە غىدىقلىنىشنى شەرت قىلىدىغان روھىي قۇرۇلما

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى تارىم ئويمانلىقى، ئىلى ۋادىسى ۋە تۇرپان - قۇمۇل ئويمانلىقلىرىدىكى يېشىل بوستانلىقلارنى مەركەز قىلغان تېرىم مەدەنىيىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل مەدەنىيەت شەرقنىڭ چوڭ دەريا ۋادىلىرىنى ئاساس قىلغان، ئەنئەنىگە ھېرىسمەن، ئىچ مايىللىقى كۈچلۈك، بېكىنمە ھالەتتىكى تېرىم مەدەنىيىتىگە تۈپتىن

ئوخشمايتتى. تارىم مەدەنىيىتىنىڭ ئىچكى تىندۇرمىسىدا يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ جاسارىتى بىلەن تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ جاھىللىقىدىن يۇغۇرۇلغان، يىپەك يولى ئارقىلىق شەرق ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرىدىن ھەر خىل رەڭ - پۇراق ئالغان ئارىلاشما ئەندىزە مۇھىم ئورۇننى تۇتقانىدى. بوستانلىقلارنى ياراتقۇچى دېھقانلار مۆتىدىل بەلباغنىڭ تېرىمچىلىرىدەك ھۆل -يېغىن مول، ئىقلىمى ئىللىق، تەبىئەتكە تايىنىپ كۈن كۆچۈرىدىغان مۇقىم، زىلزىلىلەردىن خالىي شارائىتقا ئىگە ئەمەس ئىدى. تەبىئەت ئۇلارنى پەپىلىمەيتتى. بەلكى ئۇلار تەبىئەتنى – پايانسىز قۇملۇقلارنى، سۇسىز چۆللەرنى، قۇرغاق ئىقلىمنى پەپىلەيتتى. شۇڭا بۇ يەردىكى تېرىم مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە دېھقان مىللەتنىڭ قۇرغاق روھى ئاسىيانىڭ مۆتىدىل رايونلىرىدىكى تېرىمچىلارنىڭ ھۆل، يېپىشاڭغۇ خاراكتېرىگە ئوخشمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تارىم ئويمانلىقى ئىچكى ئاسىيا رايونىدىكى بىر چوڭقۇر بالىياتقۇ بولۇشقا قارىماي يىپەك يولى ئېلىپ كەلگەن جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ ئۆز ۋۇجۇدىنى كۆپ خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ خورۇچلىرى بىلەن تىندۇرغانىدى. شۇڭا مىللىتىمىز مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك خاراكتېرى ئىچكى يېپىشاڭغۇلۇقتىن كۆرە سىرتقا ئىنتىلىشچانلىق ۋە تاش مايىللىقتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپاتتى؛ سىرتقى غىدىقلىنىشنى ئۆز گۈللىنىشىنىڭ پىلتىسى ۋە ئالدىنقى شەرتى قىلاتتى. X V ئەسىرگە كەلگەندە كونا قۇرۇقلۇقتىكى يىپەك يولىنىڭ ئالتۇن دەۋرى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتى. يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى قېرىپ، تىنىپ كەتكەن ئاسىيانى دەۋرنىڭ كەينىگە تاشلاپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى گويا زۇلمەتكە ئوخشايدىغان 500 يىل داۋامىدا «ئۇنتۇلغان زونا»غا ئايلانغان تارىم ۋادىسى ھېچقانداق بىر يېڭى مەدەنىيەتنىڭ غىدىقلىشىغا، ھېچقانداق بىر تاشقى تەسىرنىڭ زەرەتلىشىگە ئۇچرىمىدى. ھەر خىل گۈللەرنىڭ رەڭ - پۇراقلىرىدىن بەھىر ئېلىپ كۆنگەن ۋە ئۆز كۆڭلىنى ياشارتىپ ئۆگەنگەن بۇ «بۈيۈك ئاتا» ئاستا - ئاستا بەللىرى مۈكچەيگەن، ساقاللىرى چاڭگىلاشقان، ۋۇجۇدى قېرىغان بىر بوۋايغا ئايلاندى. . . نەۋائىيدىن كېيىن 500 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان مەدەنىيىتىمىزدىكى «ۋائۇكۇملۇق» ئەمەلىيەتتە ئىچكى جەھەتتىكى روھىي مەھكۇملۇق بىلەن تاشقى جەھەتتىكى تەنھا يىتىملىكنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

دېمەك، بىر مەھەل گۈللىنىشكە ئېرىشكەن، ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۆز ئارا يۇغۇرۇلۇشىدىن كۆزلەرنى قاماشتۇرغان تارىمدىكى ئارىلاشما مەدەنىيەت ئەندىزىسى يېقىنقى زامانغا كەلگەندە بېكىك، تەنھا مۇھىتتا قاغجىرىغان تەكلىماكان چۆلىنىڭ سۈكۈتلىرىدەك چوڭقۇر لاتقىلارغا تىنىپ كەتكەنىدى. مەشھۇر تارىخچى ھىتتى ئۆزىنىڭ «ئەرەب تارىخى » ناملىق كىتابىدا: «پۇرسەت تاپسىلا باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتى ئارقىلىق ئۆزىنى سۇغۇرۇپ تۇرۇش قۇملۇق خەلقلىرىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر قانچە يۈز يىللىق ئىچكى مەنىۋى جۇغلانمىسى مۇئەييەن غىدىقلىنىشقا ئۇچرىغان ھامان، گويا تۇيۇقسىزلا ئويغانغاندەك ھەممە يەرنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ تاشلايدۇ. . . » ⑬ دەپ يازغانىدى.

دەرۋەقە، تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ قۇم تېگىدە ئۇزاققىچە بېسىلىپ ياتتى. ئۇسسۇزلۇق ئازابىدىن تاڭلايلىرى چاك - چاك يېرىلدى. تىندۇرمىدىكى لاتقىلار چىرىدى. . . پەقەت X X ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرى مۇدھىش تۈنلەرنىڭ پەردىسىنى قايرىغان چاغدىلا، بالىياتقۇدا تولىمۇ ئۇزاق يېتىپ تۇنجۇقۇپ قالاي دەپ قالغان بۇ تۆرەلمە يېڭى ھاۋادىن ئاز - تولا نەپەس ئېلىشقا باشلىدى. . .

## ئىزاھلار

① ، ② گېگىل: «ئېستېتىكا» ، 3 - جىلد، 2 - توم، 131، 108 - بەتلەر، سودا نەشرىياتى، 1986 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

③ يې شۇشيەن: «قەھرىمان ۋە قۇياش» ، 28 - بەت، شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 1991 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

④ ماكبىندې: «تارىخنىڭ جۇغراپىيىۋى بەلباغلىرى» ، 46 - بەت، سودا نەشرىياتى، 1985 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

⑤ ياۋ باۋشۈەن: «دۇنيا ئېپوسلىرىنىڭ مەدەنىيەت جۇغراپىيىسىدىكى بەلبېغى» - «جىنياڭ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1990 - يىللىق 5 - سان.

⑥ يۇتيەنخېڭ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» ، 211 - بەت.

⑦ «ئويلىنىش ئىچىدە ئىلگىرىلەش» - «تارىم» ژۇرنىلى، 1988 - يىللىق 11 - سان.

⑧ ماركس، ئېنگېلس: «سەنئەت توغرىسىدا» ، 1 - توم، 270 - بەت، موسكۋا، رۇسچە نەشرى.

⑨ فىلىپ ھىتتى: «ئەرەبلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، 33 -، 34 -، 35 - بەتلەر، سودا نەشرىياتى، 1973 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

⑩ مەمتىمىن ھوشۇر: «قۇم باسقان شەھەر» ، 287 - بەت، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996 - يىل نەشرى.

⑪ يۇقىرىقى كىتاب، 288 - بەت.

⑫ توختى مۇزئارت: «ئۇيغۇر تارىخ مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات» ، 131 - ، 132 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1995 - يىل خەنزۇچە نەشرى.

⑬ فىلىپ، ھىتتى: «ئەرەبلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، 26 - بەت.

---

ئاپتور: جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى.



# بىزگە مەمتىلى ئەپەندىدەك ئوغلانلار كېرەك

داۋۇت ئوبۇلقاسىم

يالقۇن روزىنىڭ «شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى» نىڭ 1996 - يىل 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان «مەمتىلى ئەپەندىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدىكى «مۇنداق بىر ئۇلۇغ مائارىپچىنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىك شېئىرلىرى ۋە كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئىش - پائالىيەتلىرى مىللىي ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلسە ئەجدادلار ئۈچۈنمۇ، ئەۋلادلار ئۈچۈنمۇ خاسىيەتلىك ئىش بولاتتى. . . ئۇنىڭ سۈرىتى ۋە شېئىرى قوشۇپ ئىشلەنگەن تام رەسىمنى نەشر قىلىپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىمىزنىڭ سىنىپ، ئىشخانىلىرىغا ئېسىپ قويساق بالىلارغا تەربىيۋى ئەھمىيىتى تېخىمۇ ياخشى بولاتتى» دېگەن مۇراجىئەت مەندە بىر خىل تەقەززالىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلغانىدى. بۇ خىل تۇيغۇ بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «شائىر ۋە پەيغەمبەر» ناملىق ماقالىدىكى شائىر توغرىسىدىكى قاراشلارنى ئەقلىنىڭ ھۆكمىگە تاپشۇردى. تېرەن خىياللارغا پاتتىم، كەسكىن سوئاللارغا دۇچ كەلدىم. بىزگە زادى قانداق ئادەملەر كېرەك؟

بالىلارنىڭ تۈگىمەس ئويۇنلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى: سەن ئاپا بول، مەن دادا بولاي، بۇ بالىمىز بولسۇن، ئۆي تۇتۇپ ئوينايلى. سەن دۈشمەن بول، مەن ھەربىي بولاي، سوقۇش قىلىپ ئوينايلى. . . پاڭ . . . پاڭ. . . ئۆلمەمسەن؟ تەگمىدى. . .

ئەجىبا، چوڭلار نېمىشقا مۇشۇنداق خىيالغا كەلگەنلىكى ئويۇنلارنى ئوينايدىغان پەيتتە: ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟ مۆرەيدىغان كالا بارمۇ؟ دەپ ۋارقىراپلا ئۆز ئويۇنلىرىنى ھېچقانداق توسالغۇسىزلا باشلىيالمايدۇ؟

چۈنكى، چوڭلار تۇيغۇسىنى قەدىرلەشتىن ئەقلىنى قەدىرلەشكە، مۇنداقچە ئېيتقاندا خىيالغا نېمە كەچسە شۇنى قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئوي - خىياللىرىنى دەڭسەپ، «يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىش» كە ئادەتلەنگەن.

شۇ تاپتا ھېسسىيات - تۇيغۇ دەيدىغان ئۇقۇملار گادىرماچ پېتى كاللامدا تۇرۇۋېتتۇ. بۇ يەردە ئۇنى ئايرىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق بولسا كېرەك. دېمەكچى بولغىنىم ھازىرقى نەزىرىمىزدىكى شائىر ئاشۇ بالىلارغا ئوخشايتتى. دەر ھەقىقەت، پەيغەمبەرنىڭ روھىي جەھەتتىن يۆلەنگۈدەك خۇداسى بولغان بىلەن، شائىرنىڭ ئۆز تۇيغۇسىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق. بىراق ئاشۇنىڭلىق بىلەن ئۇ تېخىمۇ بۈيۈكمۇ؟

ئەسلىدىم، نۇرغۇن ئىشلارنى ئەسلىدىم، يوھان كرىستوفنىڭ دوستىنىڭ ئايالىنى ئاشنا ئوينىغانلىقىنى ئەسلىدىم. قايسىدۇر بىر شائىرنىڭ بىراۋنىڭ چىرايلىق خوتۇنىنى ئارقىسىغا سىلىۋالغانلىقىدىن ئەر بولغۇچىنىڭ خوتۇنىنى ئۆزىگە باغلاپ پارتلاپ ئۆلۈۋالغانلىقىنى ئەسلىدىم.

بىز مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يوق ئاشۇنداق

ئادەملەرگە موھتاجمۇ؟

يەنە ئويلاندىم. ئەدناسى ئاتالمىش بۈيۈك شېئىرلارنى يازغانلارنىڭ قولىغا كەتمەن تۇتقۇزۇپ، ئېتىزغا ئۇچ - تۆت كۈن چىقىپ باقە، دېگىلى بولارمۇ؟ ئىككى - تۆت تەڭگە پۇلنى تۇتقۇزۇپ سودا قىلىپ باق دېگىلى بولارمۇ؟ ئۇلاردا قايسىدۇر بىر سودىنى قىلغۇدەك تەۋەككۇلچىلىك - چىدام بارمىدۇ؟

قىزىق يېرى، مەن ئۇلاردىن مۇشۇنداق گۇمانلارنى قىلمىغىنىمۇ، ئۇلارنى شېئىر يازالايدۇ، دەپ ئىشىنىدىكەنمەن. شېئىر بىر روھ سۈپىتىدە بۈيۈك بىر سەلتەنەت بولىدىغان بولسا، مۇشۇنچىلىك زور ئىشنى قاملاشتۇرالىغان ئادەمگە كىرەك بولىدىغان پەزىلەت، ساپا ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە تۆۋەن تۇرىدىغان ئىشنى قاملاشتۇرۇشقا ئەجەب يەتمەيدىكىنا؟!

شېئىر، شېئىر. ئەمدى بىلدىم، كۆز ئالدىمغا مەسچىتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ئولتۇرۇپ «ئەلھەمدۇلىللا» دەپ زىكرى قىلىۋاتقان ئىمجان بوۋايلار كەلدى. ھەقىقىي نەرسىنى دورالىغان، ئادەتلەنگەن، مەجبۇرلانغان قىلىقلاردىن ئەمەس، بەلكى ئۆزى مۇستەقىل قىلغان ئىشلاردىن ئىزدەش كېرەك. مەن مۇشۇنداق كۆز بىلەن بايىقى «مۆمىنلەر» گە نەزەر سېلىپ نىمە دېيىشنى بىلمەي قالغانىدىم. ئايان بولدىكى، شېئىر ھازىر بىز چۈشىنىۋاتقاندەك بولىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھاياتى ھەقىقەتەنمۇ بىر شېئىركەن. توغرا، شائىرلار شېئىرنى ئۆز تىلى بىلەن يازغان بولسا، ئۇلار ئۆز قەدەملىرى، چىرايلىرى، كىيىم - كېچەكلىرى، مېڭىش - تۇرۇشلىرى بىلەن يېزىپتۇ. بۇرۇن ئۇلارنى مەسچىتكە جەننەتنىڭ تاماسىدا، دوزاخنىڭ قورقۇنچىدا ۋە ياكى ئادەت كۈچى بىلەن كىرىدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. بىلدىم، بۇ ئاشۇ شېئىرنىڭ بىر مىسراسىكەن. راست ئىكەن، «شائىر ۋە پەيغەمبەر» نىڭ ئاپتورى خاتالاشماپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن يۈلەنگۈدەك خۇداسى يوق ئىكەن. شۇڭا، ئابدۇقادىر داموللامنى پاتقۇزماپتۇ. شۇڭا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ئاتايىتەن ئېشەكلىك ئۇرۇمچىگە ئېرىپ شىبىڭ شەسەيگە چېقىپتۇ. بىر يۇرتنىڭ ئالىي ئەھلى ئىلىملىرى بولغان موللا - ئاخۇنلار «قۇرئان» تۇتۇپ، سالاچىلىق قىلىپ تۆمۈر خەلىپىنى ياڭ زېڭشىنغا سولاپ بېرىپتۇ. شۇڭا، تالاي - تالاي ئادەملەر قەدەمدە بىر پۇتلىشىپ تۇرۇۋاتقان ياخشىلىق - ساۋابلارنى كۆرمەي، جەننەتنىڭ پاسپورتىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن خۇداغا «ئارقا ئىشىك» قىلىپ ھەجگە كېتىۋېتىپتۇ. ھەج قىلىش ئۈچۈن ھەج قىلىۋېتىپتۇ. شېئىر يېزىش ئۈچۈن شېئىر يېزىۋېتىپتۇ...

مەن تۈگىمەس - پۈتمەس شېئىرلارنىڭ ئىچىدە قالدىم. راست، پاراس - پۇرۇس قىلىپ ئېتىلىۋاتقان قەرت ئاۋازىنى رېتىم قىلىپ تورۇۋاتقان سورۇن نېمىشقا شېئىر ئەمەسكەن؟ 500 روھنى يىغىۋالغان بەدبۇي مەرىكە زالى نېمىشقا شېئىر ئەمەسكەن؟ يالغۇز يەردە شومشىيىپ، ئادەم بار يەردە ئىدىيىشىپ يۈرگەن قىزلىرىمىزنىڭ ھاياتى نېمىشقا شېئىر ئەمەسكەن؟ ئەتىگىنى قوپۇپ، كەچتە ئۇخلاپ يۈرگەن ھارارەتسىز روھ نېمىشقا شېئىر ئەمەسكەن؟ بىزنىڭ بۇ، شېئىرلارنى پەقەت سۆزلەر بىلەن قەلەمز يۈزىدە ئىپادە قىلىپ بېرەلمىگەنلا يېرىمىز بارغۇ؟! ئاله شەرىڭنى، بىزدە شائىر دېگەن نېمىدېگەن تولا! توۋا، ئاشۇنداق لامزەللە، بىكار تەلەپ، گۇپپاڭچى، تۇتامسىز، ئەپتان، سۆلەتۋاز، چالا كۆرەڭ، غىتمەك، يالاقچى، غورۇرسىز، پۇرسەتپەرەس، ئالاجوقا، ياسالما، بىلىمسىز، كۆتى بوشلار نېمىدېگەن تولا!؟ پەيغەمبەرلەردىنمۇ «ئۇلۇغ» ئادەملەر نېمىدېگەن تولا؟

ياق، مەنچە ئۇ شېئىر ئەمەس! ئۇ شېئىر يېزىش ئۈچۈن شېئىر يازىدىغانلارنىڭ نەزەرىدىكى شېئىر، خالاس!

ئۇنداقتا شېئىر دېگەن قانداق بولىدۇ؟

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى «كۆرگۈلۈكنى كۆرگۈلۈك، يائابدۇخالىق ئۆلگۈلۈك، ئىككىنىڭ بىرىگە تۇرماق ھەر جانغا بولسۇن شۇ خىتاب» دەپ چۇقان سالمىغان، ھەم زۇلۇم، ھەم زالالەتكە قارشى قورال قارشى تۇرۇش يولىغا ئاتلانمىغان بولسا؛ مەمتىلى ئەپەندى «ئويغان خەلقىم يۇرتۇڭنى سەن قۇتۇلدۇر، مەكتەپ بىلەن چىراغ ياققىن نۇر تولدۇر، پۈتسۇن ئەمدى زۇلمەت دەۋرى ئىستىبدات، قارا كۈندىن - شۇم تەقدىردىن بول ئازاد» دەپ خىتاب قىلمىغان ھەم ئۆزى باشلامچى بولۇپ يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قوزغىمىغان بولسا؛ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىندەك پېشىۋالىرىمىز «مەن شېئىر يازىدىغان ئادەم» دەپ تۇرۇۋېلىپ، تارىخ دېڭىزىدىن جاۋاھىرات يىغىشقا سەل قارىغان بولسا؛ ئاكا - ئۇكا مۇسابايوپلار مەكتەپ سالغان پۇللىرىنى دەۋرداشلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە 10 - 20 يېتىمگە ياكى 50 - 60 قازانلىق نەزىرگە ئاتىۋەتكەن بولسا، قانداق بولار ئىدى؟

. . . . . . . . . .

شۇنداق، ھەقىقىي شېئىر يوقاپ كەتسە، جاھان ئاشۇنداق زۇلمەت بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا دۇنيادا ئۆز ئىچىدىن چىققان ئوغلانلار بىلەن پەخىرلەنمەيدىغان ھېچ ئەل يوق.

*　　　*　　　*

مىلادى 1 - ئەسىرگە كەلگەندە، كۆتۈرۈلۈش باسقۇچىغا كىرگەن خىرىستىئان دىنى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ قىرغاقلىرىدا گۈللىنىش ئىمكانىيىتىنى تاپقان بولسىمۇ، لېكىن غەربنىڭ يۇنان مەدەنىيىتى ئارقىلىق ئېرىشكەن بۇرۇنقى كامالىتىنى قايتا تىكلىيەلمىدى. بەلكى ئەخلاقىي

قۇللۇق بىلەن خارەكتېرلىنىدىغان ئۇزاق بىر تۇرغۇنلۇق دەۋرى ھۆكۈم سۈردى. سىستېمىلىق دىن ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدىغان ئىلمىي مەرىپەت تولۇق ئورۇندالمىدى. مىلادى 631 - يىلىغا كەلگەندە بۇ دىنىي مەرىپەت پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىلىكى بىلەن قايتىدىن ھاياتىي كۈچىنى تاپتى. مۇسۇلمانلارنىڭ مىجەز تاكامۇللۇقى ئۇلارنىڭ دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدىكى مۆتىۋەرلىك ئورنىنى بەلگىلىدى. مىلادى 7 - ئەسىردىن 9 - ئەسىرگىچە بولغان جەريان ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ تەرجىمە پائالىيىتى كەڭ قانات يايدى ۋە يۇنان مەدەنىيىتى زور كۆلەمدە قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلام ئىدىيولوگىيىسى چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى ۋە سىستېمىلاشتۇرۇلدى. ھەم بۇ سىستېمىغا لوگىكا بىلەن مەنتىقە شۇنچىلىك يۇغۇرۇلۇپ كەتتىكى، ئىنسانىيەت ئېتىقاد تارىخىدا مۇنداق چوڭقۇر ئېتىقاد نەزەرىيىسى بولۇپ باقمىغانىدى. ئىسلام ئەدلىيىسى بولسا گېئومېترىيىلىك دەلىللەش، كېسىم قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە ۋايىغا يەتتى. مۇشۇنداق زور مۇكەممەل ئىلمىي سىستېمىلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، رېئاللىق، ھېسسىيات، ئەقىل، ھەقىقەت ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەرنىڭ كۈنسايىن تاكامۇللىشىشى، دىن، ئەدلىيە، ھۆكۈمەتلەر بىر گەۋدە قىلىنغان بىرلىكنىڭ شەكىللىنىشى مۇسۇلمانلارنىڭ پىكىر چوڭقۇرلۇقىنى زور ئەۋزەللىككە ئىگە قىلدى. شۇنداق قىلىپ خىرىستىئان ۋە ئىسلام دۇنياسىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى لاگېر ئىچىدە مۇسۇلمانلارنىڭ غالىبلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ دەۋران سۈرمىكى ھەممىگە ئايان بولغان تارىخىي مۇقەررەرلىك بولۇپ قالدى. نۇرغۇن زېمىنلىرىنىلا ئەمەس، مۇقەددەس جايلىرىنىمۇ مۇسۇلمانلارغا تارتقۇزۇپ قويغان خىرىستىئانلار غەزەپ - نەپرەتكە كېلىپ، يەتتە - سەككىز قېتىم ئەھلى سەلىب تەشكىللەپ مۇسۇلمانلارغا جازا يۈرۈشى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلامىيەت تىكلىگەن ئالەمشۇمۇل سەلتەنەتنى بىراقلا تارتىۋېلىشقا قۇربى يەتمىدى. خەيرىيەت، 12 - ئەسىردە ئۆتكەن تارىخ - يىلنامە پىرى ۋىلىيام مۇنداق ئازابلىق خاتىرىلەرنى يازدى: «دۇنيا ئادىل بۆلۈنمەپتىكەن، ئۇنىڭدىكى ئۈچ بۆلەكنىڭ بىرى بولغان ئاسىيانى دىنىي دۈشمىنىمىز ۋەتەن قىلىپ ياتماقتا. ئاسىيا شۇنداق بىر بۆلەككى، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇنى باشقا ئىككى بۆلەكنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ دېمەكچى ھەقلىقتۇر. بۇرۇن بىزنىڭ دىنىمىزمۇ دەل ئاشۇ جايدىن چوڭەك تارتىپ كەپتىكەن، ئىككىيلەندىن باشقا بارلىق ساھابىلەر ئاشۇ زېمىندا ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئەمما ھازىر ئاسىيادىكى بەزى جايلاردا خىرىستىئان مۇرىتلىرى بار بولىدىغانلا بولسا، ئۇلار يەرگە مەجبۇرىي باغلىنىپ تىرىكچىلىك قىلىشىدۇ. ئۆز دۈشمىنىگە باج تاپشۇرىدۇ. كۆڭلىدە يارىدىمىزگە ئېرىشىشنى ئۈمىلسىمۇ يەنىلا غىڭ قىلالماي ياشايدۇ. دۇنيانىڭ ئىككىنچى بۆلىكى ئافرىقىمۇ شۇنداق. دىنىي دۈشمەنلىرىمىز ئۇرۇش بىلەن ئۇنى بېسىپ ياتقىنىغا 200 يىلدىن ئاشتى. بۇ، خىرىستىئان دۇنياسىغا قاتتىق ھاقارەت. چۈنكى ئافرىقا دىن پېشىۋالىرىمىزغا ئاش - نان بەرگەن جاي. ئۈچىنچى بۆلەك، دۇنيادىكى قالدى - قاتتى زېمىن، يەنى ياۋروپا. بىز خىرىستىئانلار ياۋروپانىڭ پەقەت بىر بۆلۈكىدىلا ياشايمىز. . . دۇنيانىڭ بۇ بۆلۈكى گەرچە بىزگە خاس بولسىمۇ، ئەمما ھازىرمۇ تۈرك چەۋەندازلارغا، ئامالسىز خوش - خوش دەپ ياشىماقتىمىز» ①. خۇددى بۇ خاتىرىلەردە يېزىلغىنىدەك خىرىستىئان ياۋروپاسى ئۈمىدسىزلىككە، كەمسىنىشكە پاتتى.

«ئاچچىق ئاۋۋال، ئەقىل كېيىن» دېگەندەك، ئۇلار غالجىرلاشقاندا ئىسپانىيە مۇسۇلمانلىرىغا قارشى پەيدا قىلغان قانلىق پاجىئەلىرى ئۈستىدە بارا - بارا كېيىنچە سالقىنقانلىق بىلەن قايتا ئويلىنىشقا باشلىدى ۋە ئۇ پاجىئەلەردىن ئاخىرى قولىنى يىغدى، مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئۆزلىرى ئويلىغىنىدەك ۋەھشىي بولمىشىدىن گۇمانلاندى. تەسەۋۋۇردىكى مۇسۇلمانلارنى ئەمەس، ئەمەلىيەتتىكى مۇسۇلمانلارنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئاستا - ئاستا ئىسلام ھەقىقىتىنى چۈشىنىشكە باشلاپ نۇرغۇن خىرىستىئان مۇرىتى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. بەزىلىرى مەدەنىيەت جەھەتتە مۇسۇلمان بولسىمۇ، لېكىن بەرىبىر تەۋرەنمەس خىرىستىئان مۇرىتى بولۇپ قېلىۋەردى. «باش ئېپىسكوپ رايموند تولودا تەرجىمە ئىدارىسى قۇردى. 1135 - يىلىدىن 1284 - يىلىغىچە بولغان 150 يىل ئىچىدە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى بايلىقى ئىتالىيان تىلىغا تەرجىمە قىلىندى②. ئىسپانىيە بۇ جەھەتتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. نۇرغۇن خىرىستىئانلار ئىسپانىيىدىكى مۇسۇلمانلار قۇرغان ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇدى. كوردۇۋا، سۋىلىيە قاتارلىق شەھەرلەر ئەينى ۋاقىتتىكى ياۋروپانىڭ مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى.

ياۋروپالىقلار مۇشۇنداق قازاندا قايناپ ئاخىرى ئىنساننىڭ مۇھىملىقىنى كۆرۈپ يەتتى. پەلسەپىسىدىكى ئاجىزلىقنى تونۇدى. مەيلى ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ سەركىسى دانتېنىڭ ئەسەرلىرىدە بولسۇن ۋە ياكى مەدەنىيىتى ئىسلام بولسىمۇ، ئەمما خىرىستىئانلىقىدىن تەۋرەنمىگەنلەرنىڭ ئىسپانىيىدىكى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئىنقىلابىدا بولسۇن، ھەممىسىدە ئاشۇ ئىنسانپەرۋەرلىك روھى ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. ئىنساننىڭ ھەر قانداق شەكىلدىكى، شۇئاردىكى دەپسەندە بولۇشىغا ئۆكتە قوپىدىغان غورۇر باش كۆتۈردى. بۇ، قالاقراق دىندا تۇرۇپ ئىلغار دىنغا ئۆكتە قوپقاندا چېلىقىدىغان مۇقەررەر نەتىجە

www.uyghurkitap.com

ئىدى.

يۇناڭ ئەكسىچە دەل شۇ مەزگىللەردە مۇسۇلمانلار بىر چاغلاردا خرىستىيانلارنى ئەخلاقىي قۇللۇقتا چۈشۈپ قويغان ھېلىقى بويۇنتۇرۇقتا ئۆزى چۈشتى. گەرچە ئىسلام پىقىھ ئىلمى يۈكسەك لوگىكا ئۇسۇلىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ تەپەككۇر شەكلى نوقۇل پىقىھ ئىلمىگىلا خاس بولۇپ قالدى. «جەمئىيەت تەۋارىخ» نىڭ ئاپتورى راشىدىددىننىڭ (1318 - 1247) چىڭگىزخاندەك ئاپەتنىڭ ئاز ئەسكىرى بىلەن كۆپ ئەسكەر ئۈستىدىن غالىب كېلىشىنى «گەرچە چىڭگىزخان ياش، ئەسكىرى ئاز بولسىمۇ، ئەمما. . . ئاللا چىڭگىزخاننىڭ سەلتەنەت سۈرۈشىنى، جاھانگىر بولۇشىنى ئىرادە قىلغان. شۇنداق تۇرسا كىممۇ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلىسۇن؟» دەپ شەرھىيلىگىنىدەك پىكىر قىلىش مودا بولدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ پېشانىسىگە ناكەسلىك پۈتۈلۈشكە باشلىدى.

دەل مۇشۇنداق ھالەت باش كۆتۈرگەندە بىز ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلدۇق.

تۈركلەرنىڭ مەدەنىيىتى ساغلاملىقتا ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى قۇللۇق مىتىلىرى يېمىگەن بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللىق تەبىئىيلىك، بىلەكلەرگە يىغقان كۈچ، روھقا يىغقان ساپ قۇۋۋەت بىلەن ئىمان - ئىسلام ئۈچۈن ئاتلاندى. يېڭى قان بولۇش سۈپىتى بىلەن دەسلەپ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىچىدىكى كۈرەشكە قاتناشتى. تۈرك مەدەنىيىتى ئەزەلدىن بار ئەۋزەللىك بىلەن ئىسلام روھىغا يۇغۇرۇلۇپ ئاجايىپ ھاياتىي كۈچ پەيدا قىلدى. 14 - ئەسىردىن باشلاپ ئۇلار ئىسلام دۇنياسىدىكى رەھبەرلىك ئورنىغا چىقتى ھەمدە ياۋروپانىڭ دولقۇنىنى توستى. ياۋروپا بۇ تەبىئىي كۈچتۈڭگۈر توساق ئالدىدا يەنىلا ئاجىز كەلدى. ئىنسانپەرۋەرلىك روھى پەيدا قىلغان روھىي كۈچتۈڭگۈرلۈك بەرىبىر تۈركلەردىن ھالقىپ كېتەلمىدى. ئىچكى قىسىمدا پاش قىلىش، نارازىلىق، ۋايساش، ئېچىنىش چوڭقۇرلاشتى. بىراق، بۇزۇلغان ماشىنىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋېلىپ نېمىشقا ياساپ ماڭماپتۇ؟ مۇشۇنداقمۇ شۇپۇرلۇق قىلغان بارمۇ؟! مەن نېمىدېگەن شور پېشانە دەپ يىغلاپ - قاقشاپ يۈرگەن بىلەن، ماشىنا گۈررىدە ئوت ئېلىپ مېڭىپ كەتمەيدۇ - دە!

شۇنداق قىلىپ، ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى باشلىنىپ، ئىنسانپەرۋەرلىك روھى جەمئىيەت رەستىلىرىدە رەسمىي تارقىلىپ، ماشىنا ئوت ئالغان پېتى 200 يىلغىچە تۇرۇۋەردى. تالاي - تالاي پاش قىلىش، سۆكۈش پائالىيەتلىرى بولدى. نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەر يېزىلدى. گۇمان بارغانسېرى ئۇلغىيىپ باردى. غەزەپ - نەپرەت تاشتى. ئاشۇ غەزەپلەر ئاخىرى چىقمايدىغان ئىنقىلابلارغىمۇ ئانچە - مۇنچە سەۋەب بولۇپ تۇردى. بەس! ئاخىرى بالاغەتلىك ئادەملەر چىقتى.

ئۇلار دەسلەپ سىياسىي ھوقۇق بىلەن دىنىي ئايرىشنى رەسمىي تەشەببۇس قىلدى. كېيىن تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئەدلىيە ۋە مائارىپنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتى. خەلقنى تەربىيىلەيلى، مائارىپنى تۈزەيلى، دەپ كېسىم قىلدى. ئىتالىيىدىن ۋىدگرىئۇس (1420 - 1349)، بازىنوزا (1431 - 1370)، گورنىد (1460 - 1374)، گوللاندىيىدىن ۋىسسىل (1489 - 1420)، ئەنگلىيىدىن لىلىي (1529-1466)، كولت (1519 - 1467)، لىراسموس (1536 - 1469)، فرانسىيىدىن بودى (1540 - 1467) قاتارلىق مائارىپ ئىسلاھاتچىلىرى، پەرۋىشچىلىرى چىقتى. «1423 - يىلى ۋىنتودىنى ئىتالىيىدىكى مانتۇۋادا تۇنجى قېتىم ئىنسانپەرۋەرلىك قىممەت قارىشى بويىچە تەشكىللەنگەن 60 كىشىلىك يېڭىچە مەكتەپ ئاچتى»③. 1463 - يىلى گوللاندىيىدە «ئاۋام تۇرمۇشىنى باراۋەرلەشتۈرۈش قېرىنداشلار جەمئىيىتى» قۇرۇلۇپ زور كۆلەملىك يېڭى مائارىپ ئەمەلىيىتىنى باشلىدى. لېكىن يېڭى مائارىپ روھى بىلەن 1200 يىللىق ئېتىقاد بىر-بىرىگە ئانچە خۇشتار ئەمەس ئىدى. شۇڭا بۇ ئەينى دەۋردە مائارىپ تەرەققىياتىغا زور توسالغۇ بولدى. 1520 - يىلى مارتىن لۇتېر «رىم پاپاسى»، «خرىستىيانلارنىڭ ئەركىنلىكى» قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ، ئىنسانپەرۋەرلىك روھ بىلەن دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ باردى. مەكتەپ ۋە مائارىپ ئىسلاھاتىغا داغدام يول ئاچتى. شىمالىي ياۋروپا خەلقى ئۇنىڭ بۇ ئىسلاھاتىنى قوللىدى ۋە ئىستىقبالغا يۈزلەندى.

ئامېرىكىلىق مەشھۇر تارىخ ئالىمى د. گىبھايت «ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئەڭ تىلغا ئېلىشقا، مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغىنى ھەرگىز بىر - بىرىدىن ھەشەمەتلىك ئاشۇ چېركاۋلار، شېئىرلار ۋە مەدرىس پەلسەپىلىرى ئەمەس، بەلكى تارىختىن بۇيان ئەمدى كۆرۈلۈشكە باشلىغان ئاشۇ مۇرەككەپ مەدەنىيەت. بۇ مەدەنىيەت جان - جەھلى بىلەن ئىشلىگەن قول ياكى مېھنەتكەشنىڭ قولىدا پۈتكەن ئەمەس بەلكى ئادەم كۈچىنى ئىشلەتمەيدىغان مەنبەئىي كۈچ ئاساسىغا قۇرۇلغان» ④ دەيدۇ. 1092 - يىلى 200 يىلدىن ئارتۇق مۇسۇلمانلار قولىدا تۇرغان ستسىلىيە ئارىلى قولدىن كەتتى. 1221 - يىلى ئىسپانىيە قولدىن كەتتى. ئۇ يەرلەردە مۇسۇلمانلار قۇرغان ئۇنىۋېرسىتېت، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ، كەسپىي مەكتەپلەر ناھايىتى تولا ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ پېتى ئىسپانىيىدە قالدى. ئۇلار يەنە شامال تۈگمىنى، سۇكۇچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ماشىنىلار ۋە كېمىسازلىق تېخنىكىسىغا ۋارىسلىق قىلدى. ئىنسانپەرۋەرلىك روھ بۇ خوجايىنلارغا يېڭى ھاياتىي مۇھىت ئاتا قىلغاچقا، 15 - ئەسىرگە كەلگەندە ئىسپانىيە ۋە پورتۇگالىيىلىكلەر ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر

www.uyghurkitap.com

بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئادەتتىكى كېمىلەرنىڭ يۈك كۆتۈرۈشچانلىقى بىر - ئىككى ھەسسە ئاشتى، چوڭ كېمىلەرنىڭ يۈك كۆتۈرۈشچانلىقى 800 - 600 توننىغا يەتتى. ھۈنەر - سەنئەت ياۋروپاغا مۇشۇلارنىڭ تەسىرى بىلەن تارالدى.

كېمىسازلىق سانائىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە تەپەككۇرنىڭ يېتىلىشى سودىغا يېڭى ئىمكانىيەت ئېلىپ كەلدى. بۇرۇنقىدەك دەسمايىنى، سودا قىلىش ھوقۇقىنى يەككە - يېگانە تۇتۇپ سودا قىلىشنىڭ تېگى كۆرۈنۈپ قالدى. سودىگەرلەر شېرىكلىشىپ سودا قىلىش يولىغا مېڭىپ، بارا - بارا تەشكىلىي تۈزۈم ۋە كوللېكتىپنىڭ كۈچىنى كۆرىدىغان، سودا پائالىيىتى نەسلى - نەسەبكە قاراپ باشقۇرغۇچى قويۇشتىن ئىقتىدارىغا قاراپ باشقۇرغۇچى قويىدىغان سودا تېخنىكىسىنى تاپتى. مەبلەغ - بايلىقنى توپلاپ باشقۇرىدىغان بانكا سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، سودىغا كەڭ ئىمكانىيەت بەردى. خرىستىئان دىنىنىڭ «ئۆسۈم ئېلىش ھارام» دەيدىغان پەتىۋاسىنى ئاشكارا چۆرۈۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ياۋروپانىڭ سودا ساھەسى زور رىقابەت كۈچىگە ئىگە بولدى. سودا يولى بىلەن بايلىقنىڭ قەيەرگە ئاقىدىغانلىقى ئېنىق بولدى. ئېچىنارلىقى شۇكى، بىز تا ھازىرغىچە ئاشۇ باشلانغۇچ تېخنىكىلارنىمۇ تۈزۈك قوللىنالمايۋاتىمىز.

روسلار ئەسلى قاشاق خەلقلەر بولۇپ، تاتار تۈركلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. 1598 - يىلدىن ئىلگىرى ئۇلار غەربتە ئوب دەرياسىدىن شەرقتە فىنلاندىيىگىچە، شىمالدا مۇز ئوكياندىن جەنۇبتا قازان - ۋولگاگراد سىزىقىغىچە بولغان جايلارغا ماكانلاشقانىدى. ئۇلار چىڭگىزخان دەۋرىدىن تارتىپ تاكى 1500 - يىلغىچە تاتارلارنىڭ زۇلمىنى، دەردىنى يەتكىچە تارتتى. ياۋروپانىڭ ئويغىنىشى ئۇلارنىڭ دىنىي قېرىندىشى بولغان بۇ قەۋمگە يەتتى. ئۇلاردىن مىلتىق - زەمبىرەكلەرنى ئەكىردى، تەرەققىياتنى ئەكىردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار 1552 - يىلى قازان خانلىقىنى يوقاتتى. 1556 - يىلى ئاستراخان خانلىقىنى يوقاتتى ۋە تەبىئىيلا تاتارلارنى بۇ زېمىندىن قوغلىدى. جاھاندا يېڭىش - يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ. تاتار تۈركلىرى بۇ تالاپەتتىن كېيىن تىنىمسىز قوزغىلىپ تاجاۋۇزچىلار بىلەن ئۇرۇشتى. روسلار بۇ جەرياندا ئۈزلۈكسىز چېنىقتى ۋە يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلدى. ئاقىۋەت 1571 - يىلى موسكۋاغا غالىبلارچە باستۇرۇپ كىرگەن تاتارلار 1591 - يىلدىن كېيىن ھەر قانچە قىلىپمۇ موسكۋانىڭ ئالدىدىكى دەريادىن ئۆتەلمەس بولۇپ قالدى. تاتارلارنىڭ ئۇرۇش مەزگىلىدە قېمىز، قورت - ئېرىمچىكلار بىلەن غىزالىنىپ چاقماق تېزلىكىدە جەڭ قىلالايدىغان ئالاھىدىلىكى، روسلار يېتىلدۈرگەن ئىقتىدار ئالدىدا ئاجىز كېلىپ قالدى. بۇ چاغدا تۈركىيىمۇ ئاۋستىرىيە - ۋېنگىرىيە بىرلەشمە قوشۇنى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتاتتى. ئۇلار 1596 - يىلى 25 - ئۆكتەبىردە رەسمىي مەيدانغا چۈشتى. ئىككىلا تەرەپ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. ئۇرۇش داۋاملىشىۋەردى. ئاقىۋەت 1606 - يىلى «زىتۋا - تۈرك شەرتنامىسى» ئىمزالاندى. تۈركىيە ئۆزىگە ئۇلپان تاپشۇرۇۋاتقىلى 100 يىل بولغان ئاۋستىرىيىنىڭ باراۋەرلىك ئورنىنى تۇنجى قېتىم ئېتىراپ قىلدى. بۇ، كۈچ تەڭپۇڭلۇقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن ياۋروپا يەنە تەرەققىي قىلدى. ئىنسانپەرۋەرلىك ئىلاھىيەتچىلىكنىڭ بىلىش ۋەھىي ئارقىلىق بولىدۇ دەيدىغان ھۆكۈمىگە بىلىش، كۆزىتىش ۋە تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ، دەپ قاراپ زور تۈزىتىش كىرگۈزدى. تۆرلۈك دىنىي گۇمان، «بانكا ئۆسۈمى ھارام» دېگەندەك پەتىۋالارنىڭ چەتكە قېقىلىش ساۋاقلىرى، نەچچە يۈز يىللىق تەرەققىيات خۇشاللىقى بىرلىشىپ، «پەقەت ۋە پەقەت غەربتىلا ئىلىم - پەن جەمئىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. يەنى پەقەت غەربتىلا پەيلاسوپ، ئالىم ۋە ئۇستىكار بىر گەۋدىگە ئايلاندى»⑤. ئەمەلىيەت، تەجرىبە، پرىنسىپنىڭ بىر گەۋدىسى ئېتىبارغا ئېرىشتى. بوياقچى بوياقتىكى خىمىيىلىك پرىنسىپلارغا پەرۋاسىزلا قاراپ، بوياش بىلەنلا بولىدىغان، بىناكار قۇرۇلۇشتىكى مېخانىك پرىنسىپلارغا پەرۋاسىز قاراپ، تامچىلىق بىلەنلا بولىدىغان، سەركەردە ئۇرۇش پرىنسىپلىرىغا پەرۋاسىز قاراپ، ئۇرۇشۇش بىلەنلا بولىدىغان جەمئىيەت گۇماندا قالدى.

بۇنداق جەمئىيەتنىڭ تەلتۆكۈس ناكەسلىك دەپ ھۆكۈم قىلىنىشىغا مۇنداق ئىشلار سەۋەب بولدى: 1500 - يىللىرى كىشىلەر تېخىمۇ توغرا كالېندارنىڭ بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. پولشالىق ئالىم كوپېرنىك بۇ ھەقتە ئۇزاق ئىزدەندى. ئۇ، ئۇلۇغ تۈرك ئاسترونومىيە ئالىمى ئۇلۇغبېك توپلىغان سان - سېفىرلار ئاساسىدا يەنىمۇ ئىزدىنىپ، ئاخىرى «پلانېتلارنىڭ ھەرىكىتى ھەققىدە» دېگەن مەشھۇر ئەسەرنى يېزىپ چىقتى. بۇ، پەننىڭ خرىستىئان دىنى ئىدىئولوگىيىسىگە بەرگەن تۇنجى پاكىتلىق زەربىسى ئىدى. 1543 - يىلى ئېلان قىلىنغان بۇ ئەسەر ياۋروپالىقلارنىڭ خرىستىئان دىنىغا بولغان گۇمانىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى. دىندارلار شاپاشلاپ قالدى، بۇ تەلىماتنى ئوچۇق - ئاشكارا تەرغىب قىلغان برونونى غالجىرلىشىپ ئوتتا كۆيدۈردى. سەممىي ئادەملەر پاكىتقا ئەلھەكمۇلىللا دەپ، ئۆزىگە: «پلانېتلار نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق ھەرىكەتلىنىدۇ؟» دەپ سوئال قويدى. بۇنىڭ بىلەن فىزىكىنىڭ پەيدا بولمىقى زۆرۈر بولۇپ قالدى. كېيىن گالىلېي پەننى مېتافىزىكىلىقتا پاتۇرۇپ قويمايدىغان ئۇسۇلنى ياراتتى. تەتقىق قىلىش ماھارىتىنى شەكىللەندۈردى. تەجرىبە ئۇسۇلى بىلەن بىر قاتار

مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. گالىلىي ۋاپات قىلغان يىلى تۇغۇلغان نيۇتون 1687 - يىلى «تەبىئەتنىڭ ماتېماتىكىلىق پرىنسىپى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، فىزىكا پېنىنى تىكلىدى. ياۋروپادىكى 600 يىلغا سوزۇلغان گۇمانىي كەيىپ ئاخىرى ئۆز «ئىنجىل» نى تاپتى. ئېتىقادنىڭ يەنە بىر ئىراسى باشلاندى، پەيلاسوپلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ياۋروپا يېڭى بىر دەۋرگە قەدەم قويدى. ياۋروپالىقلارنىڭ پېشانىسىگە «غالىب» دېگەن خەت پۈتۈلدى. 1763 - يىلدىن كېيىن ياۋروپا مۇشۇ «غالىب» لىقى بىلەن جاھانگىرلىك تەختىگە چىقىپ، 1914 - يىلغىچە پۈتۈن دۇنيانى بۆلۈشۈپ بولدى.

ئوسمانلى تۈركلىرى ياۋروپادىكى ئەللەر بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ تۇرغاچقا تاتار تۈركلىرى، پارسلارغا قارىغاندا، بىر قەدەر تۈيغۇن ئىش كۆرۈپ تاقابىللىق جەھەتتە ئۈستۈنرەك تۇردى. تاتار تۈركلىرىدەك ھالغا قالمىدى. ئەمما مەيلى قانداقلا بولمىسۇن 1606 - يىلدىن كېيىنكى تىركىشىشتە پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى ئۆزگەرتەلمىدى. ئەكسىچە ياۋروپالىقلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا كېتىشى بىلەن 1699 - يىلى زېنتا ئۇرۇشىدا سۇلتان ئۆز قوشۇنىدىن ئايرىلىپ، روسىيە بىلەن ھاقارەتلىك شەرتنامە ئىمزالىدى. گەرچە بۇ نومۇسنى ئۇزۇن ئۆتمەي پۇختا تەييارلىق بىلەن ئاقلىغان بولسىمۇ، 1718 - يىلى يەنىلا «باستروۋۇز شەرتنامىسى» نى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولدى. تۈركلەرنىڭ قەيسەرلىكى بۇنداق نومۇسنى ئاقلاشنى قايتا - قايتا دەۋرلەندۈرگەن بولسىمۇ، نەچچە ئەسىر دۇنياغا ھۆركىرەپ تۇرغان بۇ دۆلەت يەنىلا 1787 - يىلىغا كەلگەندە ئەرزىمەس دۆلەت بولۇپ قېلىش قىسمىتىدىن نېرى بولالمىدى.

ئەلۋەتتە، تاتار تۈركلىرىنىڭ بېشىغا كەلگىنى تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇلار 17 - ئەسىردە روسلارغا قارشى توختىماي قوزغىلاڭ قىلىپ تۇردى، بىراق دائىم پېشانىسىغا يېزىلغاننى كۆردى.

1731 - يىلى قازان شەھىرىنىڭ ئېپىسكوپى R كىتشۇچى مەجبۇرىي دىنىي ئېتىقادنى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. بۇ ھەرىكەت بەكلا قەتئىي بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، تاتارلار ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرى بىلەن روسلار ئارىسىدا تۇرۇپ سودا قىلىپ مەنپەئەتلەنگەنىدى. بىراق 1806 - يىلى روسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئاتلىنىشى بىلەن تاتارلارنى ئارىسىدىن سىقىپ چىقاردى. مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە «200 مىڭ تاتار ئۆز ئېتىقادىنى خرىستىيانغا ئۆزگەرتتى»⑥.

مىللىي پۈتۈنلۈكى، ماددىي - مەنىۋى مەنپەئەتى تەھدىتكە دۇچ كەلگەن قوش كەلمىش تاتارلارنىڭ كۈچلۈك ئىنكاسىنى قوزغىدى. نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىجتىمائىي ئىسلاھات باشلاندى. مۇسۇلمانلار ئاقىلانە بولۇپ، قالاقلىقنى تاشلاپ، ئىسلام دىنى بىلەن تەرەققىياتنى ماسلاشتۇرۇشقا ئاتلاندى. مەدەنىي ئويغىنىش خىزمەتلىرى مەشھۇر دىنىي مۇتەپەككۇرلار قولىدا ئىشلىنىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى ئەبۇ ناسىر فىردەۋسىي (1814 - 1783)، شاھىفىددىن ئۆمەرجان (1889-1818)، رىزائىددىن فىسلادىن (1936 - 1859)، مۇسا جارۇللا (؟ - 1875) لار ئىدى. بۇ مۇنەۋۋەر ئوغلانلار ماتارىپتىكى قاششاقلىققا ئوت ئاچتى. ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى «ئۇسۇلى جەدىد» دېيىلدى.

تۈركىيە 1774 - يىلى ئامالسىز روسىيە بىلەن «كۈچۈك - كاينارجى شەرتنامىسى» نى ئىمزالىدى، ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ قىرىمغا «ئاتىدارچىلىق» قىلىش ھوقۇقى بىكار بولدى. قىرىم خانلىقى قازان خانلىقىنىڭ داۋامى ئىدى. بىر نەچچە يىلدىن كېيىن روسىيە ئارمىيىسى ساسىن جىرجىس خان بىلەن تۈركىيىنى قوللىغۇچىلار ئارىسىدىكى پېتىشماسلىقتىن پايدىلىنىپ قىرىم ئارىلىنى ئىگىلىدى. ئۇلار ئەسلىدە مۇسۇلمانلارنىڭ مال - مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى بىلەن بۇ زېمىنغا كىرگەنىدى، بىراق قىرىم يۇتۇۋېلىنغاندىن كېيىن تاتارلارنىڭ بېشىغا ئېغىر قىسمەتلەر كەلدى. روس ھۆكۈمىتى قىرىمغا ئادەم كۆچۈردى. تاتار نوپۇسىنىڭ %96 نى ئىگىلەيدىغان دېھقان ۋە كاسىپلار ئۇنۇمسىز يەرلەردە قىسىلىپ قالدى. روسلىشىش قىسمىتىدىن قۇتۇلالمىدى. بىراق تاتارلار ھەرگىزمۇ بۇنداق خورلۇققا ئەلھەكمۇللا دېمەيتتى. شۇڭا ئۇلار تۈركىيىدىن ياردەم سورىدى، بىراق تۈركىيىنىڭ قولىدىن نېمە كەلسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تۈركىيىگە پاناھ تارتىپ بېرىش تاتارلارغا بىردىنبىر يول بولۇپ قالدى. 1783 - يىلدىن باشلانغان 100 يىللىق كۆچۈش ئەنە شۇنداق باشلاندى.

تۈركىيىلىكلەر شۇ چاغلاردا ئازاب ۋە مەغلۇبىيەت ئىچىدە ئىدى. لېكىن مۇشۇنداق ئومۇمىي كەيپىيات دەۋرىدىمۇ بۇ زېمىندىن مەغلۇبىيەت ئامىللىرىنى پاش قىلىش مۇقامىغا يەتكەن شائىر چىقمىدى. پەقەت بىر قىسىملار دەۋرنىڭ بەختسىزلىكىنى قايغۇلۇق ھېسسىيات بىلەن ئىپادىلىدى، ئېچىنىشلىق ھالەتتە تەسۋىرلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي خەلقنى بالاغەتكە يېتەكلەيدىغان ئىش بولمىدى. بەلكىم بۇ ياۋروپالىقلاردەك مەغلۇبىيەتنىڭ تەمىنى 600 يىل تارتمىغانلىقىدىندۇ ۋە ياكى 800 يىللىق چەۋەندازلىق روھىنىڭ ئىسكەنجىسىدۇ.

كېيىنچە، ھەر ھالدا تۈركىيىدە ئويغىنىش بولدى. تەبىئىيكى، ئويغىنىش باش كۆتۈرۈش بىلەنلا غەربنى دورامدۇق ياكى ئاتا - بوۋىمىز ئوسمان، سۇلايمان دەۋرىدىكى روھىمىزنى تاپامدۇق، دېگەن سوئال ئوتتۇرىغا چىقتى.

www.uyghurkitap.com

ئەمەلىيەتتە ئاساسىي مەسىلە تۈركلەرنىڭ روھىي جەھەتتىن چېكىنىپ كەتكەنلىكىدە ئەمەس، ياۋروپالىقلارنىڭ ئالغا كەتكەنلىكىدە ئىدى. ھېسسىيات جەھەتتە ئاتا - بوۋىسىنىڭ روھىنى تاپىدىغاندەك ماڭغان، ئەقلىي جەھەتتە يۇقىرىقى ھۆكۈمنى چۈشەنگەن سەلىم III بۇرۇنقى شۆھرەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن دەسلەپ ئۆزىنى ھەم سۇلتان، ھەم خەلىپە دەپ ئاتىدى. كېيىن مەمۇرىي ئىدارە قىلىش، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بارماقچى، مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنى تۈپتىن تەرتىپكە سالماقچى بولدى. بىراق ئۇ ئىسلاھاتنى مائارىپتىن، مىللەت روھىدىن ئەمەس، ھەربىي تۈزۈلمىدىن باشلىدى. فرانسىيىنىڭكىگە تەقلىد قىلىپ يېڭى قوشۇن قۇرۇپ چىقىشنى قارار قىلدى. ئۇ، روسىيىدە مۇندىن بىر ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن ئىمپېراتور پېتىردەك ئىش قىلماقچى بولدى، بىراق مەغلۇب بولدى. تايانغۇدەك ئاممىۋى تەشكىلات، ئاممىۋى ھەرىكەت بولمىغانلىقتىن، دىنىي ئەكسىيەتچىلەر ۋە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى يېڭى ئارمىيىنى «ناسارالارنىڭ قول چومىقى» دەپ، سۇلتاننى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىنى تېپىش يولىغا ئەمەس، غەربنى دوراش يولىغا ماڭدى دەپ خەلقنى قوزغاپ ئۇنى ئاغدۇرۇۋەتتى. 1808 - يىلى بۇ جىگەرلىك سۇلتان دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئويغىنىشى مانا مۇشۇنداق تراگېدىيىلىك ھالدا مەغلۇب بولدى. 1828 - يىلى روسلار تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئىستانبۇلغىچە قىستاپ كەلدى. ياۋروپالىقلار بۇ زېمىننى بۆلۈشۈشتە بىرلىككە كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا تۈركىيە سۇلتانلىقى ساقلىنىپ قالدى. ئۇزۇن مۇددەت ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرۇپ كەلگەچكىمىكىن، تا ھازىرغىچە تۈركىيە ئىسلاھاتنى ھوقۇققىلا باغلاپ قويىدىغان بۇ قىسمەتتىن قۇتۇلالمىدى.

ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئومۇمىي گۇمانلىنىش خاھىشى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھى خرىستىئان دۇنياسىدىكى بۆلۈنمىچىلىكنى ھەر قانداق بىر تارىخىي دەۋردىكىدىنمۇ كۈچەيتىۋەتتى. بارلىق خرىستىئانلارنىڭ ھەممىسى قېرىنداش دەيدىغان ھۆكۈم ئىلگىرىكى جۇلاسىدىن قالدى. ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، گوللاندىيە. . . دېگەندەك دۆلەتلەر پەيدا بولدى. بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۆز مەنپەئەتى بويىچە تەرەققىي قىلىشى، خرىستىئان دىنىغا بولغان گۇماننىڭ ئۇلغىيىشى بىلەن بۇ ھۆكۈم تېخىمۇ سۇسلاشتى. 1689 - يىلدىن كېيىن بۇ ھۆكۈم ئاساسىي ھۆكۈمران ئورنىدىن قوشۇمچە ئورۇنغا ئۆتتى. مىللەتچىلىك تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. ئىنساننى ئۇلۇغ بىلىش، كىشىلىك ھوقۇق كوللېكتىپ بىرلىكىدە كونكرېتلاشتى. كېيىن شەخس بىرلىكىدە كونكرېتلاشتى. ياۋروپادا بىر قاتار سىياسىي ئىنقىلابلارنى پەيدا قىلدى. 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ ئىدىيە مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. «مۇسۇلمانلار ھەممىسى بىر - بىرىگە قېرىنداش» دېگەن مۇشۇ ھۆكۈمگە قۇللۇق قىلىش بىلەن دەپسەندە بولغان مىللىي ئاڭ چۆچۈپ ئويغاندى. يەنى ئىنسانپەرۋەرلىك ئېڭى مۇسۇلمانلارغا ئاشۇنداق دوست تارتىپ كىردى. تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ ياۋروپا مۇسۇلمان زېمىنلىرىدىكى بۆلەكلىرىدە بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى باش كۆتۈردى. ئەرەبىستاندا نەجدلىك ئىسلام ئالىمى ئابدۇل ۋاھابنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشكۈنلۈكىگە، غەيرىي ئىسلامىيەت پىكىر ئۇسلۇبىغا قارشى قويۇلغان ئىدىئولوگىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن دەسلەپكى ساھابىلەرنىڭ روھىنى قايتىدىن تېپىش ھەرىكىتى قوزغالدى. تەبىئىيكى بۇ ئىسلام ئىدىيىسىنى ساپلاشتۇرغاندىن كۆپرەك ئەرەبلەرنىڭ مىللىي ئېڭىنى ئويغاتتى. 1810 - يىللىرى سەئۇدى جەمەتى مەدىنىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇ يەردە ئولتۇرۇشلۇق تۈركلەرنى قوغلاپ چىقاردى. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى غەربنىڭ ھەر قانداق نەرسىسىگە جاھىللىق بىلەن كۆز يۇمىدىغان، ئۆچلۈك قىلىدىغان ساداقەتكە كۆندى. بۇ مۆتىۋەر ئالىمنىڭ تۆھپىسى بۇنىڭدىن كۆپ بولمىدى، چۈنكى ئۇ نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدى، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى دېمىدى. ئۇنىڭ مۇرىتلىرىمۇ بۇنىڭغا قۇربەتلىك بولالمىدى.

ھىندىستان مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ بىرى. تۈركلەر بۇ بۆشۈكنى ئىستىلا قىلىپ تاكى 1764 - يىلى ئەنگلىيىلىكلەرگە تارتقۇزۇپ قويغۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا دىنىي ۋەزىپىنى ھاكىمىيەتتىن سىرت تۇتۇش پرىنسىپىنى قوللانغاچقا بۇ يەرگە نۇرغۇن ئالىملار يىغىلىپ مۇنازىرىلىك دىن تارقىتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللاندى. شۇڭا، بۇ يەر ئەزەلدىنلا ئىسلامىيەتتىكى كۈچلۈك ئۆلىمالار رايونىغا كىرەتتى. ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقى يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ياۋروپا مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بۇ يەردىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئېڭىنى قوزغىدى، ھەممىسى ئۆز خەلقىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشتى. دەسلەپتە مۇسۇلمانلار ۋاھابىلار چاپقان ۋە يات دىن چۈشەنچىسى پەيدا قىلغان ئۆچمەنلىك بىلەن ياۋروپا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يېقىن يولاتمىدى. تەلەيگە، ئەينى ۋاقىتتا بىر ئۇلۇغ مۇسۇلمان دېھلىدا ياشاۋاتاتتى. ئۇ، مۇسۇلمانلاردىكى كەملىكنى، ياۋروپالىقلاردىكى ئارتۇقچىلىقنى كۆرۈپ يەتتى، قانداق قىلىشنى بىلدى، كىشىلەرگە جاھانغا رېئال ۋە ئىلمىي پوزىتسىيىدە بولۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ھەپتىلىك مەجمۇئە چىقىرىپ ئەدەبىيات، جەمئىيەت، ئەخلاق ۋە دىن تېمىلىرىدا مۇھاكىمە

ئۇيۇشتۇردى. بۇنىڭ مۇكاپاتىغا ئۇ ئەلدىن نۇرغۇن ئازار يېدى، ھاقارەتلەندى. بۇ زاتى مۇبارەكنىڭ ئىسمى سىرسەئىد ئەھمەد ئىدى. بۇ قەيسەر ئوغلان بوشاشمىدى. قەرز ئېلىپ، ئىئانە توپلاپ، ھۆكۈمەتنى شىلاپ يۈرۈپ ئالگاردا ئېنگلىز تىلى مەكتىپى قۇردى. بۇ مەكتەپ كېيىن راۋاجلىنىپ ئالگار مۇسۇلمانلار ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئايلاندى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى مۇھىم ئەرباپلار بۇ يەردە ئىلىم تەھسىل قىلدى. قۇرئاننى قوچاقلاپ تۇرۇپ، قۇرئانى ھېكمەتلەردىن مەھرۇم بولۇپ، جاھىلىيەت تۈسىدىكى شەرىئەتنىڭ ھەۋىسىدە ئۇخلىغانلار سىلكىنىپ كەلگۈسىگە دادىللىق بىلەن يۈزلىنىشنى ئۆگەندى. بۇلارنىڭ سەركىسى جامالىددىن ئافغانى (1838 - 1897) ئىدى. ئافغانىنىڭ ئىدىيىسى ناھايىتى تېزلىكتە تۈركىيە، ئىران، مىسىر ۋە ھىندىستانلارغا تارالدى. ئۇنىڭ «دەۋر ئالغا باسىدۇ، بىر ئىزدا توختاپ قالمايدۇ، مۇسۇلمانلار مۇشۇ نۇقتىنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئەقىدىسىدىكى ئەڭ جانلىق پرىنسىپ قىلىشى لازىم. سىياسىي تۈزۈلمە، ئىجتىمائىي غايە ۋە ئەقلىي كۈچنىڭ ئىپادە شەكىللىرى دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىشى لازىم. مۇسۇلمانلار بارلىق پايدىلىق نەرسىلەرنى پەرق ئېتىشى، قوبۇل قىلىشى، يامان نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشى لازىم». «ياۋروپانىڭ تىزگىنىدىن قۇتۇلۇشتىكى بىردىنبىر ئۈمىد - غەربنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش، پەننىي كۆز قاراشقا ئېرىشىش، غەربنىڭ تېخنىكىسىنى ئىگىلەش ئارقىلىق كۈچ - قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇپ ئىسلام دىنىنى قوغداشتا» [7]. «ھەقىقىي ئىمان كونىلارنىڭ، يۈزلۈكلەرنىڭ شۈبھىلىك تەشەببۇسلىرى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي قايىللىق ۋە مۇستەھكەم دەلىل ئۈستىدە بولىدۇ[8] دېگەن بۇ جاراڭلىق سادالىرى مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى زىلزىلىگە سالدى. نەچچە يۈز يىللىق بوزەك بولۇشتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى كۆرۈندى.

شىنجاڭدا 19 - ئەسىر داۋالغۇشلۇق يىللار بولدى. «1854 - يىلى ئۇششاقتالدا 2000 ئادەم 470 زەمبىرەكلىك 24 مىڭ چېرىككە تېگىش قىلىپ... كېيىن دەرھال يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ قايتا روھلىنالىغاندەك» [9] مەنزىرىلەردىن خەلقنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان كۈچ غىل - پال كۆرۈنگەن دەۋر بولدى. ئەمما ئىبادەتلىرى، شەرىئەتتىن ئاچقان گەپ - سۆزلىرى، يۇمشاق قەدەملىرى بىلەن «ھەزرەت»، «ئەئلەم»، «موللا»، «قازى» دەپ ئاتالغان «ئۇلۇغلار» نىڭ مال - مۈلۈك، مەنپەئەت ئالدىدا نەچچە مىڭ ئەزىمەتنىڭ ئىسسىق جېنىنى ئۆز نەپسى - خاھىشى ئۈچۈن قۇربان قىلىۋېتىشكە ۋىجدانى چىدايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. خۇددى موللا مۇسا سايرامى: «پۇقرالارنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن ئالۋاڭ - ياساقلار بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. ئاراملىق خۇددى ئەنقا قۇشىنىڭ تۇخۇمىدەك يوق بولدى. تىنچلىق بولسا خۇددى سىمۇرۇغ قۇشتەك كۆيىقاپنىڭ ئىچىدىن ماكان تۇتتى. پۇلى بار ئادەملەر مانجۇلار ۋە كاتتا بەگلەرگە پۇل بېرىپ ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە كىردى. يۇرتنىڭ ھەممە ئېغىرچىلىقى پۇلى يوق بىچارە، غېرىپ - يېتىملەرگە قالدى. ئۇلار بۇنىڭغا چىدىماي يەر، سۇ، چاھار پاي ۋە ئەسۋابلىرى، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى مانجۇلارغا گۆرۈگە قويۇپ، دەرگاھى ئىلاھقا كۆز ياشلىرىنى تۆھپە قىلىپ يىغا - زارغا تولدى» [10] دەپ بايان قىلغاندەك دەۋر بولدى.

مانا مۇشۇ يىللاردا خەلقىمىزنىڭ بۈيۈك تۇيغۇنى، ئاتالىق پەرۋىشچى مۇساباي ئۆزىنىڭ سودا پائالىيەتلىرى جەريانىدا كۆرگەن - ئاڭلىغان ھاسىلاتلىرىدىن ئافغانىنىڭكىدەك سادانى ئاڭلىيالايدىغان، مىللەتكە نېمە زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلالايدىغان يۈكسەكلىككە يەتتى. يېتىپلا قالماي مۇشۇ تارىخىي بۇرچنى ئۆزىنىڭ ساپ ئىبادەتلىرىنىڭ تەركىبىدە بار، دەپ بىلدى. خۇدانىڭ يېنىدا يۈرۈپ ئەركەكلىكنى تاپقان بۇ زات ئادەت كۈچىگە، غىتمەك پەتىۋالارغا پەرۋا قىلماي ھەقىقەتكە ئاتلاندى. مەدرىسلەردە دەرسلىك ئىسلاھاتى قىلدى. مەتبۇئات قۇردى. «مەكتەپ ئېچىپ بالا ئوقۇتۇڭلار...» [11] دەپ ئاتا يولى ياراتتى. پەرزەنتلىرى - مۆھتەرەم ھۈسەنباي، باھاۋۇدۇنبايلارنىڭ كېيىنكى تۆھپىلىرىگە يول ئاچتى.

قەشقەر ئاجايىپ شەھەر، ئۇ ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ گەپدانلىقى بىلەن مەشھۇر. مەن ئۇنىڭ ئەسىرىمىزنىڭ بېشىدا پەتىۋالارغا قانچىلىك تولغان شەھەر ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. پەقەت ئۇنىڭ ئاشۇ پەتىۋاچىلىقى بىلەن شىنجاڭ تارىخىدا تېگىشلىك رولىنى ئوينىيالماي قالغانلىقىنى ئاز - تولا ھېس قىلىمەن. شۇڭا، بۇ شەھەرنىڭ كۆزىگە تالىپلارنىڭ تۆت - بەش يىلدا ئاران بىر كىتاب تۈگىتىۋاتقانلىقى، 20 يىل ئوقۇپمۇ داموللا بولالمايۋاتقانلىقى، خەلقىنىڭ باشقىلارغا سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ قالاقلىقى سانجىلىپ تۇرسىمۇ يەنىلا شۇ پەتىۋالار بىلەن مۇسابايدەك، ئابدۇقادىر داموللىدەك ۋىجدانلىق ئەرلەرنىڭ يولىنى توسايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئابدۇقادىر داموللىنىڭ ئىمانغا بولغان ۋىجدانىي سۆيگۈسى بۇ شەھەردىكى غىتمەك موللا، ياسانچۇق - بەگچەك سۇپەت ئەرلەردەك ياشاشنىڭ ئورنىغا ئۇنى ھىجرەتكە باشلىدى. 1911 - يىلى ئۇ «ئۇسۇلى جەدىت ھارام، ئۇنى ئوقۇغۇچى دەھرى» دەيدىغان پەتىۋانى «ئۇسۇلى جەدىت ۋاجىب، ئۇنى ئوقۇغۇچى زۆرۈر» دەيدىغان پەتىۋاغا ئۆزگەرتىپ كەلدى ۋە يېڭىچە مائارىپ بىلەن خەلقىمىز ئېتىقادىنىڭ سىغىشالمايدىغان يېرى يوق، دەپ جاكارلىدى. مائارىپ ئىسلاھاتىنى خەلققە يېقىنلاشتۇردى. ھەممىلا ئادەم ئوقۇسا، ھەممىلا ئادەم ئوقۇتسا

www.uyghurkitap.com

بولىدىغان بولدى. ئۆزى قول سىلىپ يېگىچە مائارىپچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى.

* * *

ئەمدىكى گەپ يېڭىچە مائارىپنى كۆلەملەشتۈرۈشتە ئىدى.

مەن دائىم شۇنداق ئويلايمەن: قەشقەر سانى بۇخارا ئىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ زېمىندا نۇرغۇن فىقىھ، ھەدىس ئالىملىرى ئۆتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئالىملىقى نېمىگە ئەسقاتتى؟ شىنجاڭنىڭ ھەر قانداق يېرىدىن، ھەر قانداق مەھەللىسىدىن ھامىنى ئىككى خىل تىلنى ھەتتا ئۈچ - تۆت خىل تىلنى بىلىدىغان ئادەمنى تاپقىلى بولاتتى. لېكىن بۇنىڭ نېمىگە پايدىسى بولدى؟ ھازىرمۇ نەچچە مىڭ، نەچچە مىڭ ستودېنت تەربىيىلەنگەن بىلەن قانچىلىكى جان بېقىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي بۇرچى، غورۇرى ئۈچۈن چىقىۋاتىدۇ؟! قانچىلىكى ماگىستىرلىق، دوكتورلۇقنى خەلق ئۈچۈن ئېلىۋاتىدۇ؟

شۇنىڭدىن قارىغاندا، بالاغەت دېگەن ئاجايىپ نەرسىكەن. ئادەت مودىغا ئەگىشىپ كەتمەي، قانداقتۇر بىر ھەشەمەتلىك نەرسىلەرنى مەيدىسىگە تاقىۋېلىشقا، خەقلەرنىڭ كۆزىنى ئالا - چەكمەن قىلىشقا بالىلارچە بېرىلىپ كەتمەي ۋە ياكى ھازىرقى خېنىم مىجەز شائىرلاردەك يىغلامسىراپ دەرد تۆكۈپ يۇرۇشنى كەسىپ قىلىۋالماي، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئىلغا قىلغىدەك بولۇش سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان ئىشكەن.

دائىم مۇشۇنداق ئويلارغا چۆمگىنىمدە مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئاتالىق تۆھپىكار ۋە پەرۋىشچىلەردىن مۇساھاجىم، ئابدۇقادىر داموللام، ھۈسەنباي، باھاۋۇدۇنباي، مەخسۇت مۇھىتى، گۈلەندەم خانىم قاتارىدا مەمتىلى ئەپەندى كۆزۈمگە تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھايات بالاغىتى مېنى ھوزۇرلاندۇرىدۇ.

يېشىم مۇشۇنچە بولۇپ، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم، ئالغان بىلىممدىن كۆڭلۈمگە شۇ نەرسە ئايانكى، ئادەم تەبىئىي ئۆسسە، ئۇ، بالاغەتلىك ئىش قىلىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق بىر دەۋردە قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەملەر، دەۋر بۆلگۈچ ئىنسانلار كۆپىنچە تۆۋەن قاتلامدىن، سەھرالاردىن، ئومۇمەن يوسۇن - قائىدىگە كۆمۈلۈپ قالمىغان ئائىلىلەردىن چىقتى. مەمتىلى توختاجى 1901 - يىلى تۇغۇلغاندا مۇشۇنداق ئەۋزەللىكتە ئىدى. توققۇز ياشقا كىرگەن ئاشۇ يىلى ئاتىسى دىنىي مەكتەپتە ھەر ھالدا ئاز - تولا بىر نېمە بىلىپ قالغان مەمتىلىنى يېڭىچە مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى. بۇ يەردە ئۇ 13 يېشىغىچە تۈركىيىلىك ئۇستاز ئەھمەد كامال ئەپەندىنىڭ تەربىيىسىدە بولدى. توققۇز ياشتىن 13 ياشقىچە بولغان ئارىلىق ئادەمنىڭ مۇستەقىللىق ئېڭى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يېتىلىدىغان دەۋر بولۇپ، ئەھمەد كامال ئەپەندى بۇ جەھەتتە ئۇتۇقلۇق ئىش قىلغانىدى. «ئەھمەد كامال تۇتقۇن قىلىنغاندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى مەھەللىسىدىكى ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنى تەشكىللەپ، قوي باققىلى چىققان يەرلەردە، ئورمانلىقلاردا، چوڭ دەرەخلەرنىڭ سايىسىدا، بەزى كەچلىرى ئۆيىدە ئوقۇتۇشقا باشلىغان. ئەھمەد كامالدىن ئۆگەنگەن جەڭگىۋار ناخشىلارنى، يېڭى بىلىملەرنى ئۆگەتكەن. تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرغان... ئۇ، بالىلارنى رام قىلىۋالغان. ئۇنىڭ دالىدا ئوقۇتۇشى ئۇنۇملۇك بولغان. كىشىلەر مەمتىلى ئەپەندىنى ‹بالا ئەپەندى› دەپ تەرىپلەشكەن. لېكىن مۇتەئەسسىپلىك قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بەزى كىشىلەر مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەھەللىدىكى بالىلارنى قاتار تىزىلدۇرۇپ، ناخشا ئوقۇتۇپ، مەشىكە دەسسىتىپ، توپ تەپكۈزۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ: ‹توختاجىنىڭ بالىسى بالىلىرىمىزنى ئىماندىن چىقىرىۋاتىدۇ›، دەپ ئۆزلىرىنىڭ ۋە تۇغقانلىرىنىڭ بالىلىرىنى مەمتىلى ئەپەندىگە ئەگىشىشتىن توسىغاندىن سىرت، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ دادىسىغا ئوغلىغا نەسىھەت قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەن. مەمتىلى ئەپەندى ئۇلارنى ھەجۋىلەشتۈرىدىغان قوشاقلارنى توقۇپ ‹ئوقۇغۇچىلىرى›غا ئۆگىتىپ ئوقۇتقان»⑫.

دېمەك، 13 ياشلىق بۇ بالا مەسئۇلىيىتىنىڭ مۇقەررەرلىكىدىن ئۆكۈنگەندەك بالىلىقتا ئەمەس، بەلكى ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشنىڭ يولى ئەھمەد كامالدەك خەلقنى تەربىيىلەش ۋە ئوقۇتۇشتا ئىكەن دەيدىغان تۇيغۇنلۇقتا بولۇپ، قارا كۈچلەر مىللەتنىڭ مەرىپىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان ئۇستازىنى تۇتقۇن قىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئەكەتسەڭ مانا مەن بار دەپ ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقالىغۇدەك ئىدى.

بەلكىم شۇ چاغدا ئۇ بىر قىسىم ئىشلارنى ئاشۇرۇۋەتكەندۇ ياكى جايىدا قىلغاندۇ. ئىشقىلىپ، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، ساغلام ئەرلەرنىڭ 13 يېشى ئاشۇنداق يېنىك، قىزغىن كېلىدۇ. بىز بۇ يەردە شۇنى ھېس قىلىشىمىز كېرەككى، سۇزۇك سۇغا گۆھەر تاشلىساق ئۇ يەنىلا جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئەمما لاي سۇغا ئۇنداق ئەمەس. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئەھمەد كامال تاشلىغان گۆھەرنىڭ بۇ بالىنىڭ ئەمەلىيىتىدە يالتىرىغىنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ كارامەت سۇزۇك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئەنە شۇ سۇزۇكلۇك ۋە بۇ سۇزۇكلۇككە تورۇكلاپ چۈشكەن مۆھتەرەم پېشىۋالارنىڭ دۇردانىسى ئەينەن چاقناپ، ئۇنى، مەسچىتكە تەرەت قىلىپ قويسا ئەۋلىيانىڭ پوقىمۇ، پەرىشتىنىڭمۇ؟ دەپ كىتاب ۋاراقلاپ پەتىۋا تېپىپ بولغۇچە نەچچە كۈنلۈك نامازنى ھەتتا پۈتۈن ئۆمرىدىكى نامازنى سېسىقچىلىقتا، نىجاسەت يېنىدا

ئۆتەشكە كۈنۈك ئادەم تولا چىقىدىغان مەدرىس - ماشايىقلارنىڭ يېنىغا بېرىپ قېلىشتىن، ياكى لەززەت دەپ ياشايدىغان نەشكەش، ئىشقىۋاز لۈكچەك بولۇپ قېلىشتىن نېرى قىلدى؛ ئەينى دەۋر ئىنسانلىرىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بۇ تەقدىر ئېھتىماللىقلىرىنى مەمتىلى توختاجىنىڭ پېشانىسىدىن ئۆچۈرۈۋەتتى.

19 ياشلىق مەمتىلى چۆچەككە كەلگەندە چوڭلا يىگىت بولۇپ قالغانىدى. بۈگۈنكى زاماندىكى 19 ياشلىق يىگىتلەردەك ئاتا - ئانىسىنىڭ پۇلىدا ئېغىناپ يۈرمەي ساتىراشلىق دۇكىنى ئاچتى. ھەققانىيەت تۇيغۇسى، ئۆتكۈر پىكرى، ئورۇنلۇق گەپ - سۆزلىرى، سەنئەت خۇمارلىقى بىلەن چۆچەك ياشلىرى ئارىسىدا كۆزگە تاشلاندى.

بىر قەدەر مەرىپەتلىك مۇھىتقا چۈشكەندە ھەقىقىي ئىنسانلار مەنىۋى جەھەتتە كۈچلىنىدۇ، پۇچەكلەر بولسا ئۆزىگە ھەل بېرىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى تونۇشى تولىمۇ قىيىن بولغىنىدەك، بىر قەدەر مەرىپەتلىك مۇھىتتىكىلەرمۇ ئۆزىنىڭ كۈچلەنگەن ياكى ھەل بېرىلگەنلىكىنى ئاسانلىقچە پەرق قىلالمايدۇ. ئۆزىگە ھەل بېرىشنىڭ دەرىجىسى، يارىشىشچانلىقى ئوخشىمىغان بىلەن ئۇ بەرىبىر ساختا شۆھرەتپەرەسلىكىنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ. يامان يېرى، ساختا شۆھرەتكە بېرىلگەن ئادەملەر ئۇمۇرۋايەت بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ ئۆزىدىن ئۆكۈنۈشنى بىلمەيدۇ. ھەممىدىن يامىنى، بىزدە تېخى بۇنى ئىلغا قىلىدىغان روشەن كۆز يوق. ئۇزۇن تارىخىمىزدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بۇ بىزنىڭ تەقدىرىمىزدىكى ئەجەللىك نۇقتا بولۇپ كەلدى. ياخشى يېرى، ئەھمەد كامالنى تۇتقۇن قىلغاندا مەمتىلى توختاجىدىكى: ئۇستازىمنى ئەكەتسەڭ ئورنىغا مانا مەن بار، دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ مەيدانغا چىققان ئەركەكلىك ئۇنى 1930 - يىللاردىكى «ئويغانغان»لارمۇ ئاسان خالاس بولالمىغان ساختا شۆھرەت يولىدىن خالاس قىلدى. بۇ بەلكىم بۇ ئاتۇشلۇقلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆزگىچە بىر قۇدرەت، 17 - ئەسىرگىچە جاھانگىرلىك تەختىدە ئولتۇرغان تۈرك روھى؛ ھەممىدىن مۇھىمى، پاكىز ۋىجداندا يېتىلگەن ئىمانى ئەركەكلىك (مۇھەررىردىن) بولسا كېرەك.

مەمتىلى توختاجى يەنە بىر ئۆتكەلدىن ئۆتتى. ئەينى دەۋردىكى مەرىپەتلىك شەھەر چۆچەكتە تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئاڭلاپ، ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر بىلەن كۆرۈشۈپ مەنىۋى جەھەتتىن تېخىمۇ قۇۋۋەتلەندى. بۇرۇن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى تۇيغان بولسا، ئەمدى ئۇنى تونۇدى. ئۆزىنىڭ تەۋپىق (بىراۋنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، بەختى ئۈچۈن قىلىنىدىغان مەدەت، ياردەم) ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. ئۇنىڭدىكى روھنى، توققۇز يېشىدىن 17 يېشىغىچە دىنىي مەكتەپتە، 17 يېشىدىن 27 يېشىغىچە چوڭ دادىسى ۋە غۇلجىدىكى يۇرت چوڭلىرىنىڭ ياردىمىدە قاھىرەدىكى ئەزھەر دارىلئۇلۇمىدا 10 يىل ئوقۇپ، «جەدىتچىلىكنى تەرغىب قىلدى» دەپ ئەرز قىلىنغىنىغا قېيداپ:

داد - پەرياد دەپ يىغلىسام كىمگە يېتەر دەردىم مېنىڭ،
كىم ئىشىتكەي بۇ زاماندا ئاھۇ - پەريادىم مېنىڭ.
بېرىپ كىملەرگە ئېيتاي داد دەپ يىغلاپ مەن خەستە،
يۈرەك دېغى دەردىمنى ئۆگىمەس مىسالى كان قىلدىڭ.[13]

دېگەندەك، مىللەتكە ئەمەس ئۆزىگە مالاللىق يەتكىنىدىن ئۆكۈنىدىغان، ئەلنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەن ناھايىتى ھالقىلىق ئاشۇ يىللاردا پېشىنى قېقىپ، ۋەتەننى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەرنىڭ بىرى» دەپ ئاتالغان ناسىرھا ئىمىنىدەك شۇ دەۋر ئىنسانلىرىنىغۇ سېلىشتۇرمايلا قويايلى، ھەتتا ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ئۈچۈن شۇنچە كەڭرى پۇرسەت يارىتىلغان مۇشۇ يىللاردا مەمتىلى ئەپەندىدىكى مۇشۇ روھنىڭ زەررىچىسى بىزدە بارمۇ؟ راست، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ پىداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى. . . لاردا قانچىلىك ئادەم خەلقىنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۆگىنىۋاتىدۇ؟ !

مەمتىلى توختاجى ئوغلى چوڭ بولدى. ئۇنىڭ چوڭ بولۇشى زامانىمىز ياشلىرىنىڭ مەدىكار بولۇپ ئىشلەش، ھارۋىدا تاۋۇز سېتىپ پۇل تېپىش قاتارلىق تىرىكچىلىك يوللىرىنى «شۇمۇ ئىشمۇ؟» دەپ تەرك ئېتىپ، ئاددىي تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە تەمتىرەپ يۈرۈشىگە ئوخشاش چوڭ بولۇش ئەمەس، ھەتتا:

ئاتمىش ياشتا ئەبيات يازدىم ئۆزۈم نادان،
ئەقلىم ھەيران، كۆڭلۈم ۋەيران، يۈرەكىم قان.
كۆزۈم گەريان، باشىم سەرسان، تېنىم لەرزان،
نىچۈك لەرزان بولغانىمنى بىلىڭ دوستلار.

نەزم قىلماق كېچە - كۈندۈز بولدى ئىشىم،
بۇ ئىش بىلەن ئادا بولدى يازۇ - قىشىم.
قايغۇ بىلەن غەمگە تولدى ئىچى - تېشىم،
نەسەۋەتىن تولدى ئىچىم بىلىڭ دوستلار[14].

دېگەندەك نەزمىلەرگە قەلەم چەككەن ھەمرا باراتتەك (1873 _ 1947) ھېسسىي چوڭ بولۇش ئەمەس، بەلكى تارىخىي بۇرچتا مائارىپنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكۈدەك چوڭ بولۇش ئىدى. شۇڭا ئۇ گويا سوپىلار ھالەتمۇ ھالەت ئۆرلەپ ئاخىرى خۇدا بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكىنىدەك، مىللەت بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتتى. بۇ گەۋدىنىڭ نەرىگە زەخمە يەتسە، ئۇنىڭ تېنى تەڭ شۈركەندى. 1924 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭدىكى يېڭىچە مائارىپ ھەرىكىتىگە ئېتىقاد جەھەتتىن يول ئاچقان ئاتاقلىق دىنىي ئالىم ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە قەستكە ئۇچرىدى. بۇ مۇدھىش خەۋەردىن شۈركەنگەن مەمتىلى مەشھۇر «ئوقۇدى، ئاشتى» ناملىق شېئىرىنى يېزىپ ئاھاڭغا سالدى.

ئۇ چوڭ بولدى. تارىخىي بۇرچنى ئادا قىلىش - مائارىپنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن شۇ تاپتا نېمە قىلىش كېرەك؟ دېگەن سوئالنى ئۆزىگە قويالىدى. ئۇ، دوستلىرى بىلەن ئۇزاق پىكىرلەشتى. بۇ ئىككى مەسىلە دېمەككە قىسقا بولغان بىلەن، بىر ئىنساننىڭ ھاياتىغا نىسبەتەن ئۇزۇن جەريان ئىدى. «ئوقۇدى، ئاشتى» شېئىرىنىڭ كەڭ تارقىلىشى بىلەن تولىمۇ مۇتتەھەملەرچە تەقىپ خەۋپى ئۇنىڭغا خىرىس قىلدى. تەلۋىلەرگە جانىنى سېلىپ بېرىشكە ئەرزىمدۇ؟ ياق، ئەڭ ياخشىسى چەتكە چىقىپ ئوقۇشۇم كېرەك.

www.uyghurkitap.com

باينىڭمۇ، دامولللىنىڭمۇ بالىسى بولمىغان كەمبەغەل مەمتىلى تەۋفىق پۇل يوق دەپ جىق بولسا 50 - 40 كىلومېتىرلا كېلىدىغان شەھەرگە كىرىپ ئوقۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان كۆپ ساندىكى دېھقان بالىلىرىنىڭ ئەكسىچە يىراققا سەپەرگە چىقتى. تاشكەنتكە كېلىپ تىرىكچىلىك قىلغاچ ئوقۇشنىڭ يولىنى قىلدى. ئاخىرى، ئاتۇشلۇق خەللاق دېگەن كىشىنىڭ ياردىمىدە بىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا كىردى. ئۇ، يېڭىدىن قۇرۇلۇپ مۇستەھكەملىنىۋاتقان سوۋېت ھاكىمىيىتى شارائىتىدىكى تاشكەنتتە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە قاتتىق قىسىلغانلىقى، كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ستالىنىزمدىن قاتتىق بىزار بولغانلىقى ئۈچۈن تاشكەنتتە داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشقا ئامال بولماي ئاخىرى تۈركىيىگە چىقىپ ئوقۇشنى نىيەت قىلدى.

مەن نۇرغۇن بالىلارنى كۆرگەن. ئۇلار ئۆز بېشىغا ئاشۇنداق قىسمەتلەر كەلگەندە نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىدۇ. بۇ ئۇلاردىكى تۇيغۇنلۇق. بەزىلىرى ھەتتا قانداق قىلىش ئۇسۇللىرىنىمۇ بىلىدۇ. بىراق شۇنداق قىلالمايدۇ. ئۇلار ۋىجدان بۇيرۇقى بىلەن ناقابىللىق ئارىسىدا تېڭىرقايدۇ. بۇ تېڭىرقاش شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى، ئەركەكلىك بىلەن لاتىللىق توقۇنۇشىدا لاتىللىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بوشاڭلىق، چۈشكۈنلۈك ئۇلغىيىپ، تۈرلۈك مەنىۋى پاجىئەلەر ۋۇجۇتقا ئۇيۇپ قالىدۇ. ئەمما مۇشۇنداق چاغدا مەمتىلى تەۋفىق مۇساپىرچىلىقتىن كېلىدىغان كۈرمىڭ مۇشەققەتلەردىن قورقۇپ قالماي كۆزىنى يۇمۇپلا سەپەرگە چىقتى. بۇ باتۇرلۇق ئۇنى مەڭگۈ يۇقىرىقىدەك قىسمەتكە قويمىدى.

ئۇ، ئاشپەزلىك، كاۋاپچىلىق، ئىشلەمچىلىك قىلىپ يۈرۈپ، تۈركىيىدە ئوقۇشنى كۆزلەپ يولغا چىقتى. 5000 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، سىۋاستوپول پورتىغا كەلدى. تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى، ئۇستىبېشى جۇلدۇر، توپا تەرەت بىر ئادەم پويىزدا كىملەرنىڭدۇ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ سىلكىشلىنىپ دۇشكەلەنسۇن، پويىز خادىملىرى ئۇنى چۈشە، دەپ ۋارقىراپ قوغلىسۇن، ئۇ، خورلۇقلارغا چىداپ بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە چۈشسۇن، قارا پويىزنىڭ نەلىرىدىدۇ مۆكۈنۈپ يۈرۈپ پاسكىنىچىلىقتىن بەتبەشىرە ھالدا پويىز ئىستانسىسىدىن چىقىپ كەلسۇن، كىملەرگىدۇ بويۇن قىسىپ: قىلىپ بەرگۈدەك ئىشىڭىز بارمۇ، ئەپەندىم، دەپ ئالدىغا بارسۇن، ماكانسىزلىقتىن بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا يېتىپ - قوپۇپ يۈرسۇن. بۇنىڭغا سىز چىدامسىز؟ بۇ رىيازەتلەرگە بىر مۇساپىر يىگىت چىدىدى. ئۇ، بىزنىڭ قەھرىمانىمىز مەمتىلى ئەپەندى ئىدى. ئۇنىڭ ئاشۇ كۈنلىرى چىن مەنىسى بىلەن ھەقىقىي شېئىر ئەمەسمىكەن؟! پاساھەت ئەمەسمىكەن؟! زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەيدۇ. سەن ئۇنىڭدىكى قىممەتنى، پاساھەتنى ھېس قىلالمايۋاتقان بولساڭ، سەنمۇ ئاشۇنداق مۇساپىرچىلىقنىڭ تەمىنى بىر تېتىپ باق.

ئۇ يول ئىزدەپ، يول تاپتى. تۈركىيىلىك بىر پاراخوت خىزمەتچىسىنىڭ ياردىمىدە ئىستانبۇلغا باردى.

مەن ھازىرقى نۇرغۇن ياشلار بىلەن پاراڭلىشىپ كۆرۈپ ئۇلارنىڭ چەتكە چىقىپ ئوقۇش قىزغىنلىقىغا «چەتكە چىقساڭ، تېنىمىسىز ئىشلىمىسەڭ بولمايدىكەن» دەيدىغان گەپلەرنىڭ زور ۋەھىمە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بايقىدىم. ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۇ يەردە ئادەتتىكى ئادەم بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىغا چىدىماي «زېرىكىپ» كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. بۇ نېمىدېگەن بولۇمسىزلىق؟ ھالىمىزغا بېقىپ ھال تارتمايدىغان بۇنداق چوڭچىلىق قاچاندىن باشلاپ بىزگە يۇقتى؟

بايقىسام، بۇ ئىللەت مەمتىلى ئەپەندىدە يوقكەن. ئۇ، ئىستانبۇلغا بارغاندا ئۇنىڭ قولىدا نە پۇچۇق تىيىن، نە بىرەر ھۆكۈمەت ياكى يۈزلۈك شەخسنىڭ ئىلتىپات قەغىزى يوق ئىدى. ئۇ، ئەمگەكچان ئىككى قولى، بالاغەتلىك يۈرىكى، زەربە دەست روھى بىلەن ئىستانبۇلغا كىردى. ئاۋۋال بىر بېلىقچىغا يالىنىپ ئىشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ياخشى ئادەملەر ئۇنى تونۇدى. بۇ، دۇنيانىڭ قانۇنى ئىدى. ئۇ ئاشۇ دوستلارنىڭ ياردىمىدە بىر دارىلمۇئەللىمىندە قارا خىزمەتچى بولدى. بىر مەزگىل ئىشىك - دېرىزە تۈۋىدە دەرس ئاڭلاپ يۈردى. كېيىنچە مەكتەپ مۇدىرىغا ئىلتىماس سۇنۇپ، رەسمىي ئوقۇغۇچىلىققا قوبۇل قىلىندى. مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىستانبۇلدىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى.

ھازىرقى كۈنلەردە چەتكە چىقىپ كېتىش تولا ئادەملەرنىڭ ئارزۇسى. بولۇپمۇ مەمتىلى ئەپەندىدەك تۈركىيىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، نان تېپىپ يېگۈدەك بولۇش دېگەن كاتتا ئابروي بىلەن يۇرتقا كېلىپ، ئەلگە چوڭ توي تارتقاندەك يۈزلۈك ئىش! قېنى، ھەر بىر ئوقۇرمەن ئويلاپ بېقىڭلار، سىلەردە ئاشۇ مەمتىلى ئەپەندىدەك ھاياتنىڭ چىدىغۇسىز جاپا - مۇشەققەتلىرىنى يېڭىپ، ئۆزىگە يول تېپىپ ماڭالايدىغان روھ بارمۇ؟ ئۇنىڭغۇ قويۇپ تۇرايلى، ئەدناسى كادىر بولساڭلار، باشلىقىڭلارنىڭ ئالدىدا دېھقانىنىڭ يىغىسىنى يىغلىيالىغۇدەك جۈرئەت سىلەردە بارمۇ؟...

مەمتىلى ئەپەندى ھەقىقەتەن ئۇلۇغ ئىنسان ئىكەن. ئۇ مۇشۇ زاماندىكى كۆپچىلىك ئادەملەرنىڭ قارىشىچە، چەت ئەلدە تىنچ جاھاندارچىلىقنى قىلىشنىڭ ئورنىغا قولىدىكى بىر ئوبدان نېنىنى تاشلاپ، غەلۋە - غوۋغا، پىتنە - پاساتقا تولغان يۇرتىغا كەلدى.

ئويغان خەلق، يۇرتۇڭنى سەن قۇتۇلدۇر،
مەكتەپ بىلەن چىراغ ياقىن، نۇرغا تولدۇر.

پۈتسۇن ئەمدى زۇلمەت دەۋر ئىستىبدات،
شۇم تەقدىردىن، قارا كۈندىن بول ئازاد.

ساداقىتىڭ ئۈچۈن تىرىش، ھىممەت قىل،
پەرزەنتلەرنى ئاقارتىشقا خىزمەت قىل.

دەس تۇر ئەمدى، ئاتلان خىزمەت يولىغا،
ھۇما قۇشى قونسۇن ئەۋلاد قولىغا.

دەپ خىزمەتكە چۈشتى.
شىنجاڭدا يۈز بەرگەن ئىنقىلابلارنىڭ

ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا شۇنىسى ئايانكى، ھەممىسىدىلا يۈكسەك دەرىجىدە ئۆزگىچە ئىشىنىش روھى كەمچىل، گويا يۆلەنچۈكى بولمىسا بولمايدىغاندەك بىر خىل يوشۇرۇن ئەمما مەزلۇم روھ ھەممىلا يەردە ئەگىشىپ يۈردى. بىرەر خاسىيەتلىك ئىش باشلىماقچى بولغانلارمۇ توغرىلا بولىدىكەن قىلاي دېمەي، زەردارلارنىڭ ياخشى كېيىنگە، ئىنانىسىغا قاراپ قېلىشتىن پەقەتلا نېرى بولمىدى. دېمەك بۇ ناكەسلىك دەۋرى خەلقىمىزنىڭ مىجەزىدە پەيدا قىلغان سولاشلىق ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى تۈركىيىدە ئوقۇپ تېخىمۇ قۇۋۋەتلەندى. مىللىتىمىزنىڭ خوي - پەيلىدىكى خەقنىڭ قولىغا تەلمۈرۈشتەك بۇ خىل مەزلۇملۇق ئۇنىڭغا ئۆز كۆچىنى كۆرسىتىشتىن قالدى. 1864 - يىلى قولىغا قورال ئېلىپ مانجۇلارغا قارشى جەڭگە چۈشكەن باھادىر جەڭچى، ئۇستاز تارىخچى موللا مۇسا سايرامىدەك «تارىخىي ھەمىدى» گە تۈتۈش قىلىۋاتقاندا: «مەندەك خارۇ - زار بىچارە بۇ سىيادات پاناھ غازىلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى، غەلىبىلىك جەڭ غازاتلىرى، ئاتالىق غازىنىڭ پادىشاھلىق شان - شەۋكەتلىرى ھۆكۈمرانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى توپلام قىلىپ، يېزىپ چىقىشقا قانداق جۈرئەت قىلالايمەن؟ بۇ دۆلەت ئىگىلىرى ھەققىدە قانداقمۇ پىتىنىپ سۆز ئېچىش مۇمكىن؟ مەندەك نام - نىشانسىز بىچارە ئۇلارغا ئوخشاش ئورۇن ۋە مەرتىۋىسى پەلەككە يەتكەن ئالىي پادىشاھلارنىڭ قىسسە ۋە داستانلىرىنى قانداق يول ۋە مۇناسىۋەت بىلەن توپلىيالايمەن ۋە قانداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۆز مەرتىۋىسىگە لايىق تىل بىلەن قەلەم سۈرەلەيمەن» ⑮ دەپ ئېيتقان يوسۇنىنىڭ ئەكسىچە، يا پۇلى، يا يۈزى يوق مەمتىلى ئەپەندى مۇسا باي، ھۈسەنبايىدەك كاتتا ئادەملەر شۇنچە پۇل ۋە ئابرۇيى بىلەن ئوقۇغۇچى سانىنى مىڭغا يەتكۈزەلمىگەن يەردە، مېنىڭدەك بىر سولتەك 10 مىڭ بالىنى سىنىپقا ئەكىرەلەمدۇ؟ دەپ دىلغۇل ۋە ئۈمىدسىز بولماي، 1934 - يىلى ياز ئايلىرىدا ئاستىن ئاتۇشنىڭ 24 كەنتىدە بىرلا ۋاقىتتا 24 مەكتەپ ئېچىش پىلانىنى تۈزۈپ، ئالتە ئاي ئىچىدە راستىنلا 10 مىڭغا يېقىن ئۆسمۈرنى مەكتەپ قوينىغا ئەكىردى. بۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. «يېزىلاردا مەكتەپ سېلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن، مۇتەئەسسىپ روھانىيلار ئاۋۋال ھەر خىل تەتۈر تەشۋىقات قىلىشقا باشلىدى: كالتە قۇيرۇقلار، دەھرىلەر دىنىمىزغا قارشى ھەرىكەت باشلىدى، بۇلار ھەممىسى مۇناپىق، ئىمانسىز. دىنىمىزنى قوغدايلى... دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر تارقىلىپ تۇردى. روھانىيلارنىڭ نەزىرىدە بىز ئاشۇ ئۆگئېرىقتا توپلانغان ئوقۇغۇچىلار گوياكى دىنغا قارشى گۇرۇھ، بولشېۋىكلارنى تەشۋىق قىلىدىغان كالتە قۇيرۇقلار، قانداقتۇر قورقۇنچلۇق يامان ئادەملەر بولۇپ قالدۇق. دېمىسىمۇ، بىزنىڭ ئۇرۇقىمىزدا بىراقلا ئۆزگىرىش بولدى. كالتە چاپان كەيدۇق، بېلىمىزدە بەلباغ يوق، ساقىلىمىز يوق، چاچ قويدۇق... قىياپىتىمىز، ھەرىكەتلىرىمىز بىلەن ئادەتتىكى پۇقرادىن پەرقلىنىپلا قالدۇق... كۈرەش جىددىيلىشىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئاشكارا - يوشۇرۇن ئۇرۇش كۆپەيدى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ھاياتى خەۋپكە يولۇقىدىغاندەكلا بولۇپ قالدى» ⑯.

ھەقىقەت مەغلۇپ بولسۇن ياكى غەلىبە قىلسۇن، يەنىلا تەۋرەنمەي ئۇنىڭدا تۇرالىغانلارلا ھەقىقىي ئويغانغانلار، ھەقىقەت يولىدا بىرەر قېتىم رىيازەت چەكمەكلىك بىلەن «ئىبرەت» ئېلىپ توۋا قىلغانلار نادانلاردۇر. 1934 - يىللار نادانلار كۆپ يىللار ئىدى. شۇنداقتىمۇ مەمتىلى ئەپەندى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۆلۈمىدىن «ئىبرەت» ئېلىشنىڭ ئورنىغا ئۆز بېشىدىكى ئۆلۈمگە داددىللىق بىلەن: «نوچى بولساڭ كېلە، قېنى!» دېيەلىدى. سەرخىل ئوقۇغۇچىسىدىن 100 نى تاللاپ، بىر خىل كىيىندۈرۈپ، پەيزىۋات، توققۇزاق، ئوپال، تاشمىلىق، يېڭىسار ۋە قەشقەر ئەتراپىدا بىر ئاي پىيادە ئايلاندۇرۇپ يېڭى مائارىپنى تەشۋىق قىلدى.

ۋەتەن ئۈچۈن تەرەققىيات ئىستەيمىز،
ئارزۇيىمىز راۋاجلانسۇن مائارىپ.
جانىنى پىدا قىلدۇق ئەزىز خەلقىمگە،
بىزنىڭ يۈرەك زالىملارغا مۇخالىپ.

بولسا دەيمىز بىزدە ھوقۇق - ئادالەت،
بولسا بەربات خوراپاتلىق - جاھالەت.

شۇنىڭ ئۈچۈن ياشىسۇن بۇ ئىنقىلاب،
زاۋال تاپسۇن ناھەقچىلىق - ئىختىلاپ.

پورەكلىسۇن گۈزەل باھار گۈللىرى،
شوخ سايرىسۇن يۇرتىمىز بۇلبۇللىرى.

ئىقبال ئۈچۈن بولايلى بىز ئىتتىپاق،
جىلۋىلەنسۇن مەرىپەتنىڭ نۇرلىرى ⑰.

دەپ يېڭى مائارىپنىڭ سەممىيىتىنى چۈشەندۈردى. مەھمۇد سىجاڭ (مەھمۇد مۇھىتى) نىڭ كۈچلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى. ئاتۇشتا خەلقى ئالەمگە ئۆز ئىرادىسىنى جاكارلىدى.

«مەن مىللەت ئۈچۈن ئوقۇدۇم، مىللەتنى دەپ يۇرتۇمغا كەلدىم، ئەمدى مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن. بىرەر يىل، بىرەر ئاي، ھەتتا بىرەر كۈن بولسىمۇ مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق» ⑱.

بۇ يالقۇنلۇق سۆزنىڭ ئىگىسى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن بۇ گېپىنىڭ تېگىدىكى سۆيگۈگە مۇناسىپ ئىش قىلدى. ئۇ، 1935 - يىلى مائارىپ كۆلىمىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش مەقسىتىدە ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىسى ئابدۇراھمان شائىر قاتارلىق 10 كىشىنى ئاقسۇغا ئەۋەتتى. ئۇنىڭ تەسىرى شايار، كەلپىنلەرگە يېتىپ، «ئوقۇتقۇچىلار مارشى» بۇ يەرلەردىمۇ ئېيتىلىشقا باشلىدى.

ئۇ ئاجايىپ بىجانىدىل، غورۇرلۇق، راستچىل ئەركەك ئىدى. يالقۇن روزىنىڭ: «مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئارزۇ - ئارمانلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشتا شېئىرىيەتتىن قورال سۈپىتىدە پايدىلاندى» ⑲ دېگەندەك تەنتەكلىك بىلەن چىقىرىلغان ھۆكۈمنىڭ ئەكسىچە ئۇ ھېچقايسى روھنى قورال قىلمىدى. مەمتىلى ئەپەندى قانداق بولسا، ئۇنىڭ شېئىرلىرىمۇ، قىلغانلىرىمۇ شۇنداق بولدى. شېئىر يېزىشنى مەخسۇس كەسىپ قىلىۋالمىغان بۇ

www.uyghurkitap.com

ئادەم دەۋرداشلىرىدەك تەقلىد قىلىـــمەن، دەپ ئەزۋەيلەپ ئولتۇرمىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇردەك كۆڭلىدە نېمە بولسا شۇنى ئىپادىلىدى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى تەرەت ئېلىپ قولىغا قەلەم ئالىدىغان ئادەت بۇلارغا كەلگەندە شېئىر بىلەن ئۆزىنى ئايرىۋەتمەيدىغان روھقا تەبىئىيلا ئالماشتى. قەشقەردەك رەسمىيەت ۋە پەتىۋا بىلەن تولغان بۇ شەھەرنىڭ يېنىدىكى بىر يۇرتتىن مۇنداق تۇپتۇز جاسارەتنىڭ چىقىشى تەس. شۇنداق، تا ھازىرغىچە ياسالمىلىقتىن قۇتۇلۇپ ساراڭلىقتا، ساراڭلىقتىن قۇتۇلۇپ ياسالمىلىقتا تۇتۇلۇش بىلەن ئاۋارە ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ روھ - ھە؟! بەلكىم، مەيلى مەمتىلى ئەپەندى بولسۇن ياكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى بولسۇن بۇلارنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ھەقىقىي ئىنسانلىق دېگەن ئەنە شۇنداق جۇلالىق، ئەنە شۇنداق يارامىلىق بولىدىكەن.

مەمتىلى ئەپەندى مانا مۇشۇنداق راستچىللىق، ئەركەكلىك بىلەن خەلقىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۈچ يىل خىزمەت قىلدى. 1937 - يىلى ستالىن ۋە شېڭ شىسەينىڭ قولچومىقى مەۋلانوپ ۋە ئەينى چاغدىكى قەشقەر ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قادىر ھاجى ئۇنى دەرسخانا مۇنبىرىدىن تۇتۇپ كەتتى. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قەشقەردە تۇتۇلغان 300 دەك ئوت يۈرەك ئوغلانلار مۇشۇ مەلئۇنلارنىڭ قولىدا قۇربان بولدى.

* * *

شەرىئەتتە بىر ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى مەقبۇل ئەمەس، گۇۋاھچى ئەگەر ئايال زاتىدىن بولسا، ئىككىدىن كەم بولماسلىقـــى كېرەك، دەپ قارىلىدۇ. بەلكىم ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھېسسىيات ئەقىلدىن ئالاھىدە ئۈستۈن تۇرغاچقا، ھەقىقەت بايانى ئۇلار لەۋزىدە ئەينەن ئىپادە تاپالمايدۇ، دەپ قارالغانلىقىدىن بولسا كېرەك. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دوزاختا ئاياللارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك بولمىسا كېرەك. بۇ خۇراپاتلىقمىدۇ؟ ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر ئۆز - ئۆزىنى قۇۋۋەتلەش مۇتەخەسسىسى، پەلسەپە دوكتورى J. گرايىنىڭ بايانلىرىغا قاراپ باقايلى: «ئەرلەر ئازابلانغاندا، بېسىمغا ئۇچرىغاندا، بىراۋغا ھاجەتمەن بولمىسىلا كىشىگە تىنمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئېغىرىنى سالمايدۇ. دەردىنى ئۆزى بىلىــپ، ئىچىدە چارە - تەدبىر ئىزدەيدۇ. يول تاپقاندا كەيپى ئۆرلەپ ئىشىنى قىلىۋېرىدۇ.

يول تاپالمىسا ئىچ پۇشقىنى چىقىرىشنىڭ چارىسىنى قىلىپ، روھىي تەسەللىي تاپىدۇ. ئامال بولمىغاندا تەۋەككۇلچىلىك قىلىدۇ.

ئاياللار ئازابلانسا، بېسىمغا ئۇچرىسا ئۆزى ئىشىنىدىغان ئادەمنى تاپىدۇ - دە، بېشىغا كەلگەن ئىشنىڭ يىپىدىن - يىڭنىسىغىچە دەيدۇ. ئۇنىڭغا سىردىشى ھېسداشلىق قىلسىلا يېنىكلەپ قالىدۇ» ⑳.

دېمەك گۈزەللىكنى، ھەقىقەتنى جاي-جايىغا كەلتۈرۈش، قەدەمدە بىر گۈزەللىك دېگەن، ھەقىقەت دېگەن مانا مۇشۇ شۇ، دەپ قەدىرلەش، قوغداش ئاسان ئىش ئەمەس. ئېنىقكى، پەيغەمبەرلىك دېگەن مۇشۇ شۇ. ھەقىقىي شائىرلىق دېگەن مۇشۇ شۇ. شۇڭا تارىختىن بۇيان ئۈستىخىنى يوق گەپ بىلەن ئەمەس، جاپالىق قەدەملەر بىلەن، ئىسسىق قانلار بىلەن يېزىپ چىقىلغان شېئىرلارلا خەلقنىڭ قەلبىدىن ئۆچمەي كەلدى ۋە ئۆچمەيدۇ.

بىر ئادەم خاسىيەتلىك ئىش ئۈچۈن جىمجىتلا ئۆلۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتى يەنىلا جۇلالاپ تۇرىۋېرىدۇ. بۇنداقلارنىڭ تۇرمۇش كەچۈرگەندىمۇ، شېئىر يازغاندىمۇ خۇداسى بىر بولغاچ، مەڭگۈ كۇرسى چۈشمەيدۇ. «كوچىلاردا ئۆز شېئىرىنى تۇتۇۋېلىپ، نومۇسىغا تەگكەن» دەك ھېسلارغا چۈممەيدۇ.

**مۇھەررىردىن:** تارىخ روشەن ياكى غۇۋا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەقىقەت نامايەندىسىگە ئىنتايىن باي كېلىدۇ. دەۋر ۋىجدانىدىن دېرەك بېرىدىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى ۋە مەمتىلى ئەپەندىلەر ئۆزلىرى كەبى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ يارقىن سىماسىدۇر. تارىخ ئۆزىنى ھەقىقىي ئىسپاتلىشى ئۈچۈن لاۋۇلداپ تۇرىدىغان ئوتقاشلارنى يەنە ياندۇرماي قالارمۇ؟

## ئىزاھلار

① ستاۋۇلاروس: «يەر شارى تارىخى» I توم 8 - بەت، شاڭخەي ئىجتىمائىي پەن نەشرىياتى، 1992 - يىل نەشرى.

② سەئىد فەيياز مەھمۇد: «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» I توم 383 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل نەشرى.

③ «مائارىپ لۇغىتى» I توم 89 - بەت، شاڭخەي مائارىپ نەشرىياتى، 1991 - يىل نەشرى.

④ گىبايت: «ئوتتۇرا ئەسىردىكى تېخنىكا ۋە كەشپىيات»، ئامېرىكا «بىلىم خەزىنىسى» ژۇرنىلى 15 - سان، 178 - بەت.

⑤ «يەر شارى تارىخى» 246 - بەت.

⑥ «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا دائىر تېزىسلار» 256 - بەت، «شاۋۋۇ» نەشرىياتى.

⑦ «ئىسلام دىنىنىڭ قىسقىچە تارىخى» I توم 112 - بەت.

⑧ مەجىد پەخرى: «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»، شاڭخەي چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇش نەشرىياتى 1992 - يىل نەشرى.

⑨ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى» 259 - بەت، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى.

⑩ «تارىخىي ھەمىدى»، 175 - بەت.

⑪ «شىنجاڭ سودا گېزىتى» 1993 - يىللىق توپلانما سان 7 - بەت.

⑫ يالقۇن روزى: «ئۇنتۇلغان ئەڭگۈشتەر - تەۋفىق روھى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 - يىل 4 - سان.

⑬ ئىمىنجان ئەخمىدى: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» 325 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1996 - يىل نەشرى.

⑭ يۇقىرىقى كىتاب 113 - بەت.

⑮ موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى» 346 - بەت.

⑯ سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 - يىل نەشرى I توم 403 - بەت.

⑰ يۇقىرىقى كىتاب 411 - بەت.

⑱ يۇقىرىقى كىتاب 415 - بەت.

⑲ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 70 - سان 20 - بەت.

⑳ J. گراي: «ئەرلەر مارستىن ئاياللار چولپان يۇلتۇزدىن كەلگەن» 30 - بەت، مەركىزىي تەرجىمە نەشرىياتى 1996 - يىل نەشرى.

---

ئاپتور: قۇمۇل شەھەر قالغايتى يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M1)



# سەرخىللارنىڭ

# شاللىنىپ قېلىشى

خې شىن

جۇڭگونىڭ 80 - يىللىرى روشەن ئەدەبىيات قىزغىنلىقى، بولۇپمۇ شېئىرىيەت قىزغىنلىقى بىلەن خاراكتېرلەندى. لېكىن بۇ قىزغىنلىق مەدەنىيەت، تارىخ، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىقتىساد، سىياسىي جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەر بىلەن ماس قەدەمدە ئىدى. 90 - يىللارغا كەلگەندە جەمئىيەت ۋە ئىنسان مەنپەئەتلىرىگە دائىر نەزەرىيىۋى ئىزدىنىشلەر ئەۋج ئالدى، بۇنى بەزىلەر «4 - ماي يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى» دىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق مەدەنىيەت قىزغىنلىقى دەپ سۈپەتلەۋاتىدۇ. ھازىر مىللەت، ئىللەت، نىيەت ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىش جۇڭگو مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ بۈگۈنكى مەۋقەسىگە ئايلاندى. ئۇلار تۈرلۈك نۇقتىدىن تۇرۇپ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن ئوپېراتسىيە قىلماقتا. خې شىن ئەپەندى ئەنە شۇلارنىڭ بىرى.

خې شىن ئەپەندى زامانىمىزدىكى داڭلىق نەزەرىيىچى، تارىخشۇناس، ئىقتىسادشۇناس ۋە ستراتېگىيە مەسىلىلىرى ئوبزورچىسى. ئۇ، 1949 - يىلى 12 - ئايدا جېجياڭدا تۇغۇلغان. 1980 - يىلدىن تارتىپ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ياردەمچى تەتقىقاتچى، كاندىدات تەتقىقاتچى، تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئۇ ھازىر مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

خې شىن ئەپەندىنىڭ ئەسەرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ۋەكىللىك خاراكتېردىكىلىرىدىن «جۇڭگو مەدەنىيەت تارىخى ھەققىدە يېڭى پىكىرلەر» (1985 - يىل)، «ئەجدىھا ھەققىدە» (1989 - يىل)، «مۇھەببەت ۋە قەھرىمان» (1992 - يىل)، «خې شىننىڭ سىياسىي ئىقتىسادقا دائىر ماقالىلىرى» (1995 - يىل)، «جۇڭگو ئۈچۈن بايان» (1996 - يىل»، «كىرىزىس ۋە ئويلىنىش» (1997 - يىل) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت ساھەسىدىمۇ ئۆزىمىز ھەققىدە قايتا ئويلىنىشنىڭ مۇقەددىمىسى باشلىنىپ، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە يۈكسەك جاۋابكارلىق تۇيغۇسىغا ئىگە كۆپلىگەن ئوقۇرمەنلەر تونۇغۇن، بۈگۈن ۋە ئەتە ھەققىدە مۇپەسسەل مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بارغانسېرى تونۇپ يەتمەكتە. بىزنىڭچە، خې شىن ئەپەندىنىڭ ماقالىلىرى بۇ جەھەتتىكى پىكىر يوللىرىمىزنى ئېچىشتا مۇناسىپ رول ئوينايدۇ، دەپ ئىشىنىمىز.

- مۇھەررىردىن

## 300 يىلدىن بېرى پەن - تېخنىكىدا ئارقىدا قېلىشنىڭ سەۋەبى زادى نەدە؟

يېقىنقى يىللاردىن بېرى كىشىلەر جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولغانلىقىدىن ئىبارەت بىر مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا كۆپ مۇھاكىمىلەرنى يۈرگۈزۈشتى، بۇ مۇھاكىمىلەردە مۇئەييەن ھەقىقەت بار دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن، مېنىڭچە مۇنداق مۇھىم بىر ھادىسە تېخى تىلغا

## ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش

www.uyghurkitap.com

ئېلىنمىدى، ئۇ بولسىمۇ، قەدىمكى جۇڭگودا جەمئىيەتنىڭ سەرخىللىرى بولۇشقا تېگىشلىك زىيالىيلارنىڭ ھە دېسىلا تەسكىرىي شاللىنىشىدىن ئىبارەت.

تەسكىرىي شاللىنىش، ئىلغىنىپ شاللىنىش دېمەكتۇر. مەلۇمكى، بىئولوگىيىلىك تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ تۈزۈلۈشى تەبىئەتتىكى ھايات رىقابىتىدىن كەلگەن. بىئولوگىيىلىك ئىرسىيەت گېنىنىڭ تاسادىپىي ئۆزگىرىشى كۈچلۈكلەرنىڭ تاللىنىپ مەۋجۇت بولۇش قانۇنىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەمما، بىر قىسىم ھاياتلىقنىڭ تەرەققىياتىدا تەدرىجىي تەرەققىياتقا قارشى شاللىنىش - مۇنەۋۋەرلەرنىڭ شاللىنىشى كېلىپ چىقتى. بۇ ئاخىرى تۇرلەردىكى چېكىنىش ۋە ئاجىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. جۇڭگونىڭ تارىخىدا ئەنە شۇنداق ئەھۋاللار مەۋجۇت.

يېقىندا، مەن «يېقىنقى زامان پەن - تېخنىكىسىدىكى چوڭ ئىشلار يىلنامىسى» دېگەن كىتابنى كۆرۈپ چىقتىم، بىر مەسىلە مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. مۇنداقلا ستاتىستىكىلاپ باقسام، 1651 - يىلدىن 1980 - يىلغا قەدەر دۇنيا پەن - تېخنىكىسىغا زور تۆھپە قوشقان كىشىلەر گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدىن ئەڭ كۆپ چىققان، ئاندىن قالسا فرانسىيە، روسىيە ۋە باشقا ياۋروپا ئەللىرىدىن چىققان؛ ئاسىيالىقلاردىن ئازراق چىققان بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپرەكى تېخى ياپونىيىلىكلەردۇر. خۇالوگېن، چېن جىڭرۇڭ، دىڭ جاۋجۇڭ، لى جېڭداۋ، ياڭ جېنىڭ قاتارلىق بىر قانچە كىشىدىن باشقا جۇڭگولۇقنى چېلىقتۇرغىلى بولمايدۇ. بۇ بىر قانچە كىشىنىڭ ئىچىدە پەقەت لى جېڭداۋ، ياڭ جېنىڭ، دىڭ جاۋجۇڭ قاتارلىق ئۈچ كىشىلا نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1986 - يىلى لى يۈەنجې نوبېل خىمىيە مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى چەت ئەلدە خىزمەت قىلغان ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان مۇھاجىرلاردۇر. دۆلىتىمىز شۇنچە قەدىمىي، بىر مىليارد 200 مىليون نوپۇسقا ئىگە ئەل تۇرۇپ، يېقىنقى 300 يىللىق پەن - تېخنىكا تارىخىدا دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە پەۋقۇلئاددە نەزەرىيىۋى بايقاش ۋە تېخنىكىلىق بۆسۈش بولمىدى. بىر جۇڭگولۇق بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ ئىشتىن ئىنتايىن خىجىل بولىمەن.

لېكىن خىجىل بولۇش پەقەتلا بىر ھېسسىيات مەسىلىسى. مەنلا ئەمەس ھەر بىر ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتچىسىمۇ ئۆز - ئۆزىمىزگە: «بۇ نېمە سەۋەبتىن بولغان؟»، «بىزدە نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىدۇ؟» دەپ سوئال قويۇشىمىز زۆرۈر.

ئىجتىمائىي قالاقلىق، پەن - تېخنىكا قالاقلىقى، سىنىپىي كۈرەش، ئاق فورمىسىنىڭ تەسىرى... شەك - شۈبھىسىزكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرىقى ئەھۋالنىڭ سەۋەبلىرىدۇر. بۇنىڭدىن سىرت يەنە بەزى مۇھىم سەۋەبلەرمۇ بار، ئەمما كىشىلەر ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىپ كېتەلمىدى.

## سەرخىللارنىڭ ئورنىنىڭ بېكىنمە بولۇشى ئىنقىلاب ۋە قالايمىقانچىلىقنىڭ بېشارىتى

ھازىرقى سوتسىئولوگىيە (جەمئىيەتشۇناسلىق) نەزەرىيىسى بويىچە قارىغاندا، ھەر بىر جەمئىيەتتە سىياسىي، ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەنئەت جەھەتتىكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدىغان سەرخىللار قاتلىمى بولىدۇ. لېكىن، ئوخشاش بولمىغان فورمىدىكى جەمئىيەتتە، بۇنداق سەرخىللارنىڭ بارلىققا كېلىش مەنبەسى ئوخشاشمىغانلىقى ئۈچۈن، قۇرۇلما شەكلىمۇ، ساپاسىمۇ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈنىلىشىگە كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ پەقەت ئوخشىمايدۇ.

ئىتالىيە ئالىمى پالېتتونىڭ نەزەرىيىسى بويىچە جەمئىيەت سەرخىللىرى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈنىلىش نۇقتىسىدا تۇرغان ھۆكۈمەت سەرخىللىرى، يەنە بىرى، ھەر ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەردىكى ئۆز ئىشىغا ئەڭ كامىل، ئەڭ مۇنەۋۋەر، ئەڭ قابىل ئىختىساس ئىگىلىرى بولۇپ، بۇلار كەسپىي سەرخىللاردۇر. تەرەققىي قىلىپ، ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان بىر جەمئىيەتتە يۇقىرىقى ئىككى خىل سەرخىللار ئوتتۇرىسىدا يۇرۇشمە مۇناسىۋەت قۇرۇلمىسى مەۋجۇت بولىدۇ. بۇنداق قۇرۇلما مۇكەممەل بولسا، ھەر ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەردىكى پاراسەت ۋە بىلىم جەھەتتىكى مۇنەۋۋەر سەرخىللار ھەر قايسى ساھەلەردىكى ھۆكۈمەت سەرخىللىرىنى دەل ۋاقتىدا تولۇقلاپ، تەرەققىيات يۈنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغانلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئەكسىچە، ئىچكى قىسمى بېكىنمە جەمئىيەتتە ئىككى خىل سەرخىللار ئوتتۇرىسىدىكى يۇرۇشمە مۇناسىۋەت ئۈزۈلگەن بولىدۇ. ھۆكۈمەت سەرخىللىرى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازى ۋە خۇسۇسىي پايدىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تۆۋەنرەك ئىجتىمائىي قاتلامدىكى ئاشۇ كەسپىي سەرخىللارنىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىغا دەسسىشىنى توسايدۇ. پالېتتونىڭ قارىشىچە، بۇنداق ئەھۋال تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتسە، بىر خىل زىتلىق شەكىللىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، كەسپىي سەرخىللار بوغۇلىدۇ ۋە ھوقۇقسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ، ھۆكۈمرانلار جەمئىيىتىدىكى «سەرخىللار» بولسا، مىراس ۋە ئىمتىيازى بىلەن ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا چىققان قارا قورساق، بىلىمسىزلەردىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. ئىنسانلار تارىخىدىكى ھەر بىر قېتىملىق ئىجتىمائىي ئىنقىلابنىڭ ھارپىسىدا مۇشۇنداق ئەھۋال شەكىللەنگەندى.

شۇڭا، پالېتتو مەشھۇر بىر تېئورمىنى ئوتتۇرىغا قويدى: بېكىنمە ھەم چىققىلى بولمايدىغان سەرخىللار ئورنى دائىم سىياسىي مۇقىمسىزلىقنىڭ سەۋەبى، ئىنقىلاب ۋە قالايمىقانچىلىقنىڭ بېشارىتى بولۇپ قالىدۇ.

## سەرخىللارنىڭ شاللىنىشى جۇڭگودىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى چاكىنىلاشتۇرۇۋەتتى

ئەمدى بىز جۇڭگودىكى ئەھۋاللارنى كۆرۈپ باقايلى:

بىز جۇڭگولۇقلار دۆت ئەمەس، بەلكى جاپا - مۇشەققەتكە چىدايدىغان مېھنەتكەش خەلق، بۇنى ھەممە بىلىدۇ. جۇڭگودىكى بەزى ئادەتتىكى زىيالىيلار جۇڭگودىن چىقىپ، ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرىگە بارغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا شۇ يەردىكى ئىلىم ئەھلىنىڭ ئالدى بولالىدى، بۇلار دۆلىتىمىزدە تۇرغاندا يارىماسلاردىن بولۇپ قالاتتى. نېمىشقا؟ چۈنكى ھەقىقىي كەسپىي سەرخىللار جۇڭگودا ھەمىشە باستۇرۇلىدۇ، بوغۇلىدۇ ۋە باش كۆتۈرەلمەيدۇ. باش كۆتۈرەلمەيلا قالماستىن، بەلكى

كۆتۈرۈلگەن شۇ باشناڭ ئۆزىمۇ ھەر خىل بىنورمال ئىجتىمائىي بېسىمدا ئۇجۇقۇپ كېتىدۇ. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، جۇڭگو جەمئىيىتىدە بىر خىل «سەرخىللارنى شاللاش» مېخانىزمى بار. بەزىلەر بۇنى پەقەتلا ئىجتىمائىي پسخىكا تەرىقىسىدە خۇلاسىلاپ، «شەرقچە ھەسەتخورلۇق» دەپ ئاتىدى.

ئېنىقكى، بۇلار قىسمەن سەۋەبلەردۇر. لېكىن تېخىمۇ چوڭقۇر سەۋەبلەرنى بىز ھازىر يولغا قويۇۋاتقان ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە نورغۇنلىغان تۈزۈملەردىن ئىزدىشىمىز لازىم. ئەمەلىيەتتىمۇ، جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىدە راستتىنلا سەرخىللارنى شاللاش مېخانىزمى بار. مۇنداقچە ئېيتقاندا، جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىكى مۇستەقىل پىكىر قىلىش روھىغا، ئاكتىپلىق ۋە ئىجادىيلىققا ئىگە ئاشۇ بىر قىسىم سەرخىللار ئەڭ ئاسان زەربە يەيدۇ ۋە زەخمىگە ئۇچرايدۇ، نورغۇنلىرى بىخ ھالىتىدىلا قۇرۇتۇلىدۇ، ئاز ساندىكىلىرى باش كۆتۈرۈشى بىلەنلا نابۇت قىلىنىدۇ. پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرى بولسا، ئۆزىنىڭ ئىجادىي خاسلىقىنى ئۆزگەرتىش ۋە يوقىتىش شەرتى ئاستىدا جەمئىيەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ. قەدىمقىلارنىڭ «ئېگىز دەرەخنى بوران سوقار، كۆلتۈك قاشنى سۇ يالار» دېگەن سۆزى دەل مۇشۇ سەرخىللارنىڭ شاللىنىش قانۇنىيىتىنى ئوبرازلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقىلارنى تولۇقلايدىغىنى بولسا، جەمئىيىتىمىزنىڭ ئادەم ئىشلىتىش تۈزۈمىدىكى ناچارلارنى تاللاش مېخانىزمىدۇر. كىشىلەرگە ئاللىقاچان ئايان بولغان ئەمەلىي ئەھۋال شۇكى، ھەر قايسى ساھەلەردە كادىرلارنى تاللاش، زىيالىيلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە تەكلىپ قىلىش قاتارلىق سەرخىللارنى تاللاش ھەرىكەتلىرىدە تاللىنىدىغانلىرى ھەمىشە مۇستەقىل كۆز قارىشى يوق، ئىقتىدارسىز، يۇمىلاق تاۋۇز - ياخشىچاقلار بولۇپ چىقىدۇ. ياكى شەخسىي غەرەز - مۇددىئالىرىنى ئەپچىللىك بىلەن يوشۇرالايدىغان، يالغانچى، ساختىپەز، پوچى، ھىيلىگەر، ئىككى يۈزلىمچى - سۇيىقەستچىلەر تاللاپ ئۆستۈرۈلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللارغا بۇرۇندىن تارتىپ دىققەت قىلىنىپ كېلىنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تاسادىپىيلىك دەپ قارالغان. ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە سەرخىللارنىڭ شاللىنىشىغا مۇۋاپىق ئىجتىمائىي قانۇنىيەت مەۋجۇت بولۇپ، لىن بياۋ كېيىنكى بىر تۈركۈم ئادەملەرنىڭ تىپىدۇر.

بۇ ئىككى خىل ئىجتىمائىي مېخانىزمنىڭ ئاقىۋىتى شۇكى، جۇڭگونىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرى ئومۇميۈزلۈك رەۋىشتە چاكىنىلىشىپ كەتتى. مۇشۇنداق مېخانىزملار مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتتە، بىز قانداقمۇ ئۇچقاندەك تەرەققىيات ۋە ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ئۈمىد قىلالايمىز؟

تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار زامانىمىزدىكى ئادەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ تۈزۈملىرىدىمۇ ئەكس ئەتمەكتە. باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپلا «ياخشى ئوقۇغۇچى» دەپ قارىلىپ، ئۈلگە قىلىنىدىغانلار ئادەتتە ئەڭ «گەپ ئاڭلايدىغان»، «يۇۋاش»، «قۇلىقى يۇمشاق» بالىلاردۇر. بىر قەدەر پەرقلىق ئەقىل - پاراسەتكە ۋە مۇستەقىل ئىجادىي خاسلىققا ئىگە بالىلار رامكىدىن چەتنەپ كەتكەنلىكى، ئاتالمىش «كەپسىزلىكى» بىلەن، مەسىلەن، جىم تۇرمايدىغانلىقى، كۆپ سوئال سورايدىغانلىقى، مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغانلىقى، كۆپچىلىككە ئەگەشمەيدىغانلىقى بىلەن يېتىلىش جەريانىدا بېسىلىش، سىقىلىش ۋە زىيان - زەخمەتلەرگە ئاسانلا دۇچ كېلىدۇ - دە، ئاخىرى خاسلىقى بۇرمىلىنىدۇ. (جۇڭگودىكى ئۆسمۈر جىنايەتچىلەرنىڭ ئىچىدە ئەقلىي جەھەتتە ئالاھىدىلىرى، ھەتتا ئادەتتىن تاشقىرى بولغانلىرى ئاز ئەمەس. بۇلارنىڭ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان مائارىپ ئىدىئولوگىيىمىزدىكى نۇقسانلار بىلەن مۇناسىۋىتى بارمۇ - يوق؟)

چېن شياڭمي خانىم جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەندە بېيجىڭدىكى بىر ئۈلگىلىك بالىلار باغچىسىغا بارغان. ئۇ، ئامېرىكىغا قايتىپ بېرىپ يازغان بىر پارچە ماقالىسىدا مۇنداق دېگەن: «جۇڭگودىكى بالىلار باغچىلىرىدا تەربىيىچىلەر ھەمىشە بالىلارنى باشقىلار قىلغان ئىشلارنى قىلماسلىقىدىن، باشقىلارغا ئوخشاش سۆزلىمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنى گەپ ئاڭلاشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئامېرىكىدا بولسا، كىشىلەر ھەمىشە بالىلارنى شەيئىلەرگە قارىتا ئۆزىنىڭ قارىشى ۋە ئويلىغانلىرىنى ئىپادىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈپ، ‹قانداق ئويلىدىڭ؟›، ‹قانداق قارايسەن؟›، دېگەن سوئاللارنى قويىدۇ». بۇ ئىككى خىل تەربىيە شەكلى ئەمەلىيەتتە ئىككى خىل تەربىيە نىشانىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. جۇڭگولۇقلار كىچىكىدىن تارتىپلا ئاۋامغا ماسلىشىدىغان، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىش ۋە تەڭشەشكە ئەھمىيەت بېرىدىغان قىلىپ تەربىيىلىنىدۇ. ئۇلاردا ئۆزىگە خاس ئارزۇ، خىيال ۋە كۆز قاراشلار بولغاندىمۇ، ئۇنى ئۆزى ۋە ئۆزگىلەرنى ئالداش تەرىقىسىدە يوشۇرىدۇ ھەم بوغىدۇ، شۇ ئارقىلىق مۇقىم، تۇرغۇن جەمئىيەتنى ساقلايدۇ. ئامېرىكىدا بولسا، بالىلارنى كىچىكىدىن تارتىپلا مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغان، ئويلىغانلىرىنى مۇستەقىل شەرھىيلەيدىغان ۋە ئىپادىلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەپ، مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان جەمئىيەت مۇھىتىغا ماسلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

## ھىيلە بىلەن مۇۋەپپەقىيەت ئوڭ تاناسىپ، تىرىشچانلىق بىلەن مۇۋەپپەقىيەت تەتۈر تاناسىپ

ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا ۋە باشقا ئىجتىمائىي مۇۋەپپەقىيەتلەردىن قارىغاندا، ئامېرىكا يېقىنقى 100 يىلدىن بېرى ئوخشاش جۇغراپىيىلىك شارائىت، نوپۇس ۋە بايلىق مەنبەسىگە ئىگە باشقا نۇرغۇن دۆلەت، مىللەتلەرگە نىسبەتەن زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئىختىساس ئىگىلىرىنى بايقاش ۋە يېتىشتۈرۈش جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى سىر مۇنداق بىر قانچە جەھەتتە كۆرۈلىدۇ:

1. باراۋەر رىقابەت پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەش.
2. ھەر بىر شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ كۈرەشنى رىغبەتلەندۈرۈش.
3. كىشىلەرگە باھا بەرگەندە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە سالاھىيىتىگە ئەمەس، بەلكى پەقەتلا نەتىجىسىگە قاراش.

www.uyghurkitap.com

ئەكسىچە، جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى رىقابەتنىڭ كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان يېرى، دەل بىرىلگەن پۇرسەتنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە بىرىلگەن باھانىڭ ئادىل بولماسلىقىدۇر. بىر ئادەمنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئارقا كۆرۈنۈشى، سالاھىيىتى، كىشىلىك مۇناسىۋىتى قاتارلىق بەزى تاسادىپىي، غەيرىي قانۇنىيەتلىك ئامىللار بىر ئىختىساس ئىگىسىنىڭ كەسىپ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى ياكى مەغلۇبىيىتىگە زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەم ئۇنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭلاشقا، بىر ئاقىل ئادەم دائىم ئۆزىنىڭ زېھنىي كۈچى ۋە ۋاقتىنى ئاشۇنداق ئىشلارغا ئىسراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھەتتا ئاخىرى بېرىپ بۇ ئىشلار بىر زىيالىينىڭ كەسپىي جەھەتتىكى تىرىشچانلىق دەرىجىسىدىن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ.

مۇشۇنداق ئىجتىمائىي مېخانىزم زىيالىيلارنى ھىيلىگەرلەشتۈرۈپ، شۆھرەتپەرەسلىك، ھوقۇق - مەنپەئەت، سالاھىيەت، ئورۇن قاتارلىق نەرسىلەرگە بەنت قىلىۋېتىدۇ - دە، ئاخىرى ئۇلار كەسپىي جەھەتتىكى تەتقىقاتقا ئۆزىنى بېغىشلاشنى خالىمايدۇ.

مۇشۇنداق ئىجتىمائىي شارائىت كىشىلەرنى مۇنداق بىر خۇلاسىگە ئىگە قىلدى: سېنىڭ نەتىجە قازىنىش - قازانماسلىقىڭ تىرىشچانلىقىڭغا باغلىق ئەمەس، بەلكى كاتتىلار ۋە ھوقۇقدارلارنىڭ قوللاش - قوللىماسلىقىغا باغلىق.

بىزنىڭ يۇقىرىقىدەك تەربىيە شەكلىمىز ئاخىرى شەخسىي سۇبيېكتىپچانلىق، ئىجادچانلىق ۋە مۇستەقىللىقنى ۋەيران قىلىش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. شۇڭا، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى تەبىئىي ھالدا سۇبيېكتىپلىق ۋە ئىختىرانى بوغۇدىغان، چەكلەيدىغان ۋە قىسىدىغان خاھىشلارغا ئىگە بولغان. سەپسېلىپ قارىساق، تارىختىن بۇيان ئوتتۇرىغا چىققان جۇاڭزى، بامبۇكزاردىكى يەتتە ئەۋلىيا، لى بەي، سۇدۇڭپو، شىن چىجى، سەككىز ئەنبىيا، ياڭجۇدىكى سەككىز پىر قاتارلىق تالانت ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ خىل مەدەنىيەتكە قارشى ئەسەبىيلىك بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن. بىراق ئۇلارنى ئەينى دەۋرلەردىكى جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت ئۆزىگە سىغدۇرالمىغان. ئۇلارنىڭ بىر ئۆمۈر زەربە يېيىشى، نەتىجىلىرىنىڭ نەزەرگە ئېلىنماسلىقى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس.

# پائالىيەتچانلىق گېنىنى قوزغاتقاندىلا دۆلەتنىڭ روناق تېپىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ

ھازىرقى جۇڭگودا ئەنە شۇنداق مېخانىزم بولغانلىقى ئۈچۈن ئاتالمىش «ئاكتىپلىقنى قوزغاش» مەسىلىسىنى دائىم تەكىتلەپ تۇرىمىز. بىز شۇنى سوراپ باقايلى، ئەگەر كىشىلىك تۇرمۇش ۋە پۈتكۈل ئىشلار جەمئىيەت، دۆلەت ھەمدە ھوقۇق تەرىپىدىن قاماللىۋېلىنسا، خۇددى كىشىلەر ھەزىل قىلىپ ئېيتقاندەك، تۇغۇلسا قايسى باللار باغچىسىغا كىرىش كېرەكلىكىنى، ئۆلسە قەيەرگە قويۇش كېرەكلىكىنى دۆلەت بېكىتسە، ھېچقانداق تاللاش ئەركىنلىكى بولمىسا، ئادەمنى بوغۇپ تۇرىدىغان مۇشۇنداق مەدەنىيەتتە كىشىلەر ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قانداق جارى قىلدۇرالايدۇ؟ ئادەمنىڭ ئىقتىدارى، ئىجادىي كۈچى جارى قىلدۇرۇلمايدىكەن، جەمئىيەتنىڭ قەدىمى ئەلۋەتتە ئاستا بولىدۇ.

بۇ يەردە بىز مۇنداق بىر تەرەپكە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك، چەت ئەل جەمئىيەتشۇناسلىرى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ زامانىۋىلىشىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلغاندا، مۇنداق بىر تەرەپنى كۆرسەتكەن: تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە زامانىۋىلىشىش پەقەت دۆلەتنىڭ مەقسىتىگە ئايلىنىپ قېلىپ، جەمئىيەت گىراژدانلىرىنىڭ ئاڭلىق تەلىپى ۋە ئاكتىپ ئېھتىياجىغا ئايلىنالمىغان. ئاۋامدا زامانىۋىلىشىشقا نىسبەتەن ئاڭلىقلىق ۋە شەخسىي قابىلىيەت كەم. مانا بۇ، زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاستا بولۇشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەب.

ياۋروپا ئەدەبىي گۈللىنىشىدىن كېيىن، دىن، ئىدىيە، مەدەنىيەت، جەمئىيەت جەھەتتە ئازادلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، شەخسلەرنىڭ ئىقتىساد، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاش ئاكتىپلىقى چەكسىزلىك دەرىجىسىگە بارغان، مانا بۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى قاتمال، ئۆلۈك ئىجتىمائىي ھالەتتىن قۇتۇلۇشتىكى مۇھىم كۈچ. بىراق، بىز بۇ جەھەتتە تا ھازىرغىچە سەل قاراپ كېلىۋاتىمىز. مانا بۇ، جۇڭگولۇقلاردەك مۇنەۋۋەر كىشىلەر، جۇڭگو مەدەنىيىتىدەك بىپايان تۇپراق تۇرۇپمۇ يېقىنقى زامانلاردىن بېرى پەن - تېخنىكا جەھەتتە يارىتىلغان كەشپىياتنىڭ نېمە ئۈچۈن ئېغىزغا ئالغۇسىز دەرىجىدە ئىكەنلىكىگە جاۋاب بولالايدۇ.

شۇڭا، مەن شۇنداق قارايمەنكى، ئىختىساسلىقلارنىڭ چۆكۈرۈلۈشى، سەرخىللارنىڭ شاللىنىپ قېلىشى، ناچارلارنى تاللاش مېخانىزمى ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىمىزدىكى ساقايماس كېسەللىكتۇر. بۇنداق مېخانىزم قۇرۇلمىلىق ئۇنۇم نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەنئەنىۋى جەمئىيەت تەرتىپىگە باغلانغان تۇرغۇنلۇق ۋە مۇقىملىقنى ساقلاپ قېلىشقا پايدىلىق. چۈنكى بۇ ئۈچ مېخانىزم ئىجتىمائىي مەدەنىيەتتىكى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش ئامىللىرىنى شاللاپ تاشلايدۇ.

بۇنىڭدىن بىز جۇڭگو تارىخىدىكى ئۆزگىرىش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى كۆرۈۋېلىپ يېتەلەيمىز. جۇڭگو جەمئىيىتى يۇقىرىقى ئۈچ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات ئامىللىرىنى شاللاپ تاشلىيالىسىمۇ، لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ جەمئىيەتنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئىقتىساد، سىياسىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەلەپلەر تۈپەيلى جەمئىيەت بەربىر تەرەققىي قىلىدۇ، ئۆزگىرىش ئامىللىرى ۋە كۈچلىرى مۇئەييەن دەرىجىدە جۇغلىنىپ، پارتلاش خاراكتېرىدىكى كۈچكە ئايلانغاندا، جەمئىيەتنىڭ ئەسلىدىكى تۈزۈلمىسىنى ئۈزۈل - كېسىل پاچاقلاپ تاشلىيالايدۇ. مانا بۇ، دەۋرىيلىككە ئىگە ئۆكتىچىلىك ياكى ئىنقىلاب. جۇڭگودا ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھاتنىڭ تەستە ئۈنۈم قازىنىشىمۇ يۇقىرىقى ئۈچ مېخانىزم بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

---

ئاپتورنىڭ «خەلقئارا مەدەنىيەت نەشرىياتى» نەشر قىلغان «كىرىزىس ۋە ئويلىنىش» ناملىق كىتابىدىن **ئابدۇقادىر جالالىدىن** تەرجىمىسى (M1)



# مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ ياتلىشىشى

ئابدۇقادىر جالالىددىن

تېنىمسىز ئىجتىمائىي غەۋغالار كۆپ هاللاردا بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارىخشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق مەسىلىلىرىگە سۆرەيدۇ، بۇ مەسىلىلەر پۇرقىراپ قايناپ تۇرغان قىلىن ئىس - تۈتەكلەر تەرىقىسىدە ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ئېكولوگىيىلىك بالانسنى غۇۋالاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ئاشۇ ئېكولوگىيىلىك بالانس ئۈستىگە قۇرۇلغان مەدەنىيەتنىڭ گۈزەل سۈبھىلىرىنى - ئەپسانە ۋە شېئىرلارنى، ئاۋازسىز مۇزىكىلارنى ئوچۇق كۆرەلمەيمىز ياكى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىمىز. بىز تەبىئەتتىن ئىبارەت بۇ غۇبارسىز گۈلنى پراگماتىزملىق مەنپەئەت نۇقتىسىدىن ئۆزۈۋاتقىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئىنسان غايىلىرىنىڭ پەرۋىشكارى سۈپىتىدىكى سۆزۈك شەبنەملىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن بولىدۇ. سانائەتنىڭ نېرۋىنى قوچۇۋېتىدىغان ئاۋازلىرى تۆپىلىدىن جۇدەپ كېتىۋاتقان سەنئەت ئىلاھى ئېستېتىكىنىڭ كۆنسېرى چۆللىشىپ كېتىۋاتقان رەستىلىرىدە ئۇنتۇلغان شەبنەملەرنى كۆتۈرۈپ يۈرمەكتە. قېرىسىمۇ بالا پېتى قېرىيدىغان شائىرلار ۋە سەنئەتكارلارنىڭ قۇياشى هەركۈنى ئاشۇ كىچىككىنە شەبنەمدىن كۆتۈرۈلىدۇ.

تەبىئەت بىلەن ئادەم مەدەنىيەت بالانسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ هەم ئىنزاهلايدۇ ياكى بىر - بىرىگە ئاغىدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ مەنىسى ۋە يۈكسەكلىكىنى دەل ئۆزىنىڭ سوبيېكتىپ پائالىيىتى ئارقىلىق يارىتىدۇ، چۈشىنىدۇ. ئىنسان ئەڭ باشتا تەبىئەتكە نىسبەتەن تەسەۋۋۇرلۇق ئىنكاس قايتۇرغانلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ ئالىيجانابلىقىنى سەزگەنىدى. كېيىن ئۇ ياشاش ۋە قوغدىنىش يۈزىسىدىن مەنپەئەتدارلىق خۇسۇسىيىتىنى تونۇدى، ئۇنى قاندۇرىدىغان نۇرغۇن ئەقلىي بايقاشلارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، ئۆزىگە نىسبەتەن پايدىلىق ۋاستىلارنى كۆپەيتتى. مۇشۇنداق ئەهۋال ئاستىدا، مەدەنىيەت بالانسى ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىيىتى، مۇهىتى، تۇپ شارائىتىنىڭ يامان سۈپەتتە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئاگاهلاندۇرۇش بېرىشكە باشلىدى. بۇنداق ۋەهىي ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق دەللىلىرى بىلەن ئاتموسفېرانى پۈتۈنلەي قاپلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرى يەنىلا پەرۋا قىلمىغان هالدا ئىنسانلارغا پايدىسىز يوقىتىشلارنى داۋام قىلدۇرماقتا.

ئاندىرو توماس: «ئىنسانلارنىڭ خاتالىشىش تارىخى ئۈيىنىلىپ تېخى ئاياغلاشمىغان پاجىئەلىك كومېدىيىدۇر» دېگەنىدى. مەزكۇر پاجىئەنىڭ كومېدىيىلىك تۈسكە ئىگە بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئىنسانلار تارىخىدىكى هەر بىر پەيغەمبەر ياكى هەر بىر دانىشمەن هەر خىل نۇقتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ئاگاهلاندۇرۇش بېرىپ كەلگەن بولسىمۇ، خاتالىشىش تېخى ئاياغلاشمىدى. شۇڭلاشقا، نەتىجىلەرنىڭ تارىخى قانچىلىك هەجىمدە يېزىلسا، خاتالىق ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ تارىخىمۇ شۇنچىلىك هەجىمدە يېزىلىشى كېرەك. لېكىن، ئادەملەر نەتىجىلىرىگە قالتىس خۇشتارلىقى بىلەن تارىخنى زەپەرنىڭ رەڭدار نەقىشلىرىدە زىننەتلەپ يازدى. بەلكىم، تارىخ ئىلمىنىڭ ئاگاهلاندۇرۇش قىممىتىگە سەل نامرات بولۇشىدىكى سەۋەب مۇشۇنىڭدا بولسا كېرەك.

خاتالىقنى تونۇپ يېتىش هەرگىزمۇ كەينىگە قايتىش، پۇشايمان هالىتىدە تۇرۇپ قېلىش ئەمەس، بەلكى داۋاملىق ئالدىغا مېڭىش، ساغلام

www.uyghurkitap.com

ھايات ئىمكانىيەتلىرىنى، جىنايەتسىز ئەقىل يۈرۈشلىرىنى، ئەندىزىلەرنىڭ مۇۋازىنەتلىك ئۆتۈشمىلىرىنى چەكسىزلىك پەللىسىگە يەتكۈزۈشتۇر. بىراق ھازىر مەۋجۇتلۇق شەكىللىرى ۋە جانلىقلارنىڭ تەبىئىي شاللىنىش قانۇنىنى بۈگۈنكى ئىنسانلارنىڭ بىنورمال ئەقىلچىلىق چوقۇنۇشى مونوپول قىلىۋالغاندەك تۇرىدۇ. بۇنداق مونوپولىيە جەمئىيەت ساھەسىدە ئەڭ مەركەزلىك ئەكس ئېتىپ، بىرەر كۈچلۈك تۈزۈم، بىرەر كۈچلۈك فورماتسىيە ئاجىز بولسىمۇ، ھاياتىي كۈچكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەندىزە ياكى جامائەتلەرنى، يېڭىدىن بىخ سۈرۈۋاتقان پارلاق ئىجتىمائىي غايىلەرنى چەكلىمەكتە. شۇنداق ئىكەن، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلىمىغا، ھەر قايسى ساھەلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىجتىمائىي تۈرلەرنىڭ شەرتلىنىش ھالىتى، ئەركىن رىقابىتى كاردىن چىقىدۇ - دە، ئاخىرى داۋاملاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان غەيرىي تىپلىق ئىجتىمائىي ئېۋولوتسىيە كېلىپ چىقىدۇ. ئەركىن رىقابەت يۈرگۈزۈلمىگەن جەمئىيەتتىكى ئادەملەر كۆپ ھاللاردا بۇزۇلغان ھۈجەيرىگە ئوخشاپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە لايىق مەۋجۇدلۇق قەۋىتىدىكى رولى تۈگەيدۇ، ئىنكاس بىلدۈرمەيدۇ، نەتىجىدە، جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىدىكى خامۇشلۇقنى ھەتتا پالەچلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئاۋۋال بىز جەمئىيىتىمىزنىڭ مەنىۋى قىياپەتلىرى، مۇناسىۋەتلىرى، ماددىي ئىستېمال يۈرۈشلىرىنىڭ مەنىۋىيەتكە يەتكۈزگەن خىلاپەتلىرى ئۈستىدە رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا توختىلايلى، ئاندىن بۇ ئارقىلىق تەبىئىتىمىزگە، سەنئىتىمىزگە، سەنئىتىمىزدىكى تەربىيەت، مەدەنىيەت سەممىيىتىمىزگە ئۆتەيلى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىگىلىك جەھەتتە دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان رايون بولۇپ، ئىقلىمى ئاساسەن قۇرغاق بولۇش، تۆت پەسىل ئېنىق ئايرىلىشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. دەريا - كۆللەر، بۇلاقلار، قار - يامغۇرنىڭ ياردىمىگە تايىنىدىغان سۇ ئىنشائاتلىرى ۋە سۇغۇرۇش سىستېمىلىرى بۇ رايوندىكى ئىگىلىكنىڭ ئەنئەنىۋى نېگىزىنى شەكىللەندۈرگەن. رايونىمىزنىڭ تېررىتورىيىسى كەڭ بولۇش بىلەن بىرگە ئېلېمېنتلىق تەركىبكە باي يەر ئاستى بايلىقلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، نېفىت زاپىسىنىڭ موللۇقى، قىممەت باھا مەدەنلەرنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. بۇ گۆھەر زېمىن ئۆزىنىڭ ھېسابسىز بايلىقى ۋە ئېنېرگىيە مەنبەسى بىلەن دۆلىتىمىز جۇڭگونىڭ ئېغىر سانائىتى ۋە دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاجايىپ زور تۆھپىلەرنى قوشماقتا. رايونىمىز ئىقلىم ۋە يەر تۈزۈلۈشى، تاغ - دەريالارنىڭ ئورۇنلىشىشى، تۇپراق قاتلىمى ۋە تەركىبى، ھۆل - يېغىن مىقدارى جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ سىستېمىنىڭ ھەر بىر بۆلۈكى بىر پۈتۈن ئىگىلىك بەلبېغىنىڭ تۈرلۈك نۇقتىلىرىنى ياراتقان. بۇ نۇقتىلار ئۆزىگە خاس ئىچكى ئەۋزەللىك بىلەن بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، رايونىمىزنىڭ يەرلىك سىياسىي، ئىقتىسادىي، تارىخىي مەۋجۇدىيىتىگە سەۋەبچى بولىدىغان قاتناش سىستېمىلىرىنى، شەھەر - بازارلارنى، سودا تورلىرىنى، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا تولۇقلاش مۇناسىۋەتلىرىنى، گۈللەنگەن قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى، ئورتاق تىل، ئورتاق يېزىق ئاساسىدىكى مەنىۋى مىراسلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. بىزنىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلىرىمىز، قىسسىلىرىمىز، شېئىرلىرىمىز، مۇقاملىرىمىز، ھېكمەتكە باي تۇرمۇش شەكىللىرىمىز ئەنە شۇ جۇغراپىيىلىك تەبىئىي، ئىجتىمائىي مۇھىتنى، بۇ مۇھىتنىڭ تارىخىي دەۋرلەردىكى مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرەلەيدۇ، بىزنىڭ مىجەز - خۇلقىمىز، تىلىمىز، تىلىمىزدىكى مەنا ۋە ئىنتوناتسىيە، ناخشا - كۈيلىرىمىزدىكى تېمپلار ۋە ئۇدارلار، ھەرىكىتىمىزدىكى ھالەتلەر، ئاش - تاماقلىرىمىزدىكى كۆپ خىللىقلار ۋە تەملەر، تارىخىمىزدىكى ئامەت ۋە ئاپەتلەر مۇشۇ مۇقەددەس زېمىننىڭ ھىدى، تەپتى، ھاۋاسى، تۇزى، سۈيى، شاملى، قۇياشى، ئېيى ۋە يۇلتۇزلىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن. شۇڭا، ئۆزىمىزنى چۈشىنىش مۇشۇ زېمىننى چۈشىنىشتىن ئايرىلالمايدۇ. قاچانكى بىز ئۆز مەدەنىيىتىمىزگە توغرا شەرھىي بېرەلىسەك، بىزنى قوچاقلاپ تۇرغان بۇ زېمىننىمۇ چۈشىنىمىز. شۇچاغدىلا بۇ زېمىن ئۆتمۈشتىكى پارلاق دەۋرلەردىكىدەك قايتا گۈللىنىدۇ.

بۇ يەر 21 - ئەسىرگە دېھقانچىلىق بىلەن كىرىپ يەنە دېھقانچىلىق بىلەن چىقىپ كېتىدىغان بولدى. دەرۋەقە، بەزى تاشقى ئۆزگىرىشلەر دۇنياغا كەلدى - يېڭىدىن ئاۋات شەھەرلەر بەرپا بولدى، تۆمۈر يول ۋە ھاۋا يوللىرى بۇ زېمىننى يىراق شەھەرلەر بىلەن تۇتاشتۇردى. نۇرغۇن ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى، كان، نېفىت ئورۇنلىرى پەيدا بولدى، پايانسىز يېزىلار سانائەتنىڭ جىددىي تەقەززاسى بىلەن تۇتاشقاندىن كېيىن پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ مۇنتىزىم كونتروللۇقىغا ئۆتتى. بۇ خىل ھالەت 80 - يىللاردىن باشلاپ تېز تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. ئىقتىسادىي ئىسلاھات دەۋرى يېتىپ كېلىپ، نۇرغۇن سودا بازىلىرى پەيدا بولدى. بازار ئىقتىسادىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بۇ بازىلارنى جانلاندۇردى، كېڭەيتتى ۋە تېز سۈرئەتتە

كۆپەيتتى. سىرتقى رايونلارنىڭ سودا ۋە يېنىك تېپتىكى سانائەت شىركەتلىرى قىزغىن جەلپ قىلىندى. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ۋە سايمانلىرى، خىمىيىلىك ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق، يېڭى يېتىشتۈرۈلگەن زىرائەت ۋە مېۋە سورتلىرى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۈسكۈنىلىرى، يەرلىك ئۇسۇلغا يات زامانىۋى تۇرمۇش بويۇملىرى، ئەرزان باھالىق كىيىملەرنى توپ سېتىش ئورۇنلىرى، ئۆزگىچە تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش قۇرۇلمىلىرى ئەلمىساقتىن بۇيانقى ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا - سېتىقلارنى شىددەت بىلەن شاللاپ تاشلىدى. بۈگۈنكى دېھقاننىڭ يەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ مەزمۇنى تارىختىكى ھېچقانداق دەۋردىكىگە ئوخشىمايدۇ. سودا - سانائەتنىڭ جىددىي ئېھتىياجى دېھقانلارنى پاختا، يىپەكنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان يېزا ئىگىلىكىگە مۇستەھكەم باغلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن سانائەتنى شەرت قىلغان پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىشى، ئاندىن كۈندىلىك ھاياتىنىڭ بىردىنبىر كاپالىتى بولغان بۇغداي، قوناق قاتارلىقلارنى ئويلىشى كېرەك. بۇلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، يېزا بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەت ئۆتكۈرلەشتى. شەھەرنىڭ يېزىغا بولغان بىۋاسىتە تەسىرى ئومۇملاشتى. شەھەر ئۆزىنىڭ بارغانسېرى زورىيىۋاتقان ئېگىز بىنالارغا تولۇۋاتقان ئېغىر گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن پۈرقىراپ ئىس چىقىپ تۇرغان ئاغزىنى يېزىلارغا سوزماقتا. شەھەرلەردە ئىشلەنگەن سۇلياۋ يوپۇق، خىمىيىۋى ئوغۇتلار تۇپراقنىڭ تەركىبىنى بارغانسېرى ئۆزگەرتتى. ھاشاراتلارنىڭ ياشاش ئىقتىدارى خىمىيىۋى دورىلارنىڭ كۈچىگە قارشى ئېشىپ، خەۋپلىك ئەلپازغا كىردى. كىشىلەر بارغانسېرى ئۆزىگە نىسبەتەن قولايسىز شارائىتقا كىردى. ئۇلارنىڭ ئويلاش، پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرى ئۆزگەردى، ئىندىۋىدۇئال تەلەپلىرىدىن مۇستەسنا ھالدىكى قىممەت قارىشى گاڭگىراپ تۇرغان مېڭىسىگە يېپىشتى. يېزا جامائەتلىرىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنى «نېگىز» دېگەن ئۇقۇمغا مەركەزلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىپ باقايلى. بۇ يەردىكى نېگىز شەيئىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى مەزمۇنىنىڭ توپ ئامىلىنى كۆرسىتىدۇ. ھەر قانداق بىر جەمئىيەت مەيلى تەرەققىي قىلغان بولسۇن ياكى ئارقىدا قالغان بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ تۈزۈلمىسى ئىلغار بولسۇن ياكى قالاق بولسۇن مۇئەييەن بىر نېگىزگە ئىگە بولماي قالمايدۇ. دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىككە تايىنىش بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي نېگىزى، بېكىتىلگەن ئاڭ فورمىسىغا لايىق ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مائارىپنىڭ نېگىزى. دېمەك، ئىجتىمائىي نېگىز جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى ۋە تەرەققىياتىغا مۇناسىپ رەۋىشتە بارلىققا كېلىدۇ ۋە ياكى ئۆزگىرىدۇ. ئۇ ئەلۋەتتە بىر مىللەتنىڭ مۇئەييەن تارىخى، جۇغراپىيىلىك شارائىتىغا يارىشا شەكىللەندۈرگەن ئىگىلىك شەكلىنى مەركەز قىلىدۇ. جۇڭگودا سوتسىيالىستىك بازار ئىقتىسادىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىگە تەدبىقلىنىشى، يېزا ئىگىلىكىدە يۈرگۈزۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ تەۋەككۈلچىلىك روھى بىلەن كېتىۋاتقان سانائەت ۋە سودىنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇندۇرۇلۇشى يوقىرىقىدەك ئىجتىمائىي كەيپىياتلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن مىللىي جەمئىيەتنىڭ نېگىزىنى ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. دېمەك، مىللىي جەمئىيەتنىڭ تايانچ كۈچ نۇقتىسى ئاستا - ئاستا يۆتكىلىشكە باشلىدى. بۇ ناھايىتى روشەن مەدەنىيەت كىرىزىسىدىن بېشارەت بەرگەن ھالدا مىللىي ئەخلاق، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەردە ئۆزگىرىش ياسىدى.

مەن 22 ياشقا كىرگىچە بولغان پۈتكۈل ھاياتىمنى يېزىدا ئۆتكۈزدۈم. يۇرتۇم قەشقەر بەشكېرەم تېپىك بىر ئۇيغۇر يېزىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مېنى ئۆستۈردى. مەن ئادىمىيلىككە كىرىدىغان دەسلەپكى ئۇنىۋېرسال تەربىيە (دىن، ئەخلاق، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئەمگەك قاتارلىقلار-غا ئائىت تەربىيە) نى مۇشۇ يەردە ئالدىم. بۇ يەرنىڭ بۆك - باراقسان باغلىرى، ئورمانلىرى، كۆجۈم مەھەللىلىرى، پاكىز سۇلىرى، ئەركىن قۇشلىرى ماڭا تەبىئەت ھەققىدە تۇنجى دەرسلەرنى بەرگەن. يېرىم كېچىدىكى ناخشا ئاۋازلىرى، مۇڭلۇق نەي سادالىرى، مەسچىت پەشتىقىدىن كەلگەن سوزۇق ئەزان ئاۋازلىرى ماڭا مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچىنى تونۇتقان. بۇ يەرنىڭ خۇش چاقچاق، مېھماندوست كىشىلىرى ماڭا ئادىمىگەرچىلىكنى ئۆگەتكەن. مېنىڭ كېيىن ئۆگەنگەنلىرىم تامامەن يۇرتۇم بەرگەن ئاشۇ دەسلەپكى تەربىيىنى يىلتىز قىلىپ كۆكەردى ۋە چېچەكلىدى. مەن پۈشكىن، يېسىنىن، نېرۇدالارنىڭ شېئىرلىرىدىن ئانا سەھرايىمنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق ھوزۇرلاندىم. بالىلىق دەۋرىمدە يۇرتۇمنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدىن كۆرگەن يۇلتۇزلار ئارقىلىق كېپلېر، كوپېرنىكلار ئۆگەتكەن قانۇنلارنى چۈشەندىم. دېمەك، يۇرتۇم ئانا مەكتىپىم سۈپىتىدە ماڭا كەلگۈسىدىكى ئىلىملەرنىڭ خېمىرتۇرۇچىنى بەرگەن. ناھايىتى روشەنكى، مۇھىت ئۆزى يېتىشتۈرگەن ھەر بىر ھاياتلىق ئۈچۈن ئۇنۇمى بىباھا مەكتەپ. ئۇنىڭ تەبىئەتكە خاس ساغلام قىياپىتىنىڭ قوغدىلىشى ئەمەلىيەتتە جەمئىيەت مائارىپىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدىكى ئالدىنقى باسقۇچ. ئەپسۇسكى، مەن ھەر قېتىم يۇرتۇمنى يوقلاپ

www.uyghurkitap.com

بارغىنىمدا بالىلىق دەۋرىمدىكى گۈزەل قىياپەتلەرنىڭ ۋەيران بولۇۋاتقانلىقىنى، كىشىلەردىكى ئەخلاقىي، مەنىۋى ساپانىڭ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن. ئۇلار يەرگە مىخانىك رەۋىشتە باغلانغان ھالدا شوخ، خۇش خۇي، جانلىق تۇرمۇش شەكلىدىن مەھرۇم بولغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا يېزىمىزنى جانلاندۇرۇۋېتىدىغان ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، خوراز سوقۇشتۇرۇش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش، باراۋەت، تۇنەك، مەشرەپ ئادەتلىرى جىمىقىپ كەتكەن، ھەتتا بالىلارمۇ ئۆزىگە خاس ئويۇنلارنى تەرك ئېتىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ تىرىكچىلىك ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ كەتكەن. مانا ھازىر ئورما ۋە خامان ناخشىلىرىنىڭ ئورنىنى تراكتورنىڭ ئاۋازى، تۈگمەن بېشىدىكى بۇرغىنىڭ ئاۋازىنى توك تۈگمىنىنىڭ ئاۋازى ئالغان. ئەمدى سۇچىلارنىڭ، ئوتۇنچىلارنىڭ، تۇزچىلارنىڭ، جىسەكچىلەرنىڭ ئاھاڭلىرىنى ھەرگىز ئاڭلىغىلى بولمايتتى. گويا ھەر بىر نەرسە - ئېتىقاد، مۇھەببەت، ئادەمگەرچىلىك قاتارلىقلار بازار ئىقتىسادىنىڭ دولقۇنىغا ئەگىشىپ تاۋارلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن، پۇل ئېغىز دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى، ئاي نۇرى، قۇشلارنىڭ سايراشلىرىغا قەدەر سىڭىپ كەتكەنىدى. ماددىي ئامىللارلا ئەمەس، بەلكى فولكلور ۋە مەنىۋى دۇنياغا تەئەللۇق ھېسسىي ئامىللار دەۋر كەلتۈرۈپ چىقارغان پۇل ۋەسۋەسىدىن ئىبارەت ماگىنىتنىڭ ئەتراپىغا تۆمۈر ئۇۋاقچىلىرىدەك ئويۇشۇپ كەتكەنىدى. بۇ ئەھۋاللار كارل ماركس «پەلسەپە نامراتلىقى» دېگەن ئەسىرىدە قەيت قىلىپ ئۆتكەن: «دۇنيا لاتاپەتلىك بىر كىتاب، شۇنداقلا بۇ كىتابنى ئوقۇشنى بىلمەيدىغانلار ئۈچۈن تاۋار» دېگەن سۆزىنى ئەسكە سالىدۇ. بىراق بۇ پىكىر كىشىگە مۇنداق بىر مەسىلىنى قويىدۇ: دۇنيا ياكى تەبىئەتتىن ئىبارەت بۇ كاتتا بەدىئىي ئەسەرنى ئوقۇشنى بىلگەنلەر كېيىن نېمە ئۈچۈن ساۋاتسىزغا ئايلىنىپ قالدى؟ بۇ يەردە مەنىۋى بايلىق قارشى بىلەن ماددىي بايلىق قارشى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەتتە ساقلىنىۋاتقان تەڭپۇڭسىزلىق ئاشكارىلىنىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىقتىسادى ئالدى بىلەن زاۋۇت، كان - كارخانىلار، سودا ئورۇنلىرى، پوچتا، قاتناش، تۆمۈر يول، ئاۋئاتسىيە تارماقلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئىلھامىنى قوزغاپ ھەتتا قانات ياساپ ئۇچۇردى. شەھەرلەر خېلى مەزگىل ئارزۇلۇق بالىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ، مۇقەررەر ھالدا يېزىلارغا بېسىم ۋە جىددىيلىك ئېلىپ كەلدى. شۇنداق ئىكەن، ماددىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە بولغان چوقۇنۇش يېزىلارغىمۇ يامراپ، ئەسلىدىلا ئاز - تولا تەييارلىقى بولمىغان يېزا خەلقىنىڭ مەنىۋىيىتىنى تەبىئەت قانۇنىيىتىگە خىلاپ يوسۇنداق غىدىقلىدى.

جەمئىيەتشۇناسلار جەمئىيەت قىياپەتلىرىنى ھەر خىل نۇقتىدا تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشتى. جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى، تىپى ۋە شەكلىنى چۈشەندۈرگەندە، بەزىلەر ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى چىقىش قىلدى، بەزىلەر روھىي، دىنىي ئامىللارنى چىقىش قىلدى، بەزىلەر تەبىئىي جۇغراپىيىلىك مۇھىتنى چىقىش قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشىمىغان جەمئىيەت خىللىرى ۋە قاتلاملىرىنى ئاساس قىلغان كەشپىياتلار بولۇپ، يەنىلا، ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى جەمئىيەت ئەمەلىيىتىگە قارىتا قانداق تەدبىقلاش مەسىلىسىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى ئېقىملار غەرب جەمئىيىتىنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى نۇسخىلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق شەرق جەمئىيەتلىرى دۈچ كەلگەن مەسىلىلەرگە مۇپەسسەل جاۋاب تاپقىلى بولمايدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق مەسىلىلىرى بەرىبىر ئادەم ئۈستىدە كونكرېتلىشىدۇ، ئادەممۇ مۇئەييەن مۇھىت ئىچىدە كونكرېتلىشىدۇ. مەيلى ئىجتىمائىي ئادەم بولسۇن، مەيلى تەبىئىي ئادەم بىلسۇن، ئۇنىڭ ئىرقى، مىللىي مەنسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئالدى بىلەن تەبىئەتنىڭ بىر پارچە ئەسىرىدۇر. ئۇنىڭدا بەرىبىر تەبىئەتنىڭ تومۇرىدا قايناپ تۇرغان قاننىڭ سىماسى بولىدۇ. خۇددى بالىنىڭ تەققى - تۇرقى ۋە مىجەزى ئانا ۋە ئانا ياشىغان مۇھىتنىڭ سۈپەت مەنىسىگە باغلىق بولغىنىدەك كىشىلەرنىڭ بىئولوگىيىلىك ۋە پىسخولوگىيىلىك ساپاسى شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئالامىتى ئانا تەبىئەت بىلەن بىر تۇتاش بولىدۇ. تەبىئەت مۇئەي ەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، جۇغراپىيىلىك مەزمۇنغا ئىگە. تارىخىي يىللار داۋامىدا بۇ مەزمۇن ئۆزگىرىدۇ ياكى بۇ مەزمۇننىڭ ئۆزگىرىشى تارىخنىڭ سەھىپىسىنى ئۆزگەرتىدۇ.

يېزىلىرىمىزدىكى خاس مىللىي ھالەتلەر نېمە ئۈچۈن شۇنچە تېز ئۆزگىرىدۇ؟ ئەنە شۇ مىللىي ھالەتلەرنىڭ سەمەرىسى بولغان ئەلنەغمىلەر، يوسۇنلار نەگە كەتتى؟ ئالدى بىلەن بۇ رايوندا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىقتىسادىي سىياسەتلەر مۇشۇ زېمىننىڭ روھى، خەلقلىرىنىڭ روھى، ئۇلارنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى، سۈرئىتى ۋە نېگىزلىك مەنىسىنى شاللىدى. بايقاش ۋە قانۇنلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان مۇشۇ زېمىننىڭ خاس ئىجتىمائىي ئىقلىمىنىڭ مەھسۇلى بولىدىغان جەمئىيەت قانۇنى ۋە ئىقتىسادىي قانۇنى كۆمۈلۈپ قېلىش خەۋپىگە يۈزلەندى.

گېرمانىيە جەمئىيەتشۇناسى ماكس ۋېبېر قەدىمكى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ماھىيەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ، قىشلاق ۋە شەھەرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۇلارنىڭ سىياسەت، ئىقتىساد جەھەتتىكى رولىنى كۆڭفۇزى روھىنى مەركەز قىلغان بېكىنمە ھوقۇق سىستېمىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىنچىكە تەھلىل قىلغان. ئۇ،

جۇڭگودىكى شەھەرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە گۈللىنىشى كارخانىچىلارنىڭ رولىغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ پىلانلىشى ئارقىسىدا بولغان، پات - پات يۈز بېرىدىغان سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ۋە سۇلالىلەرنىڭ ئالمىشىشلىرى ھۆكۈمرانلارنىڭ مۇداپىئەلىنىش ئېھتىياجىنى كۈچەيتىپ، شەھەرلەر قېلىن سېپىللار بىلەن قورشالغان، نەتىجىدە، پۇقرالار شەھەر ئىچىدە بېكىنىپ ياشاپ، ئەركىن سودا كارۋانلىرىغا ئايلىنالمىغان، دەپ شەرھىيلەيدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ خاس جۇغراپىيىۋى، ئىقتىسادىي، مەدەنىي سىستېمىلىرى بىلەن جۇملىدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئوخشىمايدىغان تەبىئەت قارىشى ۋە دىنىي ئېتىقادى بىلەن ۋۇجۇتقا كېلىپ، تەرەققىي قىلغان. تارىختىكى «يىپەك يولى» ئەجدادلىرىمىز ياشىغان بۇ قەدىمىي دىيارنى سودا ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇپ، دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ غوللۇق ئېقىنلىرى خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش دېڭىزىغا راۋان قويۇلۇپ تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ تۇپراقنىڭ سودا كارۋانلىرى يىراق ئەللەرگە ئۆز مەدەنىيىتىنى تاراتقان. پەيلاسوپ ۋە جەمئىيەتشۇناس يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كاتتا ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» دە ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك مۇجەسسىمى بولغان دۆلەت، ھوقۇق قۇرۇلمىسى، قانۇن روھى، تەبىئەت روھى مۇپەسسەل ئەكس ئەتكەن.

ئادەم ھاياتلىقىنىڭ بىر ئەزاسى نۇقتىسىدىن تەبىئىي مۇھىتنىڭ فۇنكسىيىلىك مەنىسىگە ئالىي دەرىجىدە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ جەمئىيەت دائىرىسىدىكى سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى يەنىلا تەبىئەتنىڭ ئىپتىدائىي رىشتى، زوقى، ئىلھامى ۋە ھاياتبەخش ئۇچۇرلىرىنى شەرت قىلىدۇ. بىز بەدەندە مۇئەييەن بىر قانۇنىيەتلىك ھەرىكەتنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىكەنمىز، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىك ھەرىكىتى بىلەن گارمونىك رەۋىشتە تۇرىدىغانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىمىز. ئىنسان روھىنىڭ قانۇنىيەتلىك ھەرىكىتى ۋە جەمئىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىك ھەرىكىتىچۇ؟ دېمەك، ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇق دۇنياسىدا بىر ئومۇمىي قانۇنىيەت بار. بۇ قانۇنىيەتتىكى بىردىنبىر ماھىيەت بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان شەكلىي ئۆزگىرىش بىلەن تەبىئەت، ئادەم، جەمئىيەت زەنجىرلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. تەبىئەت قانۇنىنىڭ ئىلاستىكىلىق خۇسۇسىيىتى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ قىلمىشلىرى مۇئەييەنە بىر پەللىگە يەتكەندە، ئاندىن ئۆزىنىڭ سوتىنى ئۈزۈل - كېسىل ئاچىدۇ.

مىللەتلەر ئوخشىمىغانىكەن، ئۇلارنىڭ ئۆتمۈش تارىخىي دەۋرلەردىكى جەمئىيەتلىرىنىڭ يىلتىزى، مەدەنىيەت قاتلىمى، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلىرى ئوخشىمىغان بولىدۇ. ئۇلار ئۆزىگە خاس تارىخىي مۇھىت ئىچىدە شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىدە ياشاپ كۆنگەن، ئويلىغان ۋە ئىجاد قىلغان. ئەگەر باشقىلار تەرىپىدىن تەقدىم ئېتىلگەن جەمئىيەت نۇسخىلىرى، باشقۇرۇش قۇرۇلمىلىرى ۋە ئىقتىسادىي يۈرگۈزۈلمىلەر يەرلىك خەلقنىڭ مەنىۋى ئاتموسفېراسىنىڭ مۇۋاپىق تاللىشىغا تاپشۇرۇلمىسا، يەرلىك خەلقنىڭ دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى، ئېتىقادىنىڭ يۈكسىلىش سۈرئىتى بىلەن ماس قەدەم ھاسىل قىلمىسا، كىشىلەر قەلبىدىكى غورۇر - ئىپتىخارلارغا ۋەكىللىك قىلمىسا، قىسقىسى يەرلىك خەلقنىڭ ئىچكى تەقەززاسى بەلگىلىگەن زۆرۈر ئېھتىياجغا ئايلىنالمىسا، مىللىي جەمئىيەتنىڭ ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى كاردىن چىقىدۇ. شۇ چاغدا بىز مىللىي مەدەنىيەت تۇپرىقىدىكى زور يوقىتىشلارنى، ئەخلاقىي بۇزۇلۇشلارنى، تەبىئەتنىڭ ئېغىر خانىۋەيران ھالىتىنى، ئەقلىنىڭ چىرىگەن مۇردىلىرىنى، ئاھالىلەرنىڭ پاسسىپ تىرىكچىلىكىنى، ئۇلارنىڭ كەمسىتىلگەن روھىي مۇھىتتىكى تىپىرلاشلىرىنى كۆرمەي قالمايمىز.

بىپايان چۆل - جەزىرىلەرنى كېسىپ ئۆتكەن تۆمۈر يوللار يېڭى شەھەر - مەھەللىلەرنى بىنا قىلدى. يېڭىدىن ياسالغان تاشيوللار خىلۋەت يېزىلارغا قەدەر تۇتاشتى. توك بىر قىسىم يېزىلارغا ئۆزگىچە تۇرمۇش مەنزىرىسىنى ئېلىپ كەلدى. تېلېۋىزور يېزا بوسۇغىلىرىدىن ئاتلاشقا باشلىدى. توك بىلەن بولىدىغان ئەسلىھەلەر ئەمدىلەتىن پەيدا بولۇپ، ئەنئەنىۋى قورال - ئۈسكۈنىلەر بىر - بىرلەپ ئەمەلدىن قېلىشقا باشلىدى. توك تۈگمىنى سۇ تۈگمىنىنى ئىنكار قىلدى، ماي زاۋۇتى جۇۋازنى ئىنكار قىلدى، سۇلياۋ ۋە باشقا قېتىشمىلاردىن ياسالغان ئۆي سايمانلىرى ئەسلىدىكى ياغاچ سايمانلارنى، قاپاقلارنى، مىس چۆگۈن، مىس قازانلارنى ئىنكار قىلدى. بىر تۇتاش تارقىتىلىدىغان مىللىي تۇرمۇشقا يات تېلېۋىزىيە نومۇرلىرى مەھەللىۋى سەنئەتنى ئىنكار قىلدى. ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ لېنتىلىرى خەلق سازەندىلىرى ۋە ناخشىچىلىرىنى بىر مەزگىل يېتىم قالدۇردى... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنى تەنتەنە قىلدۇرغان ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئالامەتلىرى. زامانىۋىلىشىش، دۇنياۋى تەرەققىيات بىلەن بىر گەۋدىلىشىش، ئىنسانغا مەنسۇپ بولىدىغان بارلىق ئىجتىمائىي ئەۋزەللىكلەرگە ئېرىشىش خەلقىمىزنىڭ ئارزۇسى. بىراق، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئانا يىلتىزىدىن ئايرىلىپ قېلىش بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئارزۇسى ئەمەس. خەلقىمىز ئۆزى قوللىنىۋاتقان ھەر بىر قورالدا ياكى ھەر بىر سىستېما ۋە ياكى فورمىدا ئۆزىنى كۆرەلىشى، ئۆزىنىڭ ئىجاد قىلىش،

www.uyghurkitap.com

كەشىپ قىلىش جەھەتتىكى خاس روھىنى جارى قىلدۇرالىشى، ئۇلار ئۆز ئەقلىنىڭ مۇناسىپ پائالىيەتلىرىنى قاتناشتۇرالىشى، ئومۇمەن تەرەققىياتنىڭ ھەر بىر دولقۇنىدا ئۆز ئىرادىسىنىڭ يارقىن جىلۋىسىنى ئۇچرىتالىشى كېرەك. بارلىق ئەقلى ۋە مۇلكىنى ئېتىز - ئېرىقنى مەركەز قىلغان ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىغا بەنت قىلىۋېتىپ، ئۆسۈملۈك ھاياتىدەك پاسسىپ ئىنكاس بەدىلىگە ئېرىشىلگەن تۇرمۇش ۋاستىلىرى دەل مىللىي جەمئىيەت بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قەتلىگاھىدۇر.

ئۇرۇمچى مىللىي مەدەنىيىتىمىز ئېلىپ چىقىۋاتقان تراگېدىيىلىك رولنىڭ ئەڭ تىپىك سەھنىسى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئەڭ چوڭ شەھەرنى قېرى مەدەنىيەت ساھىبى بولمىش بىر مىللىي رايوننىڭ ئەينىكى دېيىش قىيىن. بۈگۈنكى ئۇرۇمچىنىڭ قىياپىتى، كەيپىياتى، ئالاقە ۋاستىلىرى ۋە فورمىلىرى ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىقتىدارى بولمىغان خېچىر مەدەنىيەتنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، غەرب كىنو - تېلېۋىزىيىسىنىڭ شاللانما بۇيۇملىرى ۋە ئۇنىڭغا بولغان نادانلارچە تەقلىد بىلەن، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى چوڭ شەھەرلەر ۋە باشقا تاشقى جايلار زېرىككەن ئادەتلەر، ئۇسكۈنە - قوراللار، شەكىل - نۇسخىلار، ھاراق - تاماكىلار، زەھەرلىك چېكىملىكلەر، يېمەك - ئىچمەكلەر، قائىدە - يوسۇنلار، تەرتىپ - مىزانلار بۇ يەردە ئۆز ئارا ئۇچرىشىدۇ. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان مەنىۋى ئەخلەتلەر ئەڭ ساپ ھاۋانى، پاكىز ۋىجداننى، ساغلاملىقتا ياتىدىغان ئېلېمېنتلارنى، جەمئىيەتكە قان ۋە ئاقسىل بېرىدىغان غايە - مەسلەكلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن چىرىتىپ تاشلايدۇ.

ئىسلاھاتنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىگە تولغان بۇ شەھەر ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد، سىياسەت مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئېگىز بىنالارغا، تارام - تارام يوللارغا، سېتىقچىلارنىڭ ھارۋا - غالتەكلىرى بىلەن تولغان تار كوچىلارغا، ئېتىقادى بىلەن كارى يوق، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن تېرىككەك ئادەملەرگە، توپ تارقىتىش مەركەزلىرىگە تولغان زور گەۋدىسىنى قۇرۇپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھەيۋەتلىك تۇرقى بىلەن ھەم سىرتنىڭ بىراك ماللىرىنى ئىستېمال قىلىپ، سىرتنى ئادالاپ بېرىدىغان تازىلىق ئىشچىسى، ھەم تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى پايانسىز يېزا - قىشلاقلارنىڭ ساخاۋەتلىك داستىخانىدا ئولتۇرۇپ، چىشلىرىنىڭ ئاراچلىرىدىكى گۆشلەرنى تازىلاۋاتقان كىبىرلىك مېھمان.

بۇ يەر دىپلوم، دەرىجە، مەنسەپ كويىدىكى ئادەملەرنىڭ قىزغىنلىقلىرى بىلەن تولغان. ئادەمدىكى ئىقتىدارنى نومۇر بىلەن ئۆلچەيدىغان ئىمتىھان ماتارېپى (جاھاندارچىلىق، كۆز كۆچۈرۈش ماتارېپى) تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى مىليونلىغان ياشلارنىڭ دىققىتىنى مۇشۇ يەرگە مەركەزلەشتۈرگەن. ئاتا - ئانىلار ئىمتىھان، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنى تەقسىملەيدىغان ۋاقىتلاردا باللىرىنىڭ ئىستىقبالى قايغۇسىدا خۇددى ئافرىقىدىكى ئاھالە كەلكۈنلىرىدەك ئۇرۇمچىگە قاراپ ئاقىدۇ. كوچا - كوچىلاردىكى دەڭ - سارايلار، ئىشخانا - ئىشخانىلاردىكى يانچۇق ۋە ئاشقازانلار بۇ ساددا مېھمانكەشلەرنىڭ ئاز - تولا بايلىقلىرىغا ئاغزىنى ئاچىدۇ. ئۇلار تاپقان - تەرگەنلىرىنى ئۇرۇمچىگە قېقىۋېتىپ، ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئارىسىدا قالغان تەشۋىشلىرىنى يۇدۇپ ئۆز ماكانلىرىغا قايتىدۇ.

يەر شارى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق، مۇھىت كىرىزىسى ۋە تۈرلۈك ئاپەتلەرگە قارشى تۇرۇش جەھەتتە بىر گەۋدىلەشتى. ئۇچۇر لىنىيىلىرى ۋە ئالاقە تورلىرىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن تېز ئۇنۇمى ماكان، زامان مۇناسىۋىتى جەھەتتە يەر شارىنى كىچىكلەتتى. شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز جاھان تاۋىكالىرىدىن قانچىلىك يىراق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەرەققىياتنىڭ غىدىقلىشىغا ئۇچرىماي قالمايدۇ. مەدەنىيەت خىللىرىنىڭ ئۇچرىشىشى، بىر - بىرىگە تەسىر قىلىشى، ئاخىرىدا زامانىنىڭ تەلىپىگە لايىق تاللانغان مەدەنىيەت سەمەرىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى، بىر مۇقەررەرلىك سۈپىتىدىكى قوبۇللانما بولۇپلا قالماي، يەنە بىز ئۈچۈن بىر زۆرۈرىيەتتۇر. بىراق شەرت شۇكى، جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر كۈچ نۇقتىسى (ھەر بىر مىللەت، ھەر بىر ئۇيۇشما، ھەر بىر شەخس) ئۇنىڭدىن ئۆز ئەركىن ئىرادىسىنىڭ جەۋھىرى ئىزلىرىنى تاپالىشى كېرەك. دېمەك، ھەر بىر ئەركىن ئىرادىنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۆزىنى ئىسپاتلىشى ئارقىلىق يارىتىلغان مەدەنىيەتنى ئورتاق مەدەنىيەت دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق مەدەنىيەتنى ھەر بىر جەمئىيەت ئەزاسى سەمىمىي مۇھەببەت ھېسسىياتى تولۇق تەستىقلىغان ئاساستا «مېنىڭ!» دەپ تەنتەنىلىك ۋارقىرالايدۇكى، ھەرگىز ئۇنىڭدىن كەمسىتىلىش، قورۇنۇش ھېس قىلمايدۇ. ئۆزىنى ئىلمىي قانۇنىيەت بويىچە دەلىللەشتىن قورقىدىغان ئەقىدىنىڭ تەبىئىي ئىستەك ۋە ھەققانىي غايىلەرنى مونوپول قىلىۋېلىشى ھېسابىدا، سۇبيېكتىپ پائالىيەتنىڭ رولىنى زورمۇ زور ئىجابىي، سەلبىي، باش پېرسوناژ، قوشۇمچە پېرسوناژ قىلىپ بۆلۈپ بېرىش ئارقىسىدا مەيدانغا كەلتۈرگەن مەدەنىيەتنىڭ ئارىلاشما تەركىبى كۆپ بولسىمۇ، ۋارىس يېتىشتۈرەلمەيدىغان خېچىر مەدەنىيەتتۇر.

ئۇرۇمچى گەنە شۇ خىچىر مەدەنىيەت تىپىدىكى شەھەرنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ، بۇ يەردىكى قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ ۋىجدانى بىلەن ئىمانىمۇ خىچىرلىشىپ كەتكەن. خىچىر مەدەنىيەتنىڭ مەسئۇلىيەتچان دادىسى، ساپ روھقا ئىگە جەلپكار ئانىسى بولمايدۇ.

ماكس ۋىبېر ئۆزىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىسىدە، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەت مەزمۇنىنى تۆت تىپقا ئايرىيدۇ: 1. مەقسەتكە (نىشانغا) ئۇيغۇن پائالىيەت، 2. قىممەتكە ئۇيغۇن پائالىيەت، 3. ھېسسىيات جەھەتتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچتىن كەلگەن پائالىيەت، 4. ئەنئەنىۋى ئادەتلەرگە ماس پائالىيەت.

بىرىنچى خىل پائالىيەتتە، كىشىلەر ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ، قوللانغان ۋاستىگىنىڭ ئەخلاقىي ئۇقۇم جەھەتتە ياخشى - يامان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھامان بىر يول بىلەن مەنزىلىگە يەتسىلا بولدى. مەقسىتىڭ توغرا بولسا ئۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن قوللانغان ۋاستەڭ (چارەڭ) خاتا بولغاندىمۇ ئەيىبلىك ئەمەسسەن. ئىككىنچى خىل پائالىيەتتە، سەن پەقەت ۋاستىگىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى ۋە ئەھمىيىتىنىلا چۈشەنسەڭ بولىدۇ. ئۈچىنچى خىل پائالىيەتتە، پائالىيەت قىلغۇچىنىڭ ھەرىكىتى بىر دەملىك ھېسسىيات پارتلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ - يۇ، مەقسەت ۋە ۋاستىنىڭ توغرا، ئۈنۈملۈك بولۇشى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. تۆمۈر خەلپىنىڭ «قۇرئان» تۇتۇپ قەسەم ئىچىپ بەرگەن مەلئۇنلارغا قايىل بولۇپ كېتىشى، خوجىنىياز ھاجىنىڭ توختىنىياز زورنى ئاچچىقلاپ ھەيدىۋېتىپ، كېيىن يەنە پۇشايمان قىلىشى، مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ئەخمىقانە قىزغىنلىق ۋە قىرغىنلار مۇشۇ خىل تىپتىكى پائالىيەتكە كىرىدۇ. تۆمۈر خەلپە پاجىئەسى بىلەن خوجىنىياز ھاجى پاجىئەسى ئوخشاش بىر پاجىئەنىڭ ئىككى قېتىملىق يۈز بېرىشىدۇر. بۇ تامامەن تارىخ ھادىسىلىرىگە نىسبەتەن كەلگۈسىنىڭ توغرا ھەرىكىتىگە كېپىل بولالىغۇدەك دەرىجىدىكى ئەقلىي تەھلىل، مەنتىقىي يەكۈن، پەلسەپىۋى نازارەتنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. كارل ماركس ئۆز ئەسەرلىرىدە قەيت قىلىپ ئۆتكەن: «گېگىل بىر ئەسىرىدە، بارلىق زور تارىخىي ۋەقەلەر ۋە شەخسلەر ئىككى قېتىم پەيدا بولىدۇ، دەيدۇ. ئۇ بىرىنچى قېتىم پاجىئە تەرىقىسىدە، ئىككىنچى قېتىم كۆلكە تەرىقىسىدە پەيدا بولىدۇ، دەپ قوشۇپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالغان» دېگەن ئىبارىلەر يۇقىرىقى ئىككى قېتىملىق پاجىئەگە دەل چۈشسە كېرەك. ئەمما، بىز گېگىل بىلەن ماركسلارنى ئۈچىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى... قېتىملىق پاجىئەلەرنىڭ قايسى تەرىقىسىدە يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسۇن دەيلىمۇ؟ ھەر بىر مىللەت، ھەر بىر دەۋرنىڭ ئۆز گېگىلى، ئۆز ماركسى بولمىسا، تارىخىي پاجىئەلەر مەسخىرە تەرىقىسىدە يۈز بېرىۋېرىدۇ.

تۆتىنچى خىل پائالىيەتتە، كىشىلەر ھە دېسىلا كونا، ئەنئەنىۋى پىكىر قىلىش شەكلىنىڭ يېتەكلىشىدە پائالىيەت قىلىدۇ، بۇ، سەنئەت، پەن ساھەلىرىدە قاتماللىقتا ئەڭ روشەن كۆزگە چېلىقىدۇ.

خوش، ماكس ۋىبېر غەرب جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات يولىنى قانداق ئىزاھلىغان؟ ئۇنىڭ جاۋاب بېرىشىچە، غەرب ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، ئالدىنقى ئىككى پائالىيەت تىپىنىڭ قوماندانلىقىنى قوبۇل قىلغان. مۇۋاپىق مەقسەت ۋە ئۈنۈملۈك ۋاستە كېيىنكى غەرب جەمئىيىتىدە ھەممىنى بەلگىلىگەن.

كارل ماركس: «كىشىنى تاشقى شارائىتلارنىڭ خوجايىنى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئورنىغا، ئۇنى بۇ شارائىتقا بويسۇندۇرغان» ئاسىيا جامائەسىنى تۈپتىن ئىسلاھ قىلىش ھەققىدە بۇنىڭدىن تەخمىنەن بىر يېرىم ئەسىر ئىلگىرى خىتاب قىلغانىدى. شۇ تاپتا پۈتكۈل ئاۋام ھەقلىق ھوقۇقى بىلەن دۇنياۋى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان ئەھمىيەتلىك تەسەۋۋۇر، نۇرغۇن ئىقتىسادىي قىممەتكە ئەرزىيدىغان ئېلېكترون - ئۈچۈر ۋە ئەقىل سودىسى دەۋرىدە تۇرۇۋاتقاندا بىز نان مەسىلىسىگە يېتىپ تۇرۇۋاتىمىز. شۇڭا 21 - ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا تۈرلۈك ساھەلەردىكى ئازغىنە سەرخىللىرىمىز مىللىي مەدەنىيەتنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ نورمال فونكسىيىسىنى قوغداش قاتارلىق تارىخىي بۇرچقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ.

يەھۇدىي يازغۇچىسى شولوم ئالىيخېم: «يەھۇدىيلار نېمىگە تايىنىپ ياشايدۇ؟ مانا بۇ ھەقىقىي يەھۇدىي مەسىلىسىدۇر» دېگەنىدى. زېمىنىنىڭ مۇقەددەس ئاۋازىنى ئاڭلىيالىغان دانىشلار بۇ سوئالنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن مەنىسىنى چۈشىنەلەيدۇ. بۈگۈنكى 14 مىليون يەھۇدىي 2000 يىللىق سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرۈش جەريانىدا «ئىنجىل» گە پۈتۈلگەن ئەجدادىنىڭ روھىنى تاشلىۋەتمىدى، بۇ روھ پارچە - پارچە يەھۇدىيلار توپىنى بىرلەشتۈرۈپ تۇردى. ئۇلار ئەۋلادلىرىنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپنى جان تىكىپ قوغدىدى. ئاخىرى، يەھۇدىي ئالىملىرى پۈتكۈل نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ %17 نى ئىگىلىدى، ئامېرىكىدىكى مىليونېرلارنىڭ %20 يەھۇدىي، ئامېرىكىدىكى بەش ستودېنتنىڭ بىرسى يەھۇدىي.

بىز ئويلىنىشقا ئەھمىيەت بەرسەكلا، ئۆز مەسىلىمىزگە جاۋاب تاپالايمىز. ئىدىيە بىلەن ھەرىكەتنىڭ ئارىلىقى يىراق ئەمەس.

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى

(M1)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# بىزدىكى چائما ناخشا روھى ۋە مەنىۋى ئىلاستىكا

ئادىل ئابدۇرېھىم

بىز ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەنمۇ سەنئەتخۇمار خەلق. شۇڭا بىزدە چىشى چۈشۈپ، چېچى ئاقىرىپ، قېرىپ ئۆلۈپ كەتكىچە ئۆزىنىڭ ئىسمىنى يازالماي كەتكەن ساۋاتسىزلار كۆرمىگىلاپ ئۆتكەنكى، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ باقمىغان بىرمۇ ئۇيغۇر بولۇپ باقمىغان. ھاياتلىق ئۆمرىدە ھېچقانداق ئىز قالدۇرماي بۇ ئالەمدىن كەتكەنلەرمۇ تىرىكلىكىدە تالاي قېتىملاپ ناخشا ئېيتقان، ئۇسسۇل ئوينىغان ياكى ساز چېلىپ باققان.

بىز ناخشا - ئۇسسۇلغا شۇ قەدەر ئامراقكى نەچچە كۈن ئاڭلىمىساق، كۆرمىسەك چىدىيالمايمىز. شۇڭا بىزدە يىللاپ - يىللاپ پەن - تېخنىكا، يېڭى بىلىملەر، يېڭىچە ئاڭ، زامانىۋىلىشىش ھەم مىللىي مەدەنىيەتنى، مىللەتنىڭ ساپاسىنى يۇكسەلدۈرۈش تېمىلىرىدا بىرەر قېتىممۇ ئىلمىي يىغىلىشلار بولمىسىمۇ مەيلىكى، ئايدا نەچچە قېتىم ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى بولمىسا بولمايدۇ؛ بىزدە قانداق ئىلگىرىلەش - يېڭىلىنىشلار بولۇۋاتىدۇ؟ دېگەننى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمىسە كەلتۈرمەيدۇكى، نەۋرۇز، روزا، قۇربان ھېيت دېگەندەك چوڭراق بايراملىرىمىز يېتىپ كېلىشتىن نەچچە ئاي ئىلگىرىلا، بۇ قېتىمقى ھېيتلىق ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى قانداق ئۆتكۈزۈلەركىن، تېلېۋىزوردا قانداق يېڭى ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرى كۆرسىتىلەركىن؟ دېگەنگە ئوخشاش تاما ۋە خەقىشلەر بىزنى تېنىم تاپقۇزمايدۇ. باشقا ھەر قانداق مىللەتتە يوق بۇنداق ئالاھىدە ناخشا - ئۇسسۇلخۇمارلىق بىزنىڭ قان - قېنىمىز، مىجەز - خۇيىمىزغا سىڭىپ كەتكەنلىكتىن، ئۆتكەن بىر يىل جەرياندا نېمە ئىشلارنى قىلالىدۇق؟ قىلىشقا تېگىشلىك ئەمما قىلالمىغان نېمە ئىشلار قالدى؟ دېگەننى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمەي، خۇددى ھەر بىر مىنۇت ۋاقتىمىز پەخىرلىنىشكە، تەنتەنە قىلىپ قۇتلۇقلاشقا ئەرزىگۇدەك ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن ئۆتكەندەك، ھەر بىر قەدەم ئىزىمىز مىسلىسىز تۆھپە - نەتىجىلەر بىلەن كۆمۈلۈپ تۇرغاندەك كونا يىلنى - ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىمىزنى ياڭراق ناخشا - سازلىرىمىز بىلەن خۇشال - خورام ئۇزىتىپ، يېڭى يىلنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى تەبرىكلەيمىز؛ ئەمما ئالدىمىزدا نېمە ۋەزىپىلەرنىڭ بارلىقىنى كەمدىن كەم ئەسكە ئالىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيمىز. يېڭى يىل بايرىمىغا ئۇلاپلا روزا ھېيت، باھار بايرىمى يېتىپ كېلىدۇ. ئاندىن 8 - مارت ئاياللار بايرىمى، نەۋرۇز، قۇربان ھېيت، 1 - ماي ئەمگەكچىلەر بايرىمى يېتىپ كېلىدۇ. چوقۇم ۋە چوقۇمكى بۇلارنىڭ ھەر قاندىقىنى ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكى بىلەنلا تەبرىكلەش تەركىسىز ئادىتىمىزگە ئايلىنىپ كەتكەن. باللار بايرىمى ۋە دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەشمۇ يەنە شۇ. بىز دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ مانچە يىللىقىنى ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ مانچە يىللىقىنى ئاشۇ نەچچە ئون يىللىق مۇساپە ھېچ بولمىسا ئۆتكەن بىر يىل جەرياندا قانداق نەتىجە - غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق؟ قايسى ساھەلەردىكى نەتىجىلىرىمىز كۆرۈنەرلىك، قايسى ساھەلەردە ئانچە گەۋدىلىك ئەمەس؟ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات قەدىمىمىزنى قانداق ئېلىشىمىز كېرەك؟ باشقا ئەللەر ۋە خەلقلەرگە سېلىشتۇرغاندا زور كۈچ بىلەن تۈزىتىدىغان، ئۆزگەرتىدىغان ياكى تېخىمۇ جارى قىلدۇرىدىغان

## سادا

تەرەپلىرىمىز قايسىلار؟ ۋەتەن - مىللەت ئالدىدا يۈز كېلەلىگۈدەك ۋە يۈز كېلەلمىگۈدەك نېمە ئىشلارنى قىلدۇق؟ ئەمدى قانداق قىلىشىمىز كېرەك، دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدىكى ئويلىنىشنى ئىزدىنىش، ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرىلەر بىلەن تەبرىكلەشنى ئېسىمىزگە كېلىپمۇ باقمىدى. ھېچ بولمىسا بىرەر قېتىم بولسىمۇ يۇقىرى پەن - تېخنىكا بىلىملىرى، ۋەتەن - خەلقنىڭ يۈكسىلىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان تەتقىقات نەتىجىلىرى كۆرگەزمىلىرىگە ئوخشاش خەلقنى تېخىمۇ تىرىشىشقا، ئۆزىنى ۋە ۋەتەننى سۆيۈشكە ئۈندەيدىغان ئىلھاملاندۇرۇش خاراكتېرىدىكى ھەقىقىي ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەر بىلەن تەبرىكلىمىدۇق. بەلكى ھەر قېتىم بۇ كاتتا بايرام شەرىپىگە نۇرغۇن پۇل، كۆپلەپ ئادەم كۈچى ۋە ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، چوڭ تېپتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردۇق. چۈنكى بىزنىڭ ئېڭىمىز بىلەن قېنىمىز يۇقىرى پەن - تېخنىكا، سانائەت، زامانىۋى ئاڭ ۋە كۈچلۈك رىقابەت روھى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاتام ئېيتقان بايىقى ناخشا - ئۇسسۇل روھى بىلەن يۇغۇرۇلغان. شۇڭا، بىزدە يىللاپ - يىللاپ تىلغا ئالغۇدەك پەن - تېخنىكا نەتىجىسىدىن بىرەرسى بارلىققا كەلمىسە كەلمەيدۇكى، ھەر كۈنى قانچىلاپ ناخشا - ئۇسسۇل بارلىققا كېلىپ تۇرىدۇ.

پۈتكۈل مىللەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كاللىمىز قۇرۇق، ئىدىيىمىز قاتمال؛ ئاڭ، مەدەنىيەت ۋە پەن - تېخنىكا سەۋىيىمىز تېخى ئىنتايىن تۆۋەن. ئىلغار ئاڭ ۋە يۇقىرى پەن - تېخنىكا بىلەن قوراللانمىغاچ ئىلگىرىلىشىمىزمۇ بەك ئاستا. پۇلنى، ئۇنىڭدىن ئېلىپ بۇنىڭغا سېتىپ ئارىدىن پايدا ئېلىش يولى بىلەن تاپىمىز، بىرىمىزنىڭ پايدا ئېلىشى يەنە بىرىمىزنىڭ زىيان تارتىشى بەدىلىگە ئىشقا ئاشىدىغانلىقى ئۈچۈن، ماھىيەتتە ھېچقانداق يېڭى قىممەت يارىتىلمايدۇ. ئېلىپ - سېتىپ ھايانكەشلىك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودىگەرلىرىمىز ھەممىلا يەرگە تولۇپ كەتكىنى بىلەن، ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ يېڭى قىممەت يارىتىدىغان سودىگەرلىرىمىز ئىنتايىن ئاز. دېھقان، چارۋىچىلار ياراتقان قىممەت ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشقا ئاران يېتىدۇ. شۇڭا بىز مەنىۋى جەھەتتە نامرات بولۇپلا قالماي يەنە ماددىي جەھەتتىمۇ نامرات. شۇنچە ناخشا - ئۇسسۇلخۇمارلىقىمىزنىڭ تەتۈرىسىچە، ھازىر بىزدە گۈزەل كەلگۈسىنى ئوبرازلىق نامايان قىلىپ، كىشىنى غەيرەت - جاسارەتكە ئۈندەيدىغان، ئۇيۇشۇپ ئۈملۈكتە كۈرەش قىلىپ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىشقا يېتەكلەيدىغان، روھنى ئۇرغۇتۇپ قەلبلەرنى گۈزەل غايىلەر بىلەن بېزەپ، يېڭىچە ئاڭ، ئېتىقاد ۋە ئىرادە بىلەن قوراللاندۇرىدىغان جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ناخشىلار ۋە ھەقىقىي سەنئەتلىك سېھرىي كارامىتى بىلەن يۈرەكلەرنى لەرزىگە سېلىپ، چوڭقۇر ئېستېتىك زوق بەخش ئېتىدىغان، بەدىئىيلىكتە كامال تاپقان ناخشىلارمۇ ئىنتايىن ئاز. ناخشىچىلىرىمىزنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇشىغا قارىماي ناخشىلىرىنىڭ تولىسىدىن بىر خىل مۇڭ، ھەسرەت ۋە كۆز ياشلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. سەنئەتنىڭ ئەمەلىي ماھىيەتلىك ۋەزىپىسى ھەرگىزمۇ كىشىلەرگە ھەسرەت، مۇڭ ۋە كۆز يېشى ئاتا قىلىش ئەمەس، بەلكى گۈزەل بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق چوڭقۇر ئېستېتىك زوق بېغىشلاپ، كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. ئەمما بىز ئۆزىمىزگە زۆرۈرى نەرسىلەرنى رېئاللىقتا ئويغۇن بولغان چىقىش يولىدىن ئەمەس، بەلكى ناخشا - ئۇسسۇللىرىمىزدىنلا ئىزدىگەچ، ناخشا - ئۇسسۇللىرىمىز بىزگە كۈتكەنلىرىمىزنى بېرىش تۈگۈل مانا ئەمدى ھەتتا ئۆزىنىڭ ئەقەللىي ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلالمايۋاتىدۇ.

ئەلۋەتتە، بىزنىڭ سەنئىتىمىزنىڭ تارىخى ئۇزۇن، تۆھپىلىرى كۆپ. «مايىتىرى سىمىت» قا ئوخشاش ئېلىمىزنىڭ دراما تارىخىنى نەچچە يۈز يىل ئالدىغا سۈرۈۋەتكەن قەدىمىي درامىلىرىمىز ۋە 12 مۇقامدەك پۈتكۈل جاھاننى ھەيرەتتە قالدۇرۇۋاتقان ئالەمشۇمۇل مۇزىكا قامۇسىمىز بار. بىز ئۇلاردىن پەخىرلىنىشكە ھەقلىق. ئەمما ئۇلار بىزنىڭ ياستۇق قىلىپ يېتىشىمىزغا، كەمپىت قىلىپ شۈمشىمىزگە ۋە ھاسا قىلىپ تايىنىشىمىزغا دەستەك بولالمايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ بۈگۈنكى مەۋجۇتلۇقىمىز بۈگۈنكى قابىلىيىتىمىزگە، ئېرىشىدىغان ئورنىمىزمۇ ئۆزىمىز ياراتقان تۆھپە ۋە نەتىجىلىرىمىزگە باغلىق. يەنە كېلىپ رېئاللىقتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرماي ئىزدىنىشىمىز، ئەمەلىي تىرىشچانلىق ئارقىلىق تېگىشلىك يول ۋە مۇۋاپىق ئۇسۇل تېپىپ كۈچلۈك ئاساس تۇرغۇزۇشىمىزدا زۆرۈرى بولغىنى دەل ھازىردىن باشلاپ قانداق ياشاش، قانداق يۈكسىلىش ۋە قانداق قىلىپ ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش، مىللىي روھ ۋە مىللىي مەدەنىيەتنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بۇ خىل مۇكەممەللىكنى ئاخىرقى ھېسابتا مىللەتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، گۈللىنىشى ۋە قۇدرەت تېپىشىنى مەڭگۈ ئالغا ئىلگىرىلىتىدىغان بىر يىمىرىلمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىشتىن ئىبارەت. ئەمما كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھازىرقى ناخشىلىرىمىز ھەرگىزمۇ بىزنى بۇ مەنزىلىمىزگە باشلىيالمايدۇ. (ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئېيتىۋاتقان ناخشىلارنىڭ قانچىلىكى ئۆزىمىزنىڭ؟)

بىز بايراملىرىمىزنى ھەممىنى قايىل قىلىدىغان بىرەر ئىلمىي ئەسەر، ھەممىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن بۆسۈش

www.uyghurkitap.com

خاراكتېرلىك بىرەر يېڭى پەن - تېخنىكا نەتىجىسى، كۆپ خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ دۇنيانى كېزىپ يۈرەلىگەن بىرەر پارچە ئەدەبىي ئەسەر، ئۆزى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ ۋە چەت ئەللەرگە ئېكسپورت قىلىپ كۆپلەپ تاشقى پېرېۋوت يارىتالىغان، ھېچ بولمىسا مەھسۇلاتلىرى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىمۇ بولسا سېتىلىپ يېڭى قىممەت يارىتالىغان بىرەر داڭلىق كارخانىچىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ياكى ئۇيۇشۇشچانلىق بىلەن بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ مىللەتنىڭ روھىيىتىدىكى بىرەر ئىللەتنى پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلاشقا ئوخشاش ھەقىقىي پەخىرلىنىشكە، تەنتەنە قىلىشقا ئەرزىيدىغان نەتىجىلەر بىلەن تەبرىكلەشنى پەقەت خىيالىمىزغا كەلتۈرۈپ باقمىدۇق. ئەكسىچە پۈتۈن ئەس - يادىمىز بىلەن ناخشا - ئۇسسۇلغىلا مەپتۇن بولۇپ كەتتۇق. ھازىر بىزنىڭ قىلىۋاتقانلىرىمىز خۇددى «ئېشىكى ئۆلسە كۆتى غىجەك تارتىپتۇ»، «ئاچ قورساققا توك تاۋۇز» (مۇھەررىردىن) دېگەندەك بىر ئىش بولۇۋاتىدۇ. ھازىر بىزگە ئەڭ زۆرۈر بولۇۋاتقىنى مول بىلىم، ئىلغار ئاڭ، يۇقىرى ساپا، زامانىۋى پەن - تېخنىكا ۋە يېتەرلىك پۇلكى ئاندىن قالسا ناخشا - ئۇسسۇلدۇر. پەقەت بۇلار يېتەرلىك بولغاندىلا ئاندىن تەرەققىياتىمىز، قۇدرەت تېپىشىمىز ۋە مەۋجۇتلۇقىمىز ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

ئەپسۇسكى، يەنە دېسەك يەنە شۇ گەپ: باشقىلار ئادەمگە ئۆلۈم ئېلىپ كېلىدىغان ھەر خىل خەتەرلىك كېسەللىكلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، يېڭى ھاياتلىق ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتسا ۋە ئەسىر ئالمىشىش ھارپىسىدا تۇرۇپ، كېلەر ئەسىردىكى ئۇچۇر ئىنقىلابىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتسا، بىز ھەتتا مىللەتنى ھالاكەت گىردابىغا ئېلىپ بارىدىغان نادانلىق، قالاقلىق، ھورۇنلۇق، مەدەنىيەتسىزلىك ۋە نامراتلىق قاتارلىقلارنى تۈگىتىش ئۈستىدىمۇ ئىزدەنمەي شۇنچە كۆپ ۋاقتىمىز، ئادىمىمىز ۋە پۇلىمىزنى يەنىلا ئاشۇ ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكلىرىگىلا سەرپ قىلىۋاتىمىز.

خەيرىيەت، بىزنىڭ تىلغا ئالغۇدەك باشقا نەرسىلىرىمىز بولمىسىمۇ، لېكىن «تازنىڭ نېمىسى بار دېسە تۇمۇر تارغىقى» دېگەندەك، ئاشۇ يىغلاڭغۇ سەنئىتىمىز بولسىمۇ بار بولغاندىكىن، بىز يەنە ئۇنىڭدىن پايدىلىق ئامىللارنى ئىزدەپ باقىمىز. ئەلۋەتتە، ئىزدىسەك تاپىمىز، چۈنكى مۇۋەپپەقىيەت ھامانە ئىزدەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ. قاراپ باقايلى، بىزنىڭ كۆز يېشى تېمىپ تۇرغان ۋە شۇ سەۋەبلىك خۇددى سۇ بېسىۋالغان چىملىققا ئوخشاپ قالغان سەنئەت گۈلزارلىقىمىزدا بىزنى مۇڭلاندۇرۇپ ھەسرەت ئىچىگە پاتۇرۇپ قويىدىغان ئەمەس، بەلكى جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ھەممىمىزنى ھاياجانلاندۇرۇپ ۋە بىر خىل رېتىمغا جۆر قىلىپ بىر مەھەل بولسىمۇ نامىمىزغا ماس ھالدىكى بىرلىككە، ئۇيۇشقاقلىققا، ئۆز ئارا ماسلىققا شۇنداقلا يېڭى دەۋرگە مۇناسىپ تەرەققىيات يولىنى تېپىپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئاساسىمىزنى تۇرغۇزۇشىمىزدا زور ئىلھام ۋە مەدەتكە ئىگە قىلىدىغان يەنە بىر تۈر بار، ئۇ بولسىمۇ بىزدىكى تازنىڭ بېشىغا ئۇرسىمۇ، مازنىڭ بېشىغا ئۇرسىمۇ تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان شۇنچە كەڭ ئومۇمىيلىققا ئىگە سەنئەت كېچىلىكلىرىدە ئانچە كۆپ چېلىقتۇرغىلى بولمايدىغان، ئەمما بىرەر قېتىم ئۇچرىتىپ قالسا، كىشىنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ ئۇزاققىچە تەسىرىنى يوقاتمايدىغان جانلىق، شوخ، تېتىك، بولۇپمۇ ھازىرقى ناخشىچىلىقىمىزدىكى كۆز يېشىدىن خالىي بولغان بىردىنبىر ئاۋانگارت چولپان ژانىر چاتما ناخشىدۇر.

ھەر قانداق نەرسىگە ئېرىشمەكچى بولساق، شۈبھىسىزكى، ئۆزىمىزدە بار نەرسىلەرگە تايىنىمىز. يوقلىرىنىغۇ يوق دېدۇق، ھېچ بولمىسا چاتما ناخشىلاردەك بار دېگۈچىلىكى بارلىرىنى بولسىمۇ بار دەپ تۇرايلى - دە، چۈنكى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئۆزىمىزدە بار بولغىنى بارغا ھېساب. خەقنىڭ قولىدىكى ئۈنچە - مەرۋايىتتىن ئۆزىمىزنىڭ قولىدىكى ئەينەك پارچىسى ياخشىراق ئەمەسمۇ؟

ئەمدى چاتما ناخشىنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى. ئۇ، شۇنداق ناخشىكى، بىزنىڭ كۆز يېشىغا غەرق بولۇپ كەتكەن سەنئەت دۇنيايىمىزدىكى ئامان قالغان بىر قولۋاق، سەنئەت ئاسمىنىمىزدا چاقناپ تۇرغان نۇرلۇق چولپان؛ قەلب قەسرىمىزگە شۇڭغۇپ كىرەلمەيۋاتقان ئەمما بىزگە بىرلىك، جۇشقۇنلۇق ۋە جىددىيلىك بەخش ئېتىپ، يېڭىچە تەرەققىيات يولىنى تېپىشىمىزدا ئالدىمىزنى يورۇتۇپ، كۆزىمىزنى نۇرلاندۇرۇپ ۋە ئۆزىمىزنى ئىلھاملاندۇرۇپ يول كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان نۇرلۇق ماياك. ئەمما بىز «گۆھەر ياتىدۇ سايدا، تونۇمىساڭ نېمە پايدا» دېگەندەك، كۆزىمىز تورۇپمۇ شۇنداق كۈچلۈك نۇرنى كۆرەلمەيۋاتىمىز. ئۆزىمىزگە ئەڭ ئېھتىياجلىق شۇنداقلا ھەممىلا يەردىن ئىزدەپ تاپالمايۋاتقان نەرسىنىڭ دەل يېنىمىزدا - كۆز ئالدىمىزدا مانا مەن دەپ تۇرغىنىنى بىلمەيۋاتىمىز. ئۆزىمىزگە لازىملىق نەرسىنى ئۆزىمىز بىلمىسەك ۋە تاپمىساق كىم كېلىپ تېپىپ بېرىدۇ؟

چاتما ناخشا - بىر جەۋھەر، شۇنداقلا جەۋھەرلەرنىڭ جەۋھىرى. بىز ئۇنىڭدىن خۇددى چۆلدە قېلىپ چاڭقاپ كەتكەن ئادەم تەشنا بولۇۋاتقان بۇلاققا ئېرىشكەندەك - مەنىۋى بۇلاققا، قورقۇمسىراشتىن خالىي ھالدا كۆكرەك كېرىپ ئالغا باسىدىغان جۈرئەتكە، تونۇگۇن بىلەن بۈگۈن ئوتتۇرىسىدىكى تېڭىرقاشنى يېڭىپ دادىل قەدەم تاشلايدىغان غەيرەتكە، ئۇيۇشۇپ بىرلىكتە كۈچ

چىقىرىپ ھەر قانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئىلگىرىلەيدىغان، يۈكسىلىدىغان ھەم ئۆز - ئۆزىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزىدىغان مەنىۋى قۇدرەتكە ئېرىشەلەيمىز. بۇ يەردە ئېيتقانلىرىمىز ھەرگىزمۇ چاتما ناخشىنىڭ سەنئەتلىك كۈچىدىنلا كېلىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭدىن ئېرىشىدىغان نەرسىگە ئېرىشىش - ئېرىشەلمەسلىك يەنىلا ئۆزىمىزگە، يەنى تېگىشلىك نەرسىلەرنى بايقاش - بايقىيالماسلىققا - ئۆزىمىز موھتاج بولغان نەرسىلەرگە ئۆزىمىزدە بار نەرسىلەر ئارقىلىق ئېرىشىش ئىقتىدارىمىزنىڭ بار - يوقلۇقىغا، ئۆز ئىجادىيىتىمىزدىكى ئاكتىپ ئامىللارنى ئۆزىمىزنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشنى بىلىش - بىلمەسلىكىمىزگە، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆز - ئۆزىمىزدىن پايدىلىنىش - پايدىلىنالماسلىقىمىزغا باغلىق.

چاتما ناخشا - ھەرگىزمۇ بىردەم ئۇنى، بىردەم بۇنى، خىيالىغا نېمە كەلسە شۇنى، ئىشقىلىپ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرىنى ئۇلاپ ئېيتىش بىلەنلا شەكىللىنىدىغان ئۇنداق ئاددىي ۋە باغلىنىشسىز تاقتا - تۇققۇ نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىكى ئۆزلۈكسىزلىك، ماسلىشىشچانلىق ۋە بىرىكىش ئىقتىدارى ئوخشاش بولمىغان رىتىم، ئاھاڭ، مەزمۇن ۋە ئۇسلۇبتىكى ناخشا ياكى ناخشا بۆلەكلىرىدىن بىر پۈتۈن مۇستەھكەم گەۋدە ھاسىل قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ مەيلى قانداق چېتىلىشىدىن، ئۇلىنىشىدىن قەتئىينەزەر چالغۇچىلار ئالماشسۇن ياكى ئالماشمىسۇن، چالغۇلار ئالماشتۇرۇلسۇن ياكى ئالماشتۇرۇلمىسۇن، ناخشىچىلار ئالماشسۇن ياكى ئالماشمىسۇن ئايرىم - ئايرىم مۇستەقىل ناخشا ئاھاڭلىرى خۇددى ئىككىنچى ئاھاڭ بىرىنچى ئاھاڭنىڭ، ئىككىنچى ناخشا بىرىنچى ناخشىنىڭ داۋامىدەكلا چىپسا ھەم تەبىئىي ھالدا ئۇلىنىپ، زىچ باغلىنىپ كېتىدۇ. بىر خىل ئاھاڭ ئاخىرلىشىپ ئىككىنچى ئاھاڭ باشلىنىش ئالدىدا توختاپ چالغۇلارنى قايتىدىن سازلاش ھاجەتسىز بولۇپ، سازەندىلەر مۇزىكىنى ئۆزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. ناخشىچىلارمۇ بىرىگە ئۇلاپلا ئىككىنچىسى ياكى بىرىنچى ناخشىغا ئۇلاپلا ئىككىنچى ناخشىنى ئۆزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. ئۆزلۈكسىز ۋە يوچۇقسىز باغلىنىش مۇزىكىدىمۇ، سازەندىلەردىمۇ، ناخشىدىمۇ ۋە ناخشىچىلاردىمۇ، ئومۇمەن چاتما ناخشىنىڭ بارلىق ئېلېمېنتلىرىدا تولۇق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، لازىم بولغان ئۆزلۈكسىزلىك ۋە ماسلىشىشچانلىقنىڭ ھەممىسى تولۇق بولغان بۇنداق ئەتراپلىق تاكامۇللۇقنىڭ يېرىمى بىزدە - ۋۇجۇدىمىزدا بار بولغان بولسا، چوقۇمكى ئىشلىرىمىز ھازىرقىدىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى كەتكەن بولاتتى. بىراق بىز تېخى ئۇنى بايقاپ بولالمىدۇق، ئۆزىمىزگە ۋە ئىشلىرىمىزغا ئۆرنەك قىلىشنى بىلىپ بولالمىدۇق. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ھەممىمىز قولىمىزنى كۆكسىمىزگە قويۇپ يۈرىكىمىزنى تىڭشاپ باقايلى، قانداقراق سوقۇۋاتىدىكىن؟ چوقۇمكى ئاندا - ساندا خۇشال بولىدىغان تولىمۇ ئاز ۋاقىتنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاساسەن يۈرىكىمىز تولىمۇ زەئىپلىك بىلەن ئاجىز، ئاستا ۋە ئۈمىدسىز سوقىدۇ. چاتما ناخشىلاردىن ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرغان ۋاقتىمىزدا بولسا، بۇنىڭ ئەكسىچە روھلۇق، تېتىك، جۇشقۇن ۋە شاش ئاتتەك ئوخچۇپ سوقىدۇ. بىز نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق جۇشقۇن كەيپىياتنى ئۆزىمىزگە دائىملىق ھەمراھ قىلالمايمىز؟ بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ، ئارىلىقتا قىلچىمۇ ئۈزۈلۈش پەيدا قىلىپ قويمايدىغان ئۆزلۈكسىزلىك ۋە شۇ ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىپ پۈتكۈل ۋۇجۇدنى لەرزىگە سالالايدىغان بىرلىك بىزدە نېمە ئۈچۈن يوق؟ يەنە ئۆزىمىزدىن سوراپ باقايلى، بىزدە نېمە ئۈچۈن چاتما ناخشا بار، ئەمما ئۇنىڭ روھى يوق؟ بىزدە يوق نەرسىلەر كۆپ، مۇھىمى بىرلىكتە كۆرەش قىلىپ ئورتاق يۈكسىلىدىغان مىللىي روھ ۋە كەم نەرسىنى ئىزدەش يولىدا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان جاسارەت يوق.

چاتما ناخشىلىرىمىزدىكى چېتىلىش - ئۇلىنىش، بىرىكىش ۋە ماسلىشىشچانلىق بىلەن قىلچىمۇ يوچۇق قالدۇرماي ئۆزلۈكسىز باغلىنىشلار مەنىۋىيىتىمىزدىكى قاتماللىقنى تۈگىتىپ، مىللىي ئىزچىللىق ئاساسىدا يېڭى دەۋرگە ماسلىشالايدىغان ئىلاستىك روھىي ھالەتنى شەكىللەندۈرۈشىمىزگە ئىلھام ۋە تۈرتكە بولسا بولاتتى. بىراق بىز بۇنداق مەدەنىيەتكە ئېرىشىشنى بىلمەيۋاتىمىز.

چاتما ناخشىلىرىمىزدا رىتىمى تېز - شوخ ناخشىلار بىلەن رىتىمى ئاستا - سوزۇپ ئېيتىلىدىغان لەرزان ناخشىلار، ئۇسسۇللۇق ناخشىلار بىلەن ئۇسسۇلسىز ناخشىلار، ئەرلەر ئېيتقان ناخشىلار بىلەن ئاياللار ئېيتقان ناخشىلار، بىرلا چالغۇ تەڭكەش قىلىنغان ناخشىلار بىلەن كۆپ خىل چالغۇ تەڭكەش قىلىنغان ناخشىلار، تولۇق ئېيتىلغان ناخشىلار بىلەن ئايرىم بۆلەكلىرى ئېيتىلغان ناخشىلار، ئۆزى ئۇسسۇل ئويناپ تۇرۇپ ئېيتقان ناخشىلار بىلەن سازنى ئۆزى چېلىپ، ئۆزى ئېيتقان ناخشىلار ۋە باشقىلار ئورۇندىغان مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلغان ناخشىلارنىڭ بىرىكىشىگىمۇ ھەيران قېلىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ناخشىلار ۋە مۇقام ناخشىلىرى بىلەن ئېلېكترونلۇق چالغۇلار تەڭكەش قىلىنغان ھازىرقى زامان ناخشىلىرى، بىرەر شەخس ئىجاد قىلغان ناخشىلار بىلەن خەلق ناخشىلىرىمۇ ھېچ نۇقسانسىزلا بىرىكىپ كېتەلەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلىش ئىككى ناخشىنى ئۆز

www.uyghurkitap.com

ئارا ئۇلاپ بىرىكتۈرۈشتىن كۆپ قىيىن. بىراق، شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئۆز ئارا ئوخشاشلىق ۋە تەبىئىي باغلىنىش بولىدۇ (مۇھەررىردىن). ئەنئەنىنىڭمۇ ھەممىسى كونىلىق بولۇۋەرمەيدۇ. ھېلىھەممۇ قىممىتى ۋە رولى بارلىرىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇشىمىز، چۈشەك بولۇپ قالىدىغانلىرىنى بولسا دادىللىق بىلەن شاللىۋېتىشىمىز كېرەك. ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ئوتتۇرىسىدىمۇ تەبىئىي باغلىنىش ۋە ئۈزلۈكسىزلىك ھاسىل قىلىش ئۈچۈن كاللىمىزنى ھەممىگە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلالايدىغان ئىلغار ئاڭ بىلەن قوراللاندۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ، قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئىبتايلىق، بىر كىشىلىك، قوش كىشىلىك ۋە كۆپ كىشىلىك ناخشىلار؛ ئۆسمۈرلەر، ياشلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلار ناخشىلىرى؛ سودىگەرلەر، ستودېنتلار ۋە ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ناخشىلىرى؛ ئۇيغۇر ناخشىلىرى، باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ناخشىلىرى ۋە چەت ئەل ناخشىلىرىمۇ چاتما ناخشىلاردىكى ماسلىشىشچانلىق، بىرىكىش ئىقتىدارى ھەم ئۈزلۈكسىزلىك ئارقىلىق تەبىئىي ھالدا باغلىنىپ، ئورتاق بىر ياڭراق كۈينى ھاسىل قىلىۋاتىدىغۇ؟

چاتما ناخشىدا ئۆسمۈرلەرمۇ، ياشلارمۇ، ياشانغانلارمۇ، بىر كىشىمۇ، ئىككى كىشىمۇ ياكى نۇرغۇن كىشىمۇ ئۆز ئارا ماسلىقىنى، ئۈزلۈكسىزلىكنى ساقلاپ ئاخىرى بىر پۈتۈنلۈك - ئورتاق ئۇنۇم ھاسىل قىلالايدىكەن، ئورتاق سادا ياڭرىتالايدىكەن، ئەمەلىي كۈرەشلىرىمىز داۋامىدا نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلالمايمىز؟

بىز مۇڭتار، دىلتار دېگەندەك چالغۇلارنى ئىجاد قىلىپ، بىر نەچچە خىل چالغۇنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، قايسىسى ئېھتىياجلىق بولسا شۇنى چالىدىغان ئالاھىدە ئىقتىدار ۋە ئۇنىۋېرساللىقنى ياراتتۇق. بىراق، نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئۇنىۋېرساللاشتۇرالمايمىز؟

قەشقەر - ئاتۇش ياكى قۇمۇل - تۇرپانغا ئوخشاش يېقىن جايلارنىڭ ناخشىلىرىنى چاتما قىلىپ ئېيتىش مۇمكىن بولۇپلا قالماي، يەنە قەشقەر خەلق ناخشىلىرى بىلەن كۇچا خەلق ناخشىلىرىنى ياكى ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىمۇ بىرلەشتۈرگىلى بولىدۇيۇ، نېمە ئۈچۈن ئىش يۈزىدە ئاشۇ بىرلىكنىڭ ئىزچىللىقىنى، ماسلىشىشچانلىقنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكىنى ساقلىماي «ئۇ يەرلىك - بۇ يەرلىك» دەپ بىر - بىرىمىزنى چاپۇتلاپ يۈرىمىز؟ ئۇنداق قىلماي ئىمان - ئېتىقادىمىز، نىيەت - ئىقبالىمىز، غەيرەت - شىجائىتىمىز ۋە كۈرەش نىشانىمىز ھەر ۋاقىت بىردەك بولۇپ، قول تۇتىشىپ بىرلىكتە ئىلگىرىلەيدىغانلا بولساق، نى - نى ئىلغار مىللەتلەردىن ئېشىپ كېتەلەيتتۇققۇ؟

چاتما ناخشىنى باشتىن ئاخىر بىر ياكى بىر نەچچە ئادەم ئوخشاش بولمىغان ئاھاڭلاردا چاتما قىلىپ ئېيتىسىمۇ، ھەر بىر ناخشىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىردىن، ئىككىدىن ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئېيتىسىمۇ، سازنى باشقىلار چېلىپ بەرسىمۇ ياكى ئۆزلىرى چالسىمۇ، ئاددىي سەھنىلەردە، زامانىۋى سەھنىلەردە ياكى كەڭ داللاردا ئېيتىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن زېمىن كەڭ، ئىمكانىيەت كۆپ، تۈر ۋە شەكىللەر نۇرغۇن، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۇنىڭدىكى پايدىلىنىشقا، ئۆرنەك ۋە ئىلھام ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئاكتىپ ئامىللارمۇ ئاز ئەمەس.

جۇشقۇنلۇق، ئىزچىللىق، ماسلىق ۋە ئۈزلۈكسىزلىك چاتما ناخشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا، شۇنداقلا ھەر بىر ئېلېمېنتىغا سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. ئاخىرىدا كۈللىكتىپ ھەم ئۇسسۇل ئويناپ، ھەم ناخشا ئېيتىپ ئاجايىپ جانلىق بولغان بىر جۇشقۇن كەيپىيات يارىتىدۇ. ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ بولغانلار ھەرگىزمۇ چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئۇياق - بۇياققا قارىۋالمايدۇ ياكى ئىككى - ئۈچى باشلىرىنى بىر يەرگە قىلىۋېلىپ، ناخشا ئېيتىۋاتقانلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلمايدۇ. ئەكسىچە ئەتراپىدا مەلۇم دائىرە ھاسىل قىلىپ، قىزغىن چاۋاك بىلەن ئۇلارغا مەدەت ۋە ئىلھام بېرىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ئېسىل خىسلەت، نېمىدېگەن قىممەتلىك روھ - ھە! بۇ ۋاقىتتا تاماشىبىنلارمۇ مۇزىكىنىڭ رېتىمىغا كەلتۈرۈپ چاۋاك چېلىپ، قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىتىپ، ھەتتا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئېيتىلىۋاتقان ناخشا ۋە ئوينىلىۋاتقان ئۇسسۇللار تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. مانا بۇ پۈتكۈل ۋۇجۇدلارنىڭ بىرلىشىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان كۈچلۈك ھاياجان ئەمەسمۇ؟ پەقەت شۇ ۋاقىت، شۇ پەيتتىكى ئاشۇ سەھنە ياكى سورۇن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىلا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەسەت، غەيۋەت ۋە پىتنىخورلۇقتىن خالىي بولغان بىردىنبىر بۆلىكى. شۇڭا ئۇ يەردىكى روھ ئۇلۇغ، مۇقەددەس ۋە پاك (ئۇ، چاتما ناخشا روھى). چۈنكى ئۇ بىرلىك، ماسلىق ۋە ئۈززلۈكسىزلىك ھەققىي ئىشقا ئاشقان، بىر گەۋدىلەشكەن ماكان؛ بىز ياراتماقچى بولغان گۈزەل دۇنيا ۋە ئىگە بولماقچى بولغان جۇشقۇن كەيپىياتنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى، ھازىرقى بىخى ۋە ئەمدىلەتىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان تاڭ شەپىقى. بىز ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرماي ئۇ يورۇتقان يولدا مېڭىشىمىز، شۇنچە كۆپ مۇزىكانت بىر دىرىژورغا ئەگەشكەندەك، شۇنچە كۆپ ئەسكەر بىر قوماندانغا بويسۇنغاندەك ۋە خۇددى چاتما ناخشىنىڭ جۇشقۇن رېتىمىغا جۆر بولۇپ، پۈتكۈل تاماشىبىنلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ چاۋاك چېلىشىپ كەتكەن چاغدىكىدەك بىر گەۋدىلىك، قەتئىيلىك، قىزغىنلىق ۋە جۇشقۇن كەيپىيات

ئىچىدىكى بىرلىكنى ئۆزىمىزنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە قۇدرەت تاپقۇزۇش مۇساپىمىزدىكى ئەمەلىي كۈرەشلىرىمىزنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى قىلىشىمىز كېرەك.

كەڭ دالىلاردا، سەھنىلەردە ئورۇندالغان چاتما ناخشىلار ئارقىلىق سەنئەتنى چۈشىنىدىغان ياكى ئانچە چۈشەنمەيدىغان، سەنئەتتىن ھوزۇرلىنىشنى بىلىدىغان ياكى دېگەندەك بىلمەيدىغان ھەر خىل ئاڭ، قاراش، بىلىم، ئىقتىدار ۋە شارائىتقا ئىگە تاماشىبىنلارنى ئوخشاش بولمىغان سالماقتا ھوزۇرلىنىش ۋە تەربىيىلىنىش-تىن بەھرىمەن قىلغىلى بولىدۇ. ئايرىم تۇرغاندا ھېچقانداق باغلىنىشى يوقتەك، قىلچە ماس كەلمەيدىغاندەك ناخشا ياكى ناخشا بۆلەكلىرى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تۇرغان مۇزىكا ئاھاڭلىرىغا تەڭكەش قىلىنغان ھالدا تەبىئىي ماسلىق بىلەن ئۇلىنىپ ئېيتىلغاندا رېئاللاشقان ئاشۇ بىرلىك، كۈچلۈك ماسلىشىشچانلىق ۋە يوچۇقسىز ئۈزلۈكسىزلىكلەر نېمە ئۈچۈن بىر مىللەت ئومۇمىي گەۋدىسىدىكى ئاڭ، مەدەنىيەت ۋە بىلىم قۇرۇلمىسىدا يەنى ۋەتەن - مىللەتنى روناق تاپقۇزۇشتىكى كۈرەش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئەمەلگە ئاشمايدۇ؟ مەسىلە بىزنىڭ ئويغانمىغان ئېڭىمىزدا، قالاق ۋە قاتمال مەنىۋىيىتىمىزدە؛ قاتتىقلىق تەلەپ قىلىنغاندا خۇددى ئاپتاپتا تۇرۇۋېرىپ چىرىپ كەتكەن كونا لاتىدەك يۇمشاپ كېتىدىغان، ئەۋرىشىملىك تەلەپ قىلىنغاندا خۇددى سەللا قايرىسا سۇنۇپ كېتىدىغان مۇز تاياقچىدەك قېتىۋالىدىغان، سالماقلىق تەلەپ قىلىنغاندا خۇددى ھىدروگىن قاچىلانغان ھاۋا شارىدەك ئۇچۇپ كېتىدىغان، ئەمما ھەممىدىن ئېگىز ئۆرلەپ پەرۋاز قىلىش تەلەپ قىلىنغاندا بولسا، سادىن ھۆركىگەن توكۇر چۈجىدەك شاخ - شۇمبىلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالىدىغان قاتمال روھىي دۇنيايىمىزنىڭ ئېلاستىك ماسلىشىشچانلىققا يات ھالدا ئەمەلىي تەلەپتىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىدا. بىزدە ئېلاستىكلىق يوقمىكىن دېسە، خەقنىڭ بولمىغۇر نەرسىلىرىنى ئاسانلا قوبۇل قىلىمىز، ئېڭىمىزغا قىلچىمۇ يات تۇيۇلمايدۇ. ئېلاستىكلىق بارمىكىن دېسە، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا ھەل قىلالمايمىز. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، بىز زامانغا - دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمايلا قالماستىن، بەلكى يەنە ناھايىتى كۆلكىلىك ۋە ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆزىمىزگىمۇ ماسلىشالمايۋاتىمىز. بۇ بىزدە مەنىۋى ئېلاستىكلىقنىڭ ئاساسەن يوقلۇقىنى ياكى توغرا يۆنىلىشلىك ئەمەسلىكىنى، ھېچ بولمىغاندا ئەمەلىي تەلەپكە پەقەت يېقىنلىشالمايۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ، ئېنىقكى، خەتەرلىك ھادىسە. ئۆز ئىجادىيىتىنى ئۆزىنىڭ ئەمەلىيىتىگە تەدبىقلىيالمايدىغان گالۋاڭلىق بىزدىن باشقىلاردا يوقتۇر بەلكىم.

بۇ يەردە يەنە ناخشا بىلەن مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا ۋە بىر مىللەت ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ بىرلىكىنى قانداقمۇ بىر - بىرىگە ئوخشاتقىلى بولسۇن؟ دېگەن سالمىقى بار بىر سوئال تۇغۇلۇشى تۇرغان گەپ. چۈنكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر روھى ۋە ئۇيغۇر مەنىۋىيىتىنىڭ سوزاي دېگەندە يىغىلىۋالىدىغان، يىغاي دېگەندە ئۈزۈلۈپ قۇچاققا پاتمايدىغان غەلىتە ئېلاستىكلىقى تەبىئىي ھالدا شۇنداق بىر سوئالنى ئىشلەپ چىقىرىدۇ. ئەمما بىز ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلىپ ۋە ئاشۇ خىل قاتمال روھىيىتىمىز ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئەسلى ماھىيەتكە نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەر قانداق ئىككى ئىش ۋە ئىككى شەيئىنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرغىلى، ئۇلارنىڭ ماس تەرەپلىرىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرگىلى، بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى يەنە بىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى ۋە ھەر قانداقىدىن ھەر قاندىقى ئۈچۈن پايدىلىق ئامىلغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى تولىمۇ قايىللىق ئىلكىدە ھېس قىلىمىز.

دۇنيادا ھېچقانداق مۇناسىۋىتى ۋە باغلىنىشى بولمىغان ھەر قانداق ئىككى خىل نەرسە يوق. بۇ خىل مۇناسىۋەت ۋە باغلىنىشلارنىڭ ماھىيىتى - قانۇنىيىتىنى چۈشىنىدىغانلا بولساق، ئۆزىمىزگە لازىملىق نۇرغۇنلىغان پايدىلىق ئامىللارغا ئېرىشەلەيمىز. ئايروپىلانمۇ كىچىككىنە يىڭناغۇچنىڭ ئىلھامى بىلەن ياسالغانغۇ؟ ئەگەر چاتما ناخشىلىرىمىزدىكى بىرلىك ئامىللىرىدىن ئۈرنەك ئېلىپ ئۈزلۈكسىز ھالدا ئورتاق كۈچ چىقىرىپ، بىرلىكتە كۈرەش قىلىپ ئورنىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ۋە يۈكسەك مىللىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىدىغانلا بولساق، نۆۋەتتىكى كەلگەندە بىزدىكى ئەينەك پارچىلىرىمۇ خۇددى ئۈنچە - مەرۋايىتتەك خەقنىڭ كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتەلەيدۇ.

1997 - يىل 29 - ئىيۇن، مەكىت

---

ئاپتور: مەكىت تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ دىكتورى (M1)

بۇ سان 1997 - يىل 10 - ئاۋغۇستتا تىزىشقا يوللاندى، 30 - سېنتەبىردە باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان مامۇت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)

www.uyghurkitap.com



# ھايات ھەقىقەتلىرى

## ھېكمەتلەر

▲ خەلقىڭ بىلەن كارىڭ يوق، زامانىڭنى ئەيىبلەيسەن. زامانىڭنى ئەيىبلىمەي، ئادەملىرىڭنى ئەيىبلە.

**- ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكى**

▲ ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆز ئېلىڭلاردا بەزى ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ئۆتكەنلىكى بىلەن ماختىنىپ خۇدۇڭلارنى يوقىتىپ قويماڭلار. ئۇ، سىلەرنىڭ تۆھپەڭلار ئەمەس. لېكىن سىلەر ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلغىنىڭلارنى، ئۇلارنىڭ تەلىمىگە قانداق ئەمەل قىلغىنىڭلارنى ئويلاپ باققىنىڭلار تۈزۈك.

**- ئېينىشتېين**

▲ ئەقىل - پاراسەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئادەملەر بەختسىز كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ روھى يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن، ئەمما كۆزلىرى دائىم ياش بىلەن تولغان.

**- جىبران خەلىل جىبران**

---

توپلىغۇچى: **دىلئارام قۇربان** (ئوقۇغۇچى)

▲ ئەتىكى قايغۇغا سەۋەب بولىدىغان بۈگۈنكى خۇشاللىقنىڭ پايدىسى يوق.

▲ ئۆزۈڭگە مۇناسىپ ئورۇننى بىلىپ ئولتۇرساڭ، بۇ ئورۇندىن سېنى ھېچكىم قوزغىيالمايدۇ.

▲ ئايىغىڭىز تېيىلىپ كەتسە بولسا مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزىدۇ. تىلىڭىز تېيىلىپ كەتسە بولسا بېشىڭىزغا پالاكەت كەلتۈرىدۇ.

▲ ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ قوبۇل بولىدىغىنى ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىشتۇر.

## دانالار خەزىنىسى

▲ ئەمگەكسىز كەلگەن راھەت تۇزسىز ئاشقا ئوخشايدۇ.

▲ ھەممىگە قارىغاندا كۆپرەك ئۆز دوستلىرىڭدىن كېلىدىغان زىيانكەشلىكتىن قورق.

▲ دۇنيادا ئاقىلانە سۆز ۋە ياخشى نامدىن باشقىسى ئۇنتۇلىدۇ.

▲ خەتەر ۋە مۇسىبەتلىك كۈننىڭ پايدىلىق تەرىپى شۇكى، بىر - بىرىنى تونىمايدىغان كىشىلەرنىڭ تونۇشۇپ دوست بولۇشلىرىغا يول ئېچىلىدۇ.

▲ يالغانچى ئادەملەرنىڭ بەزى راست سۆزلىرى پەقەت باشقىلارنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن بولىدۇ.

▲ ئۆزى چۈشەنمىگەن سۆزگە ئارىلاشقان كىشى بىھۇدە ئوق ئۈزگەن ئوۋچىغا ئوخشايدۇ.

▲ ياشلىق - بىر بېپەرۋالىق، يىگىتلىك - بىر مۇسابىقە، قېرىلىق بولسا پۇشايماندۇر.

▲ دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر ئىشلارنىڭ ئېغىرى ئۈچتۇر: سىر ساقلاش، ھاقارەتكە چىداش ۋە ئۆمۈرنى توغرا ئۆتكۈزۈشنى بىلىش.

▲ ياغاچنى پالتا بىلەن چاپساڭ، چىپپىندىلارنى پەقەت ئۆز تەرىپىگە توپلايدۇ، بىر تال چىپپىندىنىمۇ تاشقىرىغا چىقارمايدۇ. رەندىلىسەڭ، رەندە قىرىندىلىرىنى تاشقىرىغا چىقىرىپ تاشلايدۇ، ئۆز تەرىپىدە بىر تال قىرىندىنىمۇ قالدۇرمايدۇ. ھەرىدىسەڭ، ھەرە ھەر ئىككى تەرىپىگە كېپەك چۈشۈرىدۇ. تۇرمۇشتا پالتىغا ئوخشاش بېخىل بولۇپ، پەقەت ئۆز مەنپەئەتىڭنىلا ئويلىما، باشقىلارغىمۇ ياردەم بەر. ئەگەر بار - يوقۇڭنى باشقىلارغا سەرپ قىلىپ، نەتىجىدە ئۆزۈڭ موھتاجلىققا چۈشۈپ قالساڭ، رەندىنىڭ ئىشىنى قىلغان بولىسەن - ئەڭ ياخشىسى ھەرىگە ئوخشاش ئىش تۇت، ئۆزۈڭگىمۇ بولسۇن، باشقا كىشىلەرگىمۇ ياردىمىڭ، پايداڭ تەگسۇن.

---

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرلاشتۇرغۇچى: **مۇھەممەتتۇرسۇن يۇسۇپ** (M1)



ئادىل ھوشۇر چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزىغا تارتىلغان 640.7 مېتر ئۇزۇنلۇقتىكى پولات ئارغامچىدىن 13 مىنۇت 48 سېكۇنتتا ئۆتۈپ، ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى كانادالىق كوچرەين 1995 - يىلى 28 - ئۆكتەبىردە بۇ يەردە ياراتقان 53 مىنۇت ئون سېكۇنتتا ئۆتۈشتەك دۇنيا جىننىس رېكورتىنى بىراقلا 39 مىنۇت 63 سېكۇنت ئالدىغا سۈرۈپ، يېڭى دۇنيا جىننىس رېكورتى ياراتتى!

سۈرەتتە: دۇنيا جىننىس رېكورتى كومىتېتى شاڭخەي باش شتابىدىن كەلگەن ۋاڭ ئەپەندى نەق مەيداندا ئادىل ھوشۇرغا دۇنيا جىننىس رېكورتى ئىسپاتنامىسىنى تاپشۇرۇپ بەرمەكتە.

- مۇقاۋىنىڭ 2 -، 3 - بەتلىرىدىكى سۈرەتلەرنى ئۆتكۈر نىجاد تارتقان


《新疆文化》 （维吾尔文）
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1997 - يىل 5 - سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

| | |
|---|---|
| 主管:新疆维吾尔自治区文化厅 | باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى |
| 主办:新疆维吾尔自治区群众艺术馆 | چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى |
| 编辑:《新疆文化》杂志编辑部 | تۈزگۈچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى |
| 地址:乌鲁木齐市新华南路 11 号 | ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 11 - قورۇ |
| 邮编:830002 电话:2306942 | پوچتا نومۇرى: 830002. تېلېفون نومۇرى: 2306942 |
| 印刷:《新疆日报》印刷厂 | باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتى |
| 发行:乌鲁木齐市邮局 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ |
| 订阅:全国各地邮局 | مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ |

| | |
|---|---|
| 国内统一刊号:CN65--1073/I | مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN65-1073/I |
| 本刊代号:58--22 定价:3元 | ۋەكالەت نومۇرى: 22 - 58 باھاسى: 3 يۈەن |



祝贺 达瓦孜·阿迪里
成功跨越长江夔门
破吉尼斯纪录
扬华夏之雄风
中共奉节县委
奉节县人民政府 赠
一九九七年六月二十二日